# شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى

1

1997

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى

ئۇيغۇر كىتاب تورخانىسى
www.uyghurkitap.com

# «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»

(پەسىللىك ئۇنىۋېرسال ئىلمىي ژۇرنال)

1997-يىل 1-سان
ئومۇمىي 35-سان

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر
ئىسلامجان شېرىپ

* * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * *

تەھرىر ھەيئەت پەخرى مۇدىرلىرى:

تۇرسۇن سادىر، ئابدۇرېھىم رەجەپ

دائىمىي مۇدىرى:

ئىسلامجان شېرىپ

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى):

ئابدۇرېھىم رەجەپ، ئابدۇكېرىم راخمان، پەرھات سېيىت، رىشات ئىنايىتۇللا، مەمتىمىن ياسىن، مۇھەممەت رەجەپ، مەمتىمىن شايىدىن، مىجىت ئىمىن، جالالىدىن پازىل، سېيىتنىياز ھەۋەيدۇللا، سەمەت ئەيسا، تۇرسۇن سادىر، شېرىپ ئىمىن، ئىسلامجان شېرىپ

بۇسانىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى:

ئىسلامجان شېرىپ، قەيسەر قەييۇم

بۇسانىڭ مەسئۇل كوررېكتورى:

جالالىدىن پازىل

# بۇ ساندا


## مەنىۋى مەدەنىيەت

دېڭ شياۋپىڭنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى ئون چوڭ ستراتېگىيىلىك تەسەۋۋۇرى ............ خەن چىنپىڭ 1

ئىدىيىۋى سىياسىي تەربىيىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى ............ ئىسلام يۈسۈپ 11

## ئەدەب-ئەخلاق

ئەدەب-ئەخلاق سەھىپىسى ھەققىدە ئىلاۋە ............ ئۆز تەھرىرىمىز 13

ئەدەب-ئەخلاق توغرىسىدا ھېكمەت، ھېكايەت ............ 17

نادانلىق-ياۋۇزلۇق — ناۋايىنىڭ مەنتىقى ئەخلاق كۆز قارىشى توغرىسىدا ...... ئىبراھىم ھەققالۇۋ 26

## مۇقىملىق-ئىتتىپاقلىق، تەرەققىيات

دىنىي مەسىلىلەرنى توغرا ھەل قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتەيلى .... رىزۋانگۈل نىياز 37

## ئىقتىساد، بازار، كارخانا

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدا تەھلىل ............ ھېمىت ھوشۇر 40

دۆلىتىمىزدە زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكى توغرىسىدا ...... ئۆمەر بەكرى 43

## پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەت

مەملىكىتىمىزنىڭ گۈزەللىك توغرىسىدىكى قەدىمكى ئىزدىنىشلىرى ............ سەنئەت ھوشۇر 46

تەتقىقات ئۇچۇرلىرى ............ يۈسۈپجان توختى 49

## ئالىم، تەرمە

ئالاھىدە كىشىلەر ۋە ئالاھىدە تۆھپە — سۇن جۇڭسەن، ماۋزېدۇڭ، دېڭ شياۋپىڭ ... خۇفۇگو 52

زوھىردىن مۇھەممەت بابۇر ............ گۈلنار ئىسمايىل، مېھرىگۈل ھەسەن 54

قازاق ئالىمى، مەشھۇر ئۇيغۇرشۇناس چوقان ۋەلىخانوۋ ............ قادىر ئەكبەر 59

## كلاسسىك ئەدەبىيات ۋە مۇزىكا

ئامانىساخاننىڭ سەھرادىكى يۇرتى توغرىسىدا ............ ئابدۇقادىر داۋۇت 60

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ............ غەيرەت ئوسمان 63

## مائارىپ، تالانت

ئۇيغۇرلارنىڭ ئاھالە ساپاسىغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان مائارىپ ۋە ئىقتىسادىي ئامىللار ئۈستىدە تەھلىل ............ ئىلھام توختى 66

ئادەمنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيىتى ۋە ئۇنىڭ زامانىۋى ئوبرازى ............ ئىسلامجان شېرىپ 70

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي قانۇنىيەتلىرى توغرىسىدا ............ بۇھەيرا ئابلەت 89

خەنزۇ تىلى دەرسىنىڭ دەرسخانا ئوقۇتۇشى ھەققىدە ............ نارمان 95

www.uyghurkitap.com



# دېڭ شياۋپىڭنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى ئون چوڭ ستراتېگىيىلىك تەسەۋۋۇرى

خەن جېنپىڭ

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى — ھازىرقى زامان ماركسىزمىنىڭ ئىلمىي مەزمۇنى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. يېڭى تارىخىي شارائىتتا يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنى ئومۇميۈزلۈك ۋە سىستېمىلىق ئۆگىنىش ۋە ئىگىلەش نۆۋەتتە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ ياخشى يولغا قويۇشىمىزدا مۇھىم يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە.

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن مول. ئۇ، يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگىچە چېتىلىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى ئىلمىي بايانلىرى ۋە ستراتېگىيىلىك تەسەۋۋۇرلىرىنى تۆۋەندىكى ئون مەزمۇنغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

1. ستراتېگىيىلىك ئورۇن نەزەرىيىسى

سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى مەملىكىتىمىز سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە ستراتېگىيىلىك نىشانىدا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم تەرەپ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى مەسىلىسىنى ستراتېگىيىلىك يۈكسەكلىكتىن مۇھاكىمە قىلىشقا بەكمۇ ماھىر. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش باشلانغان چاغدىلا ئۇ مۇنداق دەپ ئېنىق كۆرسەتكەنىدى: «دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىدىغان يېڭى دەۋرگە قەدەم قويدى. بىز ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور دەرىجىدە يۈكسەلدۈرۈش بىلەن بىللە، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈم ۋە سىياسىي تۈزۈمنى ئىسلاھ قىلىپ ھەم مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يۈكسەك سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە مۇكەممەل سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم. بىز يۈكسەك ماددىي مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىش بىلەن بىللە، پۈتۈن مىللەتنىڭ پەن-مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئالىيجاناب، مەزمۇنغا باي مەنىۋى تۇرمۇشنى راۋاجلاندۇرۇپ، يۈكسەك سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىشىمىز لازىم.»[1] ئۇ، پۈتۈن پارتىيىنى قايتا-قايتا مۇنداق دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ: «مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلمىسە، ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمۇ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ، ئەگرى يولغا كىرىپ قالىدۇ.»[2] «كەيپىيات يامانلىشىپ كېتىۋەرسە، ئىقتىسادىي جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازانغاننىڭ نېمە ئەھمىيىتى قالىدۇ؟ يەنە بىر تەرەپتىن ئاينىش يۈز بېرىدۇ»[3]. 1992-يىل 1-ئايدا، ئۇ جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان سۆزىدە ئىككى قول بىلەن تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇشنى ئالاھىدە تەكىتلىدى ھەمدە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ، مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «ئىقتىسادنىلا يۈكسەلدۈرۈپ قالماستىن، جەمئىيەت تەرتىپى، ئىجتىمائىي كەيپىياتنىمۇ ياخشىلىشى لازىم» ئىككى مەدەنىيەت كاپىتالىزمنىڭكىدىن ئېشىپ كېتىشى كېرەك، «مۇشۇنداق قىلىشنىڭ ئۆزى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرغانلىق بولىدۇ»[4]. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ يۇقىرىدىكى ھۆكۈملىرى ئىلمىي سوتسىيالىزم نەزەرىيىسىگە قوشۇلغان زور تۆھپە ۋە تەرەققىيات بولۇپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ستراتېگىيىلىك ئورنىنى توغرا بىلىۋېلىشىمىز ئۈچۈن نەزەرىيىۋى ئاساس يەتكۈزۈپ بەردى. بۇ ھۆكۈملەر بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدىكى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت بىرلىككە كەلگەن سوتسىيالىزم. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ستراتېگىيىلىك ئورنىنى تەۋرىتىشكە بولمايدۇ. مەنىۋى مەدەنىيەتنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە ئىقتىسادنىڭ بىر مەھەل تەرەققىي قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ ئومۇمىي

---

① «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 2-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 449-بەت.

② «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 3-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 292-بەت.

③ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 3-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 314-بەت.

④ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 3-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 790-بەت.

ئورۇنلاشتۇرۇشقا خىلاپلىق قىلغانلىق بولىدۇ. بۇ، ئەمەلىيەتتە بەكمۇ زىيانلىق، شۇنداقلا ئاقمايدۇ. شۇڭا، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ستراتېگىيىلىك ئورنىنى مەملىكىتىمىز سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇشىنىڭ يۇكسەكلىكىدىن توغرا تونۇپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي چىڭ تۇتىشىمىز لازىم.

2. ماسلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇش نەزەرىيىسى

سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت — ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ داۋامى ۋە تەرەققىياتى. سوتسىيالىزم تۈزۈمى شارائىتىدا ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت ماسلىشىپ ئىلگىرلەيدۇ، بىللە تەرەققىي قىلىدۇ. ئىككى مەدەنىيەتنىڭ ماسلىشىپ تەرەققىي قىلىشى — سوتسىيالىزم جەمئىيىتى ئومۇمىي تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى. ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان ئاساسى. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، ئۆز نۆۋىتىدە، ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىلگىرى سۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. دەل مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ تەكىتلەپ كۆرسەتتى: «جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك جەمئىيەت قۇرۇشتا، چوقۇم ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم».①

ئالدى بىلەن، ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان ئاساس، ئۇ، مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن زۆرۈر ماددىي شەرت-شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ. خۇددى لېنىن كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك «مەدەنىيەتلىك دۆلەت بولۇش ئۈچۈن خېلى تەرەققىي قىلغان ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى، خېلى زور ماددىي ئاساس بولۇشى كېرەك».② مۇبادا ماددىي بۇيۇملار مول بولمىسا، ئىقتىساد گۈللەنمىسە، مائارىپ، ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى مۇقەررەر چەكلىنىپ قالىدۇ. كىشىلەرنىڭ مەنىۋى قىياپىتى ۋە سوتسىيالىستىك ئەخلاق كەيپىياتىمۇ خىلمۇ-خىل توسالغۇغا ئۇچرايدۇ. شۇڭا يولداش دېڭ شياۋپىڭ بەكمۇ ئېنىق ھالدا مۇنداق كۆرسەتتى: «ماددا — ئاساس، خەلقنىڭ ماددىي تۇرمۇشى ياخشىلانسا، مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئۆسسە، روھىي قىياپىتىدە زور ئۆزگىرىش بولىدۇ».③ «ئىنقىلاب ماددىي مەنپەئەت ئاساسىدا قوزغىلىدۇ، ئەگەر پىداكارلىق روھىلا تەكىتلىنىپ، ماددىي مەنپەئەتكە ئەھمىيەت بېرىلمىسە، ئۇ، ئىدىيالىزم بولىدۇ».④ دېمەك، ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بارغاندىلا، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ماددىي شەرت-شارائىت يارىتىپ بەرگىلى بولىدۇ. ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ياخشى ئېلىپ بېرىلمىسا، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۇزاققا داۋام قىلالمايدۇ، تېخىمۇ يۇقىرى دەرىجىگە تەرەققىي قىلىپمۇ بارالمايدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ماددىي مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ۋە ئەقلىي كۈچ تۆۋرۈكنى ھازىرلاپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ توغرا تەرەققىيات يۆنىلىشىنى كۈچلۈك ئىدىيىۋى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ، يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدە كەڭ ئەمگەكچىلەر يۇكسەك سىياسىي ئاڭغا ئىگە. ئۇلار ئاڭلىق ھالدا قىزغىنلىق تەتقىق قىلىپ، پەن-مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدا كاپىتالىزمنىڭكىدىنمۇ يۇقىرى ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى يارىتىدۇ».⑤ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، خەلقنىڭ ئىدىيە ۋە سىياسىي ئېڭىنى ئۆستۈرگەندە، ئۇلارنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇشتىكى ئەمگەك قىزغىنلىقى ۋە ئىجادىي روھىنى قوزغىغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان قۇدرەتلىك روھىي كۈچ شەكىللىنىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ جۇڭگو ئىنقىلابىي ۋە قۇرۇلۇشىنىڭ تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەش ئارقىلىق مۇنداق دەپ ئېنىق كۆرسەتتى: «ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىزنى يالغۇز ماددىي شارائىتقا تايىنىش بىلەنلا غەلىبىگە ئېرىشتۈرگىلى بولمايدۇ.» «بۇنداق⑥ مەنىۋى مەدەنىيەت، كوممۇنىستىك ئىدىيە، كوممۇنىستىك ئەخلاق بولمىسا، سوتسىيالىزمنى قانداقمۇ قۇرغىلى بولسۇن؟»⑦ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىدىيىسىگە ئاساسلانغاندا، ئەڭ ئاخىرقى مەنىدىن ئېيتقاندا، ماددىي مەدەنىيەت مەنىۋى مەدەنىيەتنى بەلگىلەيدۇ. مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ماددىي مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا بېقىنىدۇ. لېكىن بۇنداق بېقىنىش ماددىي مەدەنىيەت ياخشى بولغا قويۇلسا مەنىۋى مەدەنىيەت-نىڭ شۇنىڭغا ئەگىشىپ ياخشى بولۇپ كېتىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئىلگىرىلىشى پەقەت

---

① «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 3-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 225-بەت.
② «لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى» 4-توم، خەنزۇچە نەشرى، 688-بەت.
③ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 3-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 181-بەت.
④ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 2-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 312-بەت.
⑤ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 2-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 188-بەت.
⑥ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 3-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 292-، 293-بەتلەر.
⑦ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 2-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 795-بەت.

www.uyghurkitap.com



ماددىي مەدەنىيەتتىنلا بولغان ئەمەس. بەلكى ئىككى مەدەنىيەتنىڭ بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسىتىشىدىن بولغان، ئىككى مەدەنىيەت ماسلىشىپ تەرەققىي قىلغاندىلا، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق ئىلگىرىلىيەلەيدۇ.

3. ئاساسىي مەزمۇن نەزەرىيىسى

يولداش دېڭ شياۋپىڭ ماركسىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى ۋە مەملىكىتىمىز سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى ئىلمىي يىغىنچاقلىدى. 1980-يىل 12-ئايدا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ بىر قېتىملىق مۇھىم نۇتۇقىدا مۇنداق دەپ ئېنىق كۆرسەتتى: «مەنىۋى مەدەنىيەت دېگىنىمىز مائارىپ، ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت (بۇ ساھەلەر تامامەن زۆرۈر) نىلا ئەمەس، كوممۇنىستىك ئىدىيە، غايە، ئېتىقاد، ئەخلاق، ئىنتىزام، ئىنقىلابىي مەيدان ۋە پرىنسىپنى، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى يولداشلارچە مۇناسىۋەتنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنىمۇ كۆرسىتىدۇ»[1] كېيىن پارتىيىنىڭ 12-قۇرۇلتاي دوكلاتىدا تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا مۇنداق دەپ ئېنىق كۆرسەتتى: «سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئومۇمەن مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپكە بۆلۈشكە بولىدۇ. بۇ ئىككى تەرەپ بىر-بىرىگە سىڭىشىدۇ، بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ»[2] مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ بىر مۇھىم مەزمۇنى، يەنە كېلىپ ئاساسىي مەزمۇنى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ پەن-مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا بەكمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئىلىم-پەن، مائارىپ خىزمىتىنى تۇتمىساق، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ ھەم ئۇ قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ»[3]، ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشنىڭ مەزمۇنى ئۈستىدە توختالغاندا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلارغا ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەش، ئومۇملۇققا بويسۇنۇش، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش، پاك-دىيانەتلىك بولۇش روھىنى جارى قىلدۇرۇش، كوممۇنىستىك ئىدىيە ۋە كوممۇنىستىك ئەخلاقتا چىڭ تۇرۇش توغرىسىدا تەربىيە بېرىش كېرەك»[4]. بەزىلەرنىڭ كوممۇنىستىك ئىدىيە ۋە ئەخلاققا قىلغان بىر تەرەپلىمە ھۇجۇمىغا قارىتا يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ ئېنىق كۆرسەتتى: «بىز يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب مەزگىلىدىلا، پۈتكۈل خىزمەتكە كوممۇنىستىك ئىدېئولوگىيە بىلەن يېتەكچىلىك قىلغان؛ كوممۇنىستلار ۋە ئىلغارلارنىڭ سۆز ھەرىكىتىنى كوممۇنىستىك ئەخلاق بىلەن تىزگىنلىگەن؛ (جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن ئىشلەش)، (شەخس تەشكىلگە بويسۇنۇش)، (ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەش)، (قىلچىمۇ ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلىمەي، باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەش)، (جاپادىنمۇ، ئۆلۈمدىنمۇ قورقماسلىق) نى تەشەببۇس قىلغان ۋە شۇنداق قىلغانلارنى تەقدىرلىگەن ئىدۇق. بىز سوتسىيالىزم دەۋرىگە ئاللىقاچان قەدەم قويغان بۈگۈنكى كۈندە، بەزىلەر بۇ سەلتەنەتلىك ئىنقىلابىي شوئارلارنى ئېيمەنمەستىن 〈تەنقىد〉 قىلدى. ۋاھالەنكى بۇنداق تېتىقسىز، بىمەنە 〈تەنقىد〉 تېگىشلىك تۈردە توسۇلۇش تۈگۈل، قوشۇنىمىزدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ ھېسداشلىق ۋە قوللىشىغا ئىگە بولدى. پارتىيىۋىلىككە، ئىنقىلابىيلىققا ئىگە ھەربىر كوممۇنىست بۇنداق ئەھۋالنىڭ داۋام قىلىۋېرىشىغا تاقەت قىلىپ تۇرالامدۇ؟»[5] شۇڭا، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى داۋامىدا، سوتسىيالىستىك ۋە كوممۇنىستىك ئىدىيىۋى ئەخلاقنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىش كېرەك. بولۇپمۇ ھەربىر كوممۇنىست بۇ نۇقتىنى ئالدى بىلەن تېخىمۇ تىرىشىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇشى كېرەك. «ئەگەر بىر كوممۇنىستتا بۇنداق روھ بولمىسا، ئۇنى ھەرگىز لاياقەتلىك كوممۇنىست دەپ ھېسابلىغىلى بولمايدۇ، بۇنىڭ بىلەنلا قالماي بىز يەنە بۇنداق روھنى ئۇنلۇك خىتاپ قىلىش ۋە ئۆزىمىز ئۈلگە كۆرسىتىش ئارقىلىق پۈتۈن خەلق ئىچىدە ۋە بارلىق ياشلار، ئۆسمۈرلەر ئىچىدە ئومۇملاشتۇرۇپ، جوڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىي تۈۋرۈكىگە ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەككى، دۇنيادىكى ئىنقىلابىي، تەرەققىپەرۋەرلىكنى تەلەپ قىلىدىغان بارلىق كىشىلەر ئۇنىڭغا ئىنتىلىدىغان بولسۇن، دۇنيادىكى روھسىزلىق، مىسكىنلىك ئىچىدە يۈرگەن نۇرغۇن كىشىلەرمۇ ئۇنىڭدىن زوقلىنىدىغان بولسۇن»[6]

4. تۈپ نىشان نەزەرىيىسى

سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ تۈپ نىشانى ۋە ۋەزىپىسىنى توغرا بىلىش-بىلمەسلىك ھەمدە ئىگىلەش-ئىگىلىمەسلىك — سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈنۈمىنىڭ قانداق بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلە. تۈپ ۋەزىپىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، تۈپ نىشاننى ئىگىلىگەندىلا، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمىزدا ئاچقۇچنى تۇتۇپ، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. 1982-يىل 7-ئايدىلا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ھەربىي

---

① «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 2-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 794-بەت.
② «12-قۇرۇلتايدىن بۇيانقى مۇھىم ھۆججەتلەردىن تاللانمىلار» 1-قىسمى، خەنزۇچە نەشرى، 29-بەت.
③ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 2-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 145-بەت.
④ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 2-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 794-بەت.
⑤ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 2-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 795-، 796-بەتلەر.
⑥ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 2-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 797-بەت.

كومىتېتىنىڭ سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش، بۇنىڭدا ئاساسلىقى، ھەر مىللەت خەلقىنى غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق خەلققە ئايلاندۇرۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.»[1] 1983-يىل 4-ئايدا دېڭ شياۋپىڭ ھىندىستان كوممۇنىستىك پارتىيىسى (ماركسىزمچى) مەركىزى كومىتېتىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن كۆرۈشكەندە قىلغان سۆزىدە يەنە مۇنداق دەپ تەكىتلىدى: «سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىشىمىز كېرەك، بۇنىڭ تۈپ نېگىزى كەڭ خەلقنى كوممۇنىستىك غايىگە ئىگە، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك ۋە ئىنتىزاملىق قىلىشتىن ئىبارەت»[2] كېيىن «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يېتەكچى فاڭجېنى توغرىسىدىكى قارارى»دا: «غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان سوتسىيالىستىك پۇقرالارنى يېتىلدۈرۈپ، پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىدىيە-ئەخلاق سۈپىتى ۋە پەن-مەدەنىيەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش»نى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى ۋە تۈپ نىشانى قىلىپ بەلگىلىدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ قارىشىچە، «تۆت بولۇش» ئورگانىك پۈتۈنلۈك، لېكىن ئەڭ مۇھىمى غايىلىك بولۇش ۋە ئىنتىزامچان بولۇشتىن ئىبارەت. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «بىز ئەزەلدىن غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق بولۇشنى قۇۋۋەتلەپ كېلىۋاتىمىز. بۇنىڭ ئىچىدە غايىلىك بولۇش، ئىنتىزاملىق بولۇش ھەممىدىن مۇھىم.»[3] غايە — كۈچ مەنبەسى، «بىز ئىلگىرى ئىنتايىن قىيىن شارائىتتا كۈرەش قىلىپ، تۈرلۈك-تۈمەن قىيىنچىلىقلارنى ۋە خېيىم-خەتەرنى يېڭىپ، ئىنقىلابنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈشكە نېمە ئۈچۈن مۇۋەپپەق بولالىدۇق؟ بىز غايىلىك بولغانلىقىمىز، ماركسىزم ۋە كوممۇنىزمغا ئېتىقاد قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن مۇۋەپپەق بولالىدۇق»[4] غايە ۋە ئېتىقاد قىيىنچىلىقنى يېڭىپ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىزدىكى كۈچىمىزنىڭ مەنبەسى، غايە بولۇش بىلەن بىللە ئىنتىزامىمۇ بولۇشى كېرەك. ئىنتىزاملىق بولۇش — پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئوڭۇشلۇق ئىزچىللاشتۇرۇش، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلىتىشنىڭ مۇھىم كاپالىتى، خۇددى يولداش دېڭ شياۋپىڭ كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «شۇنچە چوڭ دۆلىتىمىزدە ئىتتىپاقلىق ۋە ئۇيۇشۇشقاقلىق قانداق قىلغاندا ئەمەلگە ئاشىدۇ؟ بىرىنچىدىن، غايىلىك؛ ئىككىنچىدىن، ئىنتىزاملىق بولغاندا ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئۇيۇشقاندىلا كۈچ ھاسىل بولىدۇ. غايە بولمىسا، ئىنتىزام بولمىسا كونا جۇڭگودىكىگە ئوخشاش قۇمدەك چېچىلىپ كېتىمىز. ئۇنداقتا ئىنقىلابىمىزنى قانداقمۇ ۋۇجۇدقا چىقىرالايمىز؟ قۇرۇلۇشىمىزنى قانداقمۇ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرەلەيمىز»[5] قىسقىسى، «جۇڭگودا سوتسىيالىستىك تۈزۈمدە چىڭ تۇرۇش، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن لا غايە بولمىسا بولمايدۇ. ئىنتىزام بولمىسىمۇ بولمايدۇ.»[6]

5. يېتەكچى ئىدىيە نەزەرىيىسى

مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى قانداق نەزەرىيىنى يېتەكچى قىلىشى كېرەك؟ بۇ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ خاراكتېرى ۋە تەرەققىيات يۆنىلىشىگە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق ھېسابلايدۇ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشتا ماركسىزمنى يېتەكچى قىلىش كېرەك. بۇ، مەملىكىتىمىز سوتسىيالىستىك تۈزۈمىنىڭ خاراكتېرى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن، شۇنداقلا بۇ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى تەلىپى. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ساغلام راۋاجلىنىشىنىڭ تۈپ كاپالىتى. ماركسىزم — سوتسىيالىستىك ئىدېئولوگىيىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، پۈتكۈل مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمىز، جۈملىدىن غايە، ئەخلاق، مەدەنىيەت، دېموكراتىيە، قانۇن-تۈزۈم ئىدىيىسى قۇرۇلۇشلىرىمىز ماركسىزمنىڭ يېتەكچىلىكىدىن ئايرىلالمايدۇ، ماركسىزم-لىق نەزەرىيە قۇرۇلۇشىدىن ئايرىلالمايدۇ. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ ھەرقايسى قاتلام، ھەرقايسى تارماقلىرىدا ماركسىزم باشتىن-ئاخىر يادرولۇق ئورۇندا تۇرىدۇ. ئىدىيە-ئەخلاق قۇرۇلۇشى بولسۇن، پەن-مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بولسۇن ھېچقايسىسى ماركسىزملىق ئىلمىي نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدىن ئايرىلالمايدۇ. ماركسىزم سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، سوتسىيالىستىك ئىدېئولوگىيىدە باشتىن-ئاخىر يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەيدۇ: ئىدىيە سېپىدە «روھىي ئىنژېنېر بولغان» يولداشلىرىمىز «ماركسىزم بايرىقىنى، سوتسىيالىزم بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈشى كېرەك»[7] ماركسىزمنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىلىرىنى ئىگىلىگەندىلا، «سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي جەھەتتىكى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى يېڭى ھەم ئاساسىي مەسىلىلەرنى ماركسىزمنىڭ

---

① «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 2-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 879-، 880-بەتلەر.
② «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 3-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 55-بەت.
③ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 3-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 429-بەت.
④ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 3-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 226-بەت.
⑤ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 3-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 228-، 229-بەتلەر.
⑥ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 3-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 253-بەت.
⑦ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 3-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 79-بەت.

تۆپ قائىدىسى ۋە ئۇسۇلى بويىچە پائال تەتقىق قىلىش ۋە ھەل قىلىش ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرەلەيمىز.»[1] ئەلۋەتتە، «ماركسىزم نەزەرىيىسى ئەزەلدىن دوگما بولماستىن، ھەرىكەتىمىزنىڭ قىبلىنامىسى بولۇپ كەلدى. ماركسىزم شۇنى تەلەپ قىلىدۇكى، كىشىلەر ئۇنىڭ تۈپ قائىدىسى ۋە ئاساسىي ئۇسۇلىنى ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ئەمەلىيەتكە ئۈزلۈكسىز بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭدىن يېڭى مەسىلىلەرگە جاۋاب تېپىشى، شۇنىڭ بىلەن ماركسىزم نەزەرىيىسىنىڭ ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى لازىم»[2] نەزەرىيە دېگەندەك روشەن بولمايدۇ، ھاياتلىق دەرىخى بولسا دائىم كۆكىرىپ تۇرىدۇ. ماركسىزم نەزەرىيىسىنى ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارى ۋە ھاياتى كۈچىنى مەڭگۈ ساقلاپ قېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلماقچى بولىدىكەنمىز، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە ئەمەلىيىتىمىزگە ماركسىزم نەزەرىيىسى ئارقىلىق يېتەكچىلىك قىلىپ، يېڭى ئەھۋاللارنى تېپىپ، يېڭى مەسىلىلەرنى ئۈزلۈكسىز ھەل قىلىپ بېرىشىمىز لازىم.

6. توغرا يۆنىلىش نەزەرىيىسى

سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىلمىي نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكىگە مۇھتاج بولۇپلا قالماستىن، بەلكى توغرا نەزەرىيىنى ياخشى ئىگىلەشكىمۇ مۇھتاج. يۆنىلىش ۋە نىشاننىڭ توغرا بولۇش-بولماسلىقى بەكمۇ مۇھىم مەسىلە. يولداش دېڭ شياۋپىڭ پارتىيىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىشتىكى تارىخىي تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلاپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت توغرا يۆنىلىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇنىڭ بىلەن، پارتىيىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئىدىيە ۋە نەزەرىيىسىنى بېيىتتى ۋە راۋاجلاندۇردى. 1978-يىلى مەملىكەتلىك ئىلىم-پەن يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆزلىگەن نۇتۇقىدا يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئېنىق قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئىشچىلار سىنىپىنىڭ زىيالىيلىرى «سوتسىيالىزم ئۈچۈن، ئىشچى-دېھقان ئەسكەرلەر ئۈچۈن ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئاڭلىق خىزمەت قىلىشى كېرەك»[3] بۇنىڭدا زىيالىيلارنىڭ دۇنيا قارىشى مەسىلىسنى شەرھلەپلا قالماستىن، بەلكى سوتسىيالىستىك مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەقسىتىنىمۇ ئېچىپ بەردى ھەمدە سوتسىيالىستىك مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ خاراكتېرىنى كۆرسىتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ توغرا يۆنىلىشىنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى. سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەت سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. بۇنى مەملىكىتىمىز مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ خاراكتېرى ۋە ۋەزىپىسى بەلگىلىگەن. مەنىۋى مەدەنىيەت — مەدەنىيەت كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ نەرسە. ئۇ مۇئەييەن ئىجتىمائىي ئىقتىساد ۋە سىياسىنىڭ ئىنكاسى سۈپىتىدە، ئۇنىڭ خاراكتېرى ئىجتىمائىي ئىقتىساد ۋە سىياسىنىڭ خاراكتېرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. مەملىكىتىمىز — سوتسىيالىستىك دۆلەت. سوتسىيالىستىك تۈزۈم ۋە ئىقتىساد ئۈستىگە قۇرۇلغان مەنىۋى مەدەنىيەت سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى: سوتسىيالىستىك ئىقتىساد ۋە قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، ئىقتىسادىي تۈزۈم ۋە سىياسىي تۈزۈمنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ئۈچۈن يول ئېچىپ بېرىشتىن ئىبارەت. شۇڭا يولداش دېڭ شياۋپىڭ مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرىنىڭ ۋەزىپىسى ئۈستىدە توختالغاندا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىش، «سوتسىيالىستىك جۇڭگونىڭ غايەت زور مۇۋەپپەقىيىتى ۋە چەكسىز ئىستىقبالىنى، سوتسىيالىستىك جۇڭگونىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنىڭ زامانىمىزدىكى ياشلارنىڭ ئەڭ يۈكسەك ۋەزىپىسى ۋە شان-شەرىپى ئىكەنلىكىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىش»[4] كېرەك. بۇنداق قىلىشتىن مەقسەت سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، بۇنىڭ بىلەن، سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلىتىشتىن ئىبارەت.

سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئاماھەن بىردەك. سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەقسىتى — كەڭ خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى ئەڭ زور چەكتە قاندۇرۇش. بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، كىشىلەرنىڭ ماددىي تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش بىلەن بىللە، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇش ئېھتىياجىنىمۇ ئەڭ زور چەكتە قاندۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمىز، بىر تەرەپتىن، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، كەڭ خەلققە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئىلمىي نەزەرىيىۋى يېتەكچىلىك، ئىدىيىۋى ئاسلىس ۋە روھى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ يەتكۈزۈپ بېرىشى كېرەك. خۇددى يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئېيتقاندەك: «مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمىز خەلقنى تىرىشىپ سوتسىيالىستىك ئىدىيە بىلەن تەربىيىلەپ، ئۇلارنى پائال ئالغا ئىنتىلىش، جاسارەت بىلەن ئىشلەش روھىغا ئىگە قىلىشى»، «كەڭ ئاممىنىڭ سوتسىيالىستىك

① «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 3-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 300-بەت.
② «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 3-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 299-بەت.
③ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 2-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 196-بەت.
④ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 2-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 551-بەت.

ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، ئۇلارنىڭ سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت تارىخىي خاراكتېرلىك ئىجادىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا تۈرتكە بولۇشى كېرەك»[1] بۇ ھەم خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ھەم سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ۋە خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش — سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ توغرا يۆنىلىشى. بۇ يۆنىلىشتىن چەتنىگەن ھامان مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى تويۇق يولغا كىرىپ قالىدۇ. 1983-يىل 10-ئايدا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ پارتىيىنىڭ 12-نۆۋەتلىك 2-ئومۇمىي يىغىنىدىكى سۆزىدە بەزى ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمەتچىلىرىنىڭ يۆنىلىشتىن ئېغىپ كېتىشتەك خاتالىقىنى كۆزدە تۇتۇپ مۇنداق دەپ ئېنىق كۆرسەتتى: «بەزى كىشىلەر پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويغان ئەدەبىيات-سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش شوئارىغا سوغۇق پوزىتسىيە تۇتتى. ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ سوتسىيالىستىك يۆنىلىشكە سوغۇق پوزىتسىيە تۇتتى. پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئىنقىلابىي تارىخىنى ۋە ئۇلارنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدا قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلىپ كۆرسەتكەن خىزمىتىنى ئىپادىلەشكە ۋە مەدھىيىلەشكە قىزغىن ئىشتىياق باغلىمىدى. ئۇلار سوتسىيالىزم ئىشلىرى داۋامىدا ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە پارتىيىگە خىلاس ئاكتىپ ئىنقىلابىي مەيداندا تۇرۇپ، ئاممىنىڭ تونۇشىنى ئۆستۈرۈش، قىزغىنلىقىنى قوزغاش، ئىشەنچىنى چىڭىتىش يولىدا ھېچ قانداق ئىش كۆرمىدى.»[2] بۇ — بىر خىل نورمال بولمىغان ھادىسە. ئەستايىدىل تۈزىتىش كېرەك. سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش — سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ تۈپ پرىنسىپى، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك مەنىۋى ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ يۈكسەك مەجبۇرىيىتى ۋە مۇقەددەس بۇرچى. نەزەرىيە، تەشۋىقات، ئەدەبىيات-سەنئەت، ئاخبارات ۋە نەشرىيات خىزمەتچىلىرى ئەمەلىيەت جەريانىدا، سوتسىيالىزم ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرمىسا، بۇ بىر خىل ئېغىر مەسئۇلىيەتسىزلىك بولىدۇ.

7. سۇبيېكت كۈچ نەزەرىيىسى

سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى كىمگە تايىنىپ ئېلىپ بېرىلىدۇ؟، تايانچ كۈچ كىم؟ كىم رەھبەرلىك قىلىدۇ ھەم ئويۇشتۇرىدۇ؟ بۇ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋەزىپىسىنى قەيەرگە ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ھالقىلىق مەسىلە. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ دۆلەت ئەھۋالى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، مەملىكىتىمىز مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ سۇبيېكتىپ قۇرۇلمىسىنى تەتقىق قىلىپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ سۇبيېكتى، تايانچ كۈچى ۋە رەھبىرىي كۈچىنى چوڭقۇر يېشىپ بەردى.

ھەممىدىن ئاۋۋال، يولداش دېڭ شياۋپىڭ خەلق ئاممىسىنى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنى ياراتقۇچى ۋە قۇرۇپ چىققۇچى دەپ قارىدى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ئەزەلدىنلا تارىخنى ئىلگىرىلەتكەن كۈچ خەلق ئاممىسى دەپ قاراپ كەلدى.»[3] خەلق ئاممىسى تارىخنى ياراتقۇچى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمگىكى ئارقىلىق ماددىي بايلىق يارىتىپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ مول ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت تەجرىبىلىرى ئارقىلىق ئىدىيە ۋە مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن مول مەنىۋى ئوزۇق يەتكۈزۈپ بەردى. خەلق ئاممىسى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ سۇبيېكت كۈچى، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭمۇ سۇبيېكت كۈچى.

ئۇنىڭدىن قالسا، زىيالىيلار سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ تايانچ كۈچى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مەملىكەتلىك ئىلىم-پەن يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆزلىگەن نۇتۇقىدا مۇنداق دەپ ئېنىق كۆرسەتتى: «كەسپىي ئىلمىي تەتقىقات قوشۇنى — ئىلىم-پەن خىزمىتىدىكى تايانچ كۈچ.»[4] مەملىكىتىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچىدا زىيالىيلار ئىشچىلار سىنىپىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالدى: «ئەقلىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارمۇ ئەمگەكچىلەر.»[5] بولۇپمۇ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى دەۋرىدە، ئەقلىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغان زىيالىيلارنىڭ سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش جەريانىدىكى رولى بارغانسېرى روشەن، بارغانسېرى مۇھىم بولماقتا. زىيالىيلار بارلىق ئىلىم-پەن بىلىملىرىنى يارىتىش، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش، ئۇنى تەتبىقلاش ۋە تارقىتىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ. ئۇلار — سوتسىيالىستىك مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئاساسىي كۈچ، شۇنداقلا تايانچ كۈچ. دەل مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن «پۈتۈن پارتىيىمۇ، پۈتۈن جەمئىيەتمۇ بىلىمگە ھەقىقىي ھۆرمەت قىلىشى، زىيالىيلارنىڭ رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇش كېرەك. شۇنداق قىلساق، زامانىۋىلاشتۇرۇش نىشانىنى جەزمەن پەيدىنپەي

① «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 2-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 452-، 453-بەتلەر.
② «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 3-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 85-، 86-بەتلەر.
③ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 2-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 91-بەت.
④ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 2-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 207-بەت.
⑤ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 2-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 86-بەت.

ئەمەلگە ئاشۇرالايمىز»[1]

ئۇنىڭدىنمۇ قالسا، كوممۇنىستىك پارتىيە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى رەھبىرى كۈچ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «پارتىيىمىزنى ماركسىزمچە، جەڭگىۋار پارتىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىدىغان مۇستەھكەم يادروغا ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك».[2] پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش — سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى، كوممۇنىستىك پارتىيە — سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ رەھبىرىي كۈچى. شۇنداقلا سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ رەھبىرىي كۈچى. «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىن ئايرىلغاندا، سوتسىيالىستىك ئىقتىساد، سىياسىي، ھەربىي ۋە مەدەنىيەتنى كىم ئۇيۇشتۇرىدۇ؟ جۇڭگونىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشىنى كىم ئۇيۇشتۇرىدۇ.»[3]

8. ئاساسىي قۇرۇلۇش نەزەرىيىسى

سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ توپ ۋەزىپىسى ۋە نىشانى «تۆت بولۇش»نى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان يېڭى كىشلەرنى تەربىيىلەپ، پۈتۈن مىللەتنىڭ ئىدىيە، مەدەنىيەت، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئىكەن، ئۇ ھالدا ئىقتىساسلىقلارنى يېتىشتۈرىدىغان مائارىپ پائالىيىتى مۇقەررەر ھالدا سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشى بولىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ئاساسەن، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى، بولۇپمۇ پۈتكۈل زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى ئورنى ۋە رولىنى ئىلمىي دەلىللىدى.

دېڭ شياۋپىڭنىڭ قارىشىچە، مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش — بىر ستراتېگىيىلىك مەسىلە. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «پەن-تېخنىكا ساھەسىدىكى ئىقتىساسلىق كىشلەرنى يېتىشتۈرۈشنىڭ ئاساسى مائارىپتا.»[4]، «مائارىپقا سەل قارايدىغان رەھبەر يىراقنى كۆرەلمەيدىغان، پىشمىغان رەھبەر بولۇپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلالمايدۇ.»[5] 1985-يىلى ئېچىلغان مەملىكەتلىك مائارىپ خىزمىتى يىغىنىدا يولداش دېڭ شياۋپىڭ يەنە بىر قېتىم تەكىتلەپ مۇنداق كۆرسەتتى: « مەركىزىي كومىتېت مائارىپنى ئىنتايىن زور تىرىشچانلىق بىلەن تۇتۇشنى، تۇتقاندىمۇ باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپتىن باشلاپ تۇتۇشنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇ — ستراتېگىيىلىك نەزەر بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىر تەدبىر. ئەگەر پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئالدىغا ھازىر مۇشۇنداق ۋەزىپە قويۇلمىسا، چوڭ ئىشقا دەخلى يېتىدۇ، تارىخىي جاۋابكارلىققا تارتىلىشقا توغرا كېلىدۇ.»[6] مائارىپ خىزمىتىنى ئىنتايىن زور تىرىشچانلىق بىلەن تۇتقاندىلا، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمىز ئاساسقا ئىگە بولىدۇ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىمىزمۇ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلالايدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ بىزدىن مائارىپنىڭ ستراتېگىيىلىك ئورنىنى پارتىيە خىزمىتى مۇھىم نۇقتىسىنىڭ يۆتكىلىش يۈكسەكلىكىدىن تولۇق تونۇشنى تەلەپ قىلىپ مۇنداق كۆرسەتتى: «پۈتۈن پارتىيە خىزمىتىنىڭ، پۈتۈن دۆلەت خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى يۆتكىدۇققۇ؟ بۇ مۇھىم نۇقتا مائارىپنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك ئىدى. بىرەر رايون، بىرەر تارماق ئىقتىسادنىلا تۇتۇپ، مائارىپنى تۇتمىسا، شۇ جايدا خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئوبدان يۆتكەلمىگەن ياكى تولۇق يۆتكەلمىگەن بولىدۇ.»[7] مائارىپ خىزمىتىنى تۇتۇشنىڭ ستراتېگىيىلىك ئەھمىيىتىنى پۈتۈن ئىگىلىك ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىنى ئاساس قىلىپ چوڭقۇر تونۇغاندىلا، مائارىپ خىزمىتىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، بولۇپمۇ پۈتكۈل زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم ئورنىنى ھەقىقىي توغرىلىغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مائارىپ خىزمىتىنى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

9. فاڭجېن پرىنسىپ نەزەرىيىسى

مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ توغرا يۆنىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن توغرا فاڭجېن، پرىنسىپنى يېتەكچى قىلىش زۆرۈر. توغرا فاڭجېن ۋە پرىنسىپ بولغاندىلا مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ھەر خىل زور مەسىلەرنى ئىلمىي ھەل قىلىپ، بۇنىڭ بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىنى تېخىمۇ ئوبدان ئىلگىرى سۈرۈشىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مەملىكىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمىزنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى مەملىكىتىمىز مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى مول تەجرىبىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى

---

[1] «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 3-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 140-بەت.
[2] «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 3-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 77-بەت.
[3] «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 2-توم، خەنزۇچە نەشرى، 171-بەت.
[4] «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 2-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 203-بەت.
[5] «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 3-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 247-بەت.
[6] «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 3-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 246-بەت.
[7] «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 3-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 247-بەت.

مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ بىر قاتار مول تەجرىبىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇنىڭ بىلەن يېڭى دەۋردىكى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشىمىز ئۈچۈن ئىلمىي يېتەكچى پرىنسىپ تۇرغۇزۇپ بەردى.

بىرىنچى، ئىجتىمائىي ئۈنۈم پرىنسىپى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئېنىق قىلىپ مۇنداق كۆرسەتتى: ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمەتچىلىرى «باشتىن ئاخىر بوشاشماي كەڭ ئاممىغا يۈزلىنىشى، بەدىئىي جەھەتتە ئۆز ماھارىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى، قولىنىڭ ئۇچىدا كەلسە-كەلمەس ئىشلەپ قويۇشتىن ساقلىنىشى، ئۆز ئەسىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ئۈستىدە ئەستايىدىللىق ۋە تەلەپچانلىق بىلەن ئويلىنىشى، خەلققە ئەڭ ياخشى مەنىۋى ئوزۇقلارنى تەقدىم قىلىشقا تىرىشىشى لازىم»[①] بۇ پەقەت ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمەتچىلىرىنىڭ ۋەزىپىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سوتسىيالىستىك مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشتىكى ھەرقايسى تارماقلارنىڭمۇ ئورتاق ۋەزىپىسى. 1985-يىلى، يولداش دېڭ شياۋپىڭ مەملىكەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىدا يەنە بىر قېتىم مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «ئىدىيە، مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە سەھىيە تارماقلىرىنىڭ ھەممىسى ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى ھەممە پائالىيەتلەرنىڭ بىردىنبىر مىزانى قىلىشى، شۇ تارماقلارغا قاراشلىق كارخانىلارمۇ ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى ئالىي مىزان قىلىشى لازىم.»[②] مۇشۇنداق مىزاندا چىڭ تۇرغاندىلا، ياخشى مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى كۆپلەپ چىقىرىشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

ئىككىنچى، تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش پرىنسىپى. ھەرقانداق دەۋردىكى مەنىۋى مەدەنىيەت — ئىنسانىيەت ئۇزاق مۇددەت ياراتقان ئېسىل مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ نەتىجىسى، ئالدىنقى ئەۋلادلار مەنىۋى مەدەنىيىتى نەتىجىسىنىڭ ۋارىسلىق قىلىنىشى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەيدۇ: «پەن-تېخنىكا جەھەتتە، ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى دەۋرىدە شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر يارىتىلغان، تۆت چوڭ كەشپىياتىمىز دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدا ئۇلۇغ رول ئوينىغانىدى.»[③] شۇنداق ئىكەن، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئاسرىشىمىز لازىم. تەنقىد قىلىش بىلەن ۋارىسلىق قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، مېغىز بىلەن شاكالنى ئېنىق ئايرىپ، مېغىزىنى تاللىۋېلىپ، شاكىلىنى چىقىرىپ تاشلاپ، قەدىمكىنى بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇپ يېڭىنى يارىتىشىمىز لازىم.

ئۈچىنچى، سىرتقا ئېچىۋېتىش پرىنسىپى. سىرتقا ئېچىۋېتىش — تەۋرىنىشكە بولمايدىغان ئاساسىي دۆلەت سىياسىتى، ئۇ ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئويغۇن كېلىپلا قالماستىن، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغىمۇ ئويغۇن كېلىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: «سوتسىيالىزم كاپىتالىزمغا سېلىشتۇرما بولغۇدەك ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئىنسانلار جەمئىيىتىدە يارىتىلغان بارلىق مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى دادىللىق بىلەن قوبۇل قىلىشى ۋە ئۈلگە قىلىشى، بۈگۈنكى دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ، جۈملىدىن تەرەققىي تاپقان كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئىجتىمائىيلاشقان زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىش قانۇنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بارلىق ئىلغار ئىگىلىك شەكىللىرى، باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى قوبۇل قىلىشى ۋە ئۈلگە قىلىشى كېرەك»[④]، «بىز تەرەققىي تاپقان كاپىتالىستىك دۆلەتلەردىن ئىلغار ئىلىم-پەن، ئىلغار تېخنىكا، ئىلغار ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇلى، شۇنىڭدەك ئۆزىمىز ئۈچۈن پايدىلىق بولغان باشقا بارلىق بىلىم ۋە مەدەنىيەتنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك، بىكىنمىچىلىك قىلىش، بىر ئىزدا توختاپ قېلىش ھاماقەتلىك بولىدۇ.»[⑤] شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «مەدەنىيەت ساھەسىگە تەئەللۇق نەرسىلەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى ۋە ئۇلارنى ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى چوقۇم ماركسىزم ئاساسىدا تەھلىل قىلىشىمىز، پەرق ئېتىشىمىز ۋە تەنقىد قىلىشىمىز لازىم.»[⑥] يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بۇ بايانلىرى تارىخىي تەجرىبە ساۋاقلارنى يەكۈنلەش، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىش ئاساسىدا ئومۇملاشتۇرۇلغان ئىلمىي يەكۈن.

10. يول، ئۇسۇل نەزەرىيىسى

سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى زادى قايسى يول، قانداق ئۇسۇللارنى قوللىنىش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىش كېرەك؟ يولداش دېڭ شياۋپىڭ مەملىكىتىمىز سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يولى ۋە ئۇسۇلى ئۈستىدە ماكرو جەھەتتىن ئىلمىي بايانلارنى قىلدى.

بىرىنچى، مائارىپنى ئاساس قىلىش. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مەملىكەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىدا قىلغان سۆزىدە مۇنداق دەپ ئېنىق كۆرسەتتى: ئىدىيە، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى داۋامىدا «قايىل قىلىش — تەربىيە بېرىشنى ئاساس قىلىش

① «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 2-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 455-بەت.
② «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 3-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 295-بەت.
③ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 2-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 192-بەت.
④ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 3-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 778-بەت.
⑤ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 3-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 88-بەت.
⑥ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 3-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 88-، 89-بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



فائىجىننى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرىمىز، ھېچقانداق ھەرىكەت ۋە 〈چوڭ پېيەن〉 ئېلىپ بارمايمىز.»[①] ئىدىيە ساھەسىدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا «ئۇسۇل جەھەتتە تەربىيە بېرىش ۋە يېتەكلەشنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇشقا توغرا كېلىدۇ.»[②] يولداش دېڭ شياۋپىڭ مانا بۇنى ئاساس قىلىشنى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ، بولۇپمۇ ئىدىيە قۇرۇلۇشىنىڭ بىر مۇھىم فائىجېنى ۋە ئۇسۇلى قىلىپ ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ ياخشى يولغا قويۇپ، يېڭى دەۋردىكى ئىدىيە ۋە سىياسىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلىشىمىزدە، شۈبھىسىزكى، ئىنتايىن مۇھىم يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئىككىنچى، ئىدىيىۋى كۈرەش. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ قارىشىچە، قايىل قىلىش، تەربىيەلەشنى ئاساس قىلىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش بىلەن بىللە، ئاكتىپ ئىدىيىۋى كۈرەشكىمۇ سەل قارىماسلىق كېرەك. ئۇ ئىدىيىۋى سەپتە ساقلىنىۋاتقان بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە توختالغاندا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «پارتىيىمىز ماركسىزمچە رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، بوشاڭلىق-چېچىلاڭغۇلۇق ھالىتىنى ۋە لىبېرالىزملىق پوزىتسىيىنى قەتئىي تۈگىتىپ، ئاكتىپ ئىدىيىۋى كۈرەشنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرسىلا، ئىدىيىۋى سەپتىكى يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن تۈرلۈك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ كېتەلەيدۇ ھەم ئاسان ھەل قىلالايدۇ.»[③] ئىدىيىۋى كۈرەشنى قانات يايدۇرۇش جەريانىدا تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىش قورالىنى ئىشلىتىشنى ئۆگىنىۋېلىش كېرەك، «ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلىمىسە، تەنقىد، ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىش قانات يايدۇرۇلمىسا زادى بولمايدۇ. تەنقىد قورالىنى تاشلاپ قويۇشقا زادى بولمايدۇ.»[④] ئىدىيىۋى كۈرەشتە «سول» چىل ۋە ئوڭ چىللىقتىن ئىبارەت ئىككى خىل خاتا خاھىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىشكىمۇ دىققەت قىلىش كېرەك. «ئوڭچىللىق سوتسىيالىزمنى نابۇت قىلىۋېتەلەيدۇ، 〈سول〉 چىللىقمۇ سوتسىيالىزمنى نابۇت قىلىۋېتەلەيدۇ.»[⑤] «〈سول〉 چىل خاتا ئىدىيىنى تەنقىد قىلىش كېرەك، ئوڭچىل خاتا ئىدىيىنىمۇ تەنقىد قىلىش كېرەك»، «〈سول〉 چىللىق، بولسا 〈سول〉 چىللىققا، ئوڭچىللىق بولسا ئوڭچىللىققا قارشى تۇرۇش لازىم.»[⑥] يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بۇ بايانلىرى پارتىيىمىزنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرەشنىڭ تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش ئاساسىدا كەلتۈرۈپ چىقىرىلغان ئىلمىي خۇلاسىدۇر.

ئۈچىنچى، مۇھىمى قۇرۇش. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا «بۇزۇشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويماي» بەلكى قۇرۇشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇش كېرەك. يولداش دېڭ شياۋپىڭ 1979-يىل 3-ئايدىلا ئىدىيە، نەزەرىيە سېپىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى تۆت ئاساسىي پرىنسىپ بويىچە، ئىجابىي تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، ئاساسىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىش ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ كۆرسەتكەنىدى: «ئىدىيىۋى، نەزەرىيىۋى سەپتىكى يولداشلىرىمىز چوقۇم تېزدىن كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ، پىلانىنى ئوبدان تۈزۈپ، ئىمكان قەدەر قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يېڭى مەزمۇن، يېڭى ئىدىيە، يېڭى تىلغا ئىگە بولغان، ۋەزنى بار بىر تۈركۈم ماقالە، كىتاب، ئوقۇشلۇق، دەرسلىك قاتارلىقلارنى كەينى-كەينىدىن يېزىپ ۋە بېسىپ چىقىپ، بۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇشى كېرەك.»[⑦] سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت مۇھىم نۇقتىنى قۇرۇش ئۈستىگە قويغاندىلا يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئۈزلۈكسىز ئىشلەپچىقىرىپ، بۇنىڭ بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتۈنلۈك سەۋىيىسىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

دېمەك، مەملىكىتىمىز سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى تارىخىي دەۋرىدە، يولداش دېڭ شياۋپىڭ پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئەقىل-پاراسىتى ۋە تەجرىبىلىرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى مەملىكىتىمىز سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى توغرىسىدا بىر قاتار ستراتېگىيىلىك تەسەۋۋۇرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ماركسىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئىجادىي بېيىتتى ۋە راۋاجلاندۇردى. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ ئەمەلىيىتى جەريانىدا، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى بىر قاتار نەزەرىيە ۋە نۇقتىينەزەرلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئىگىلەپ، مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى يېڭى، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكۈزۈشىمىز لازىم.

— جالالىدىن پازىل تەرجىمىسى

---

① «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 3-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 296-بەت.
② «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 3-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 434-بەت.
③ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 3-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 95-بەت.
④ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 2-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 844-بەت.
⑤ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 3-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 781-بەت.
⑥ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 2-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 822-بەت.
⑦ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 2-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 388-بەت.

# ئىدىيىۋى سىياسىي تەربىيىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى

ئىسلام يۈسۈپ

بىز ھەر كۈنى ئىدىيىۋى سىياسىي تەلىم تەربىيە ھەققىدە سۆزلەيمىز. كۆپچىلىكىمىزگە بۇ خىزمەتنىڭ مەزمۇن دائىرىسى ئېنىق بولسىمۇ، مۇھىم نۇقتىلىرى ئانچۇۋالا ئېنىق ئەمەس. ھازىرقى كۈندە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئاساس قىلغاندا، ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى تۆۋەندىكىدەك تونۇش مۇمكىن.

1. **ئىدىيىۋى سىياسىي تەربىيىنىڭ نىگىزلىك ئۇقۇمى ۋە نىگىزلىك دائىرىسى.** بۇنىڭدا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك تۆت نۇقتا بولۇپ، بىرىنچىدىن، ئىدىيىۋى سىياسىي تەربىيىنىڭ نىگىزلىك ئۇقۇمى. ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەتنىڭ نىگىزلىك ئۇقۇمى ھەر بىر ساھەدە پەرقلىق ئىپتىلىدۇ. مەسىلەن، زاۋۇت - كارخانىلاردا سىياسىي ئىدىيىۋى خىزمەت دەپ ئاتالسا، مەكتەپلەردە ئىدىيىۋى سىياسىي تەربىيە دەپ ئاتىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ مەركىزىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىياسىي، ئىدىيىۋى، سىياسىي، ئەخلاقىي پەزىلەت سۈپەتلىرىنى ئۆستۈرۈپ تۇرىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئىدىيىۋى سىياسىي تەربىيە بىلەن پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى سىياسىي تەربىيىسىنىڭ مۇناسىۋىتى. بۇ مەسىلىدە ئېنىق قاراش شۇكى، دۇنيادا بۇ مەسىلىنى ئومۇمىي تەلىم - تەربىيە ئىچىگە قويىدۇ. يەنى ئادەم تەربىيىلەش، ئۆز نۆۋىتىدە شۇ دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ تەرەققىياتىنى نەزەرگە ئالغانلىقتىن، ئۇنىڭدا سىياسىي تەلىم-تەربىيە بولماي مۇمكىن ئەمەس. ئەمما، بىزدىكى تەربىيە ئالاھىدە بىر خىل ئالىي - كوممۇنىستىك پارتىيىۋىلىك بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن باشقا ئەللەرنىڭكىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، بۇ جەمئىيەتتىكى تەلىم-تەربىيىدە بىز ئاۋۋال پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئىدىيىۋى سىياسىي تەلىم - تەربىيىسى بىلەن ئورتاقلاش بولغان ماتېرىيالىزملىق يولنى مېڭىپ تۇرۇپ، ئاندىن شۇ ئاساستا ئۆزىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈشىمىز كېرەك. ئۈچىنچىدىن، ئىدىيىۋى سىياسىي تەربىيە ئاڭنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا قاراپ ئېلىپ بېرىلىدىغان ئەمەلىيەت پائالىيىتىدۇر. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئىدىيىۋى سىياسىي تەربىيە ئادەمنىڭ سايلىسىغا ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن ئۇ مۇقەررەر ھالدا ئاڭنىڭ ئوخشاش بولمىغان قاتلاملىرىغا قارىتا ئېلىپ بېرىلىدۇ: ئالدى بىلەن ئادەمنىڭ ھەرىكىتى قاتارلىق ئادەم كۆزىگە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان تەرەپلىرىگە قارىتىلسا، بۇنىڭدىن كېيىنلا ئادەمنىڭ ھەرىكىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان ئىجتىمائىي پىسخىك ھالەتلەرگە قارىتىلىدۇ؛ بۇنىڭدىن ئېخىمۇ ئىچكىرىلىگەندە، كىشىلەرنىڭ مەقسەت-مۇددىئاسى، ئېتىقادى، دۇنيا قارىشى قاتارلىق تەرەپلەرگە قاراپ چوڭقۇرلىسا، ئەڭ ئاخىرىدا ئادەمنىڭ غايە، ئېتىقادى ئاساسىدا تەرەققىي قىلىپ بارىدىغان خۇلق سۈپەتلىرى، ئۆزىدىن ھالقىش ئالامەتلىرىگە قارىتا ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇنداق ئىكەن، ئىدىيىۋى سىياسىي-تەربىيە بىر خىل ئاڭ ھالىتى بولۇپ، ئۇستقۇرۇلمىغا تەۋە بولسا، ھەم شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا يەنە بىر خىل ئەمەلىيەت پائالىيىتى، جەمئىيەتتە يېگىچە ئادەم تەربىيىلەش پائالىيىتىدۇر. مۇشۇنداق بولغاچقا، ئادەم تەربىيىلەش ئارقىلىق جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن ئادەمنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تامامەن بىرلىككە كەلگەن بولىدۇ. تۆتىنچىدىن، ئىدىيىۋى سىياسىي تەربىيىنىڭ ئىلىم تەۋەلىك مەسىلىسى، ھازىرقى كۈندە بۇ ساھە بىر خىل قانۇنشۇناسلىق بويىچە باكلاۋىر، ماگىستىرلىق ئۇنۋانى، يەنە بىر خىلى پېداگوگىكا بويىچە باكلاۋىر، ماگىستىرلىق ئۇنۋانى. بۇلارنىڭ ئالدىنقىسى سىياسىي قانۇن پەنلىرىگە تەۋە بولسا، كېيىنكىسى پېداگوگىكا پەنلىرىگە تەۋە بولۇپ، ھەر ئىككى خىل تەلىم-تەربىيە ئىدىيىۋى سىياسىي خارەكتېرلىك تەلىم-تەربىيىلەر كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ.

2. **ئىدىيىۋى-سىياسىي تەربىيىنىڭ مېخانىزم ۋە ئۈنۈمچانلىقى.** بۇ جەمئىيەتتىكى تەلىم-تەربىيىنىڭ مۇھىم بىر نۇقتىسى مانا مۇشۇ تەلىم-تەربىيىنىڭ ئۈنۈمچانلىق مەسىلىسىدۇر. بۇنداق ئۈنۈمچانلىق ئەلۋەتتە تەلىم-تەربىيىنىڭ مېخانىزمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، مېخانىزم دېگەندە، ئالدى بىلەن، ئۇنى ئېلىپ بارىدىغان ماتېرىيال تۈزۈمنىڭ مۇكەممەل بولۇشىغا قارىتا ئىپتىلىدۇ. ماتېرىيال تۈزۈمنىڭ ياخشى بولۇشى ھەر قانداق جەمئىيەتنىڭ تەلىم-تەربىيىسى ئۈچۈن تولىمۇ مۇھىم. ئەمما تەلىم-تەربىيىنىڭ رولى ئىدىيىۋى-سىياسىي تەلىم تەربىيىنىڭ قانداق ئورۇنغا قويۇلغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، نەزەرىيە پىششىق بىلگەن ئەھۋال ئاستىدا، ئۇنىڭ ئورنى رولىدىن مۇھىم بولىدۇ، چۈنكى تەلىم - تەربىيىنىڭ ئورنى بولغاندىلا، ئۇنىڭ رولى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، يەنە ئۇ ئۆزىنىڭ ئورنىنىمۇ مۇستەھكەملەپ كېتەلەيدۇ. مۇشۇ قاراش بويىچە شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، بۈگۈنكى كۈندە، ئېلىمىزدە سىياسىي خىزمەت تۈزۈم، سىياسەت، مەمۇرىي ھوقۇق قاتارلىق ئامىللارنىڭ كاپالىتىگە مۇھتاج.

www.uyghurkitap.com



ئىدىيىۋى-سىياسىي تەربىيىنىڭ ئۈنۈمچانلىقى دېگەندە، ئۇنىڭ جەمئىيەتنى باشقۇرىدىغان ئۈنۈملىك ئۇسۇلغا ئايلىنىشىغا قارىتا ئېيتىلىدۇ. ئىنقىلاب دەۋرىدە ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەت ئەنگۈشتەر ئىدى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش دەۋرىدە، ئىجتىمائىي مەنپەئەت كۆپ مەنبەلىك بولۇپ كەتكەنلىكتىن، ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەت ئىچكى مېخانىزم بولۇش سۈپىتى بىلەن، ھەم پارتىيە ئىچىدە، ھەم خەلق ئاممىسى ئىچىدە ئۇمۇمىيۈزلۈك رول ئوينايدۇ. شۇڭا، ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەتنىڭ ئۈنۈمچانلىق كۆز قارشىنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەت تەربىيىۋى كۈچىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى تەشۋىق قىلىپ، ئۇنىڭ باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. بۇ ئاساسلىقى سىڭدۈرۈش مەسىلىسى بولۇپ، بىر خىل ئىدىيىنى سىڭدۈرۈشنى سىڭدۈرگۈچى بىلەن سىڭدۈرۈلگۈچىنىڭ سۈپىتىنى نەزەردە تۇتۇپ ئېلىپ بېرىش كېرەك. سىڭدۈرگۈچى سۈپەتلىك بولمىسا، سىڭدۈرۈش ئاساسى بولمايدۇ-دە، تەربىيە ئالغۇچى تەربىيىنىڭ مەزمۇنىنى توغرا قوبۇل قىلالمايدۇ. شۇڭا، تەربىيە بەرگۈچى — سىڭدۈرگۈچىنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئىدىيىۋى سىياسىي تەلىم-تەربىيىنىڭ ئۈنۈمىنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى ھالقىلىق مەسىلە. بولۇپمۇ ئۇ كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا، مەردىمە مەيداندا ئېلىپ بېرىلىدىغان خىزمەت بولغاچقا، سىڭدۈرگۈچى سەۋىيىلىك بولۇش بىلەنلا قالماستىن، پەزىلەتلىك بولۇش، ئۆزىنىڭ سۆزى ۋە ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنىڭ ئىجتىمائىي كەيپىياتقا ئايلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

1. ئىدىيىۋى-سىياسىي تەربىيىنىڭ نىشانى، نىشان ئەلۋەتتە نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرغۇچىلار، يولغا قويغۇچىلار، نىشاننى يولغا قويۇشنىڭ ۋاقتى، ماكانى، تەلىم - تەربىيىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئۇسۇلى، شۇنداقلا تەلىم-تەربىيە ئارقىلىق يېتەكچى بولغان ئۈنۈم قاتارلىق نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەيلى قانداق شەكىل ۋە دائىرە ئىچىدە بولسۇن، توغرا بىر نىشان تۇرغۇزۇش ئىدىيىۋى سىياسىي تەربىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. مۇشۇ شەرت ھازىرلانغاندىلا، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي تەلىم-تەربىيە بىلەن شۇغۇللىنىش ئاكتىپلىقىنى ئۆستۈرۈپ، تۈرلۈك ئىللەتلەرنى تۈگىتىپ، تېخىمۇ ياخشى نەتىجە قازانغىلى بولىدۇ. بۇنداق نىشان تۇرغۇزۇشتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىككى نۇقتا بار. بىرىنچى، نىشان بەلگىلەشنىڭ ئاساسى. ئىدىيىۋى سىياسىي تەربىيە نىشانىنى بەلگىلەشتە جەزمەن پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ كۈرەش نىشانىنى، تەلىم-تەربىيە ئوبيېكتىنى ۋە تەلىم-تەربىيە ئالغۇچىلار تۇرۇۋاتقان مۇھىت-شارائىتنى نەزەردە تۇتۇش لازىم. مەيلى قانداقلا بولسۇن، ئادەمنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشى - نىشان بەلگىلەشتىكى تۈپ ئاساس، ھالبۇكى، جەمئىيەت تەرەققىياتى بىلەن ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ تەرەققىيات تەلىپى - نىشان بەلگىلەشتىكى ئوبيېكتىپ ئاساس. تەربىيە كۆرگۈچى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ھەر بىر پۇقرانىڭ ئىچكى ئېھتىياجى ئوخشاش بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆز خاسلىقلىرى بويىچە تەرەققىي قىلىش تەلىپى كۈچلۈك بولىدۇ. شۇڭا، نىشان بەلگىلەشتە ھەم نىشاننى تۇرغۇزۇشقا، ھەم نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئوبيېكتلارنىڭ ئەھۋالىنى بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ئىككىنچى، ئومۇمىي نىشان بىلەن كونكرېت نىشان. روشەنكى، نىشان قاتلاملارغا بۆلۈنىدۇ. دۆلىتىمىز سوتسىيالىزمغا قەدەم باسقاندىن كېيىن، ئىدىيىۋى-سىياسىي تەلىم-تەربىيىلەرگە قارايدىغان بولساق، نىشان بەزىدە ئۈستۈن، بەزىدە تۆۋەن بولۇپ قالىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلدى. شۇڭا، ئومۇمىي نىشاندا ئادەمنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشنى ئاساس قىلىپ، ئۇنى ئەمەللەشتۈرىدىغان كونكرېت ھالقىلاردا شەخسلەرگە ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا تاللاش ئىمكانىيىتىنىمۇ بېرىش كېرەك. ھەممە شەخسلەرنىڭ تەرەققىياتى جەزمەن جەمئىيەت تەرەققىياتىغا سەۋەبچى بولىدۇ. مىڭلىغان شەخسلەرنىڭ تەرەققىياتى بىر پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

4. ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنىڭ قوشۇن قۇرۇلۇشى. قوشۇن قۇرۇلۇشى نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان ئومۇمىيۈزلۈك تەكىتلەنگەن بولسىمۇ، سىياسىي قىزغىنلىققا ئەھمىيەت بېرىپ، بىلىم، ماھارەت ئىقتىدارىغا دېگەندەك ئەھمىيەت بەرمەيدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلدى. بۇنىڭدا بىلىش، جىنس پەرق مەسىلىسىمۇ بار. قوشۇن قۇرۇلۇشىنى ياخشى قىلىش ئۈچۈن بۇ ئىككى تەرەپكە تەڭ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، ئەلۋەتتە. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى، بەزى بىلىمى تۆۋەن، كىشىلەرگە تەربىيە بەرگۈچىلىكى يوق ئادەملەرنى، بولۇپمۇ جەمئىيەت، روھىيەت جەھەتلەردە ئەتراپلىق بىلىمى يوق ئادەملەرنى ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتلەرگە تەيىنلەش كۆپ بولغانلىقتىن، ئۇلار ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى بىر خىل قىزىل سۆزلەرنى قىلىسىلا بولىدىغان كەسىپكە ئايلاندۇرۇۋېلىپ، كىشىلەرنى چىن قەلبىدىن قايىل قىلىپ، ئالغا يېتەكلەشتە كۈچلۈك بولمىدى. شۇڭا، ئىدىيىۋى-سىياسىي تەلىم-تەربىيىنى ھەرقايسى سەپلەردىكى خىزمەتلەرگە بىرلەشتۈرۈپ ئىشلەيدىغان، ئىلىم پەننىڭ يۇقىرى تەرەققىياتىغا ماسلاشتۇرۇپ ئىشلەيدىغان بىلىملىك، پەزىلەتلىك، قابىلىيەتلىك ئادەملەرنى بۇ قوشۇنغا جەلپ قىلىش ئارقىلىق، بۇ قوشۇندا ئىدىيىۋى-سىياسىي تەلىم-تەربىيە نەزەرىيە قاتلىمى، سىياسەت قاتلىمى، ئەمەلىيەت قاتلىمىنى شەكىللەندۈرۈپ، پىكىنچە بىر زامانىۋى تەلىم - تەربىيىنى كۈچەيتىشكە كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

# «ئەدەب-ئەخلاق» سەھىپىسى ھەققىدە ئىلاۋە

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى، ئەخلاق قۇرۇلۇشى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يادروسى، بۇنداق ئىكەن، ئەخلاقى جەھەتتىن تەربىلىنىش پۈتكۈل مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم ھالقىسى. شۇڭا، كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزنىڭ جەلىپكارلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، مەنىۋى ھاياتىمىزنىڭ گۈلتاجىسى بولغان ئەدەب-ئەخلاق ھەققىدە ئىزدىنىشنى ئىجتىمائىي پەن-تەتقىقاتىدىكى مۇھىم تېما دەپ قاراپ، بۇ ھەقتە مەخسۇس سەھىپە ئېچىشنى ژۇرنىلىمىزنىڭ ۋەزىپىسى قىلدۇق.

بىزنىڭچە، بولۇپمۇ بۈگۈنكى بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا بۇنداق بىر تەربىيىلىنىش سەھنىسى — ئىجتىمائىي پەن-تەتقىقاتىدىكى ئېخىمۇ جىددىي بىر تەلەپ. چۈنكى، بىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمىزدىن قارىغاندا، مەيلى جەمئىيەتشۇناسلىق، پسىخولوگىيە ۋە ياكى ئېتىكا، پېداگوگىكا جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەخلاقنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق روھنى تازىلاش، ئادەملەرنى پاكلىققا يېتەكلەش ھەممە مىللەتلەرنىڭ ئىستىقبالىغا تاقىلىدىغان مەسىلە بولۇپ قالدى. چۈنكى، بىز ئىنسانلار ياكى ئىنسانلارنىڭ بىر بۆلىكى، مۇشۇ ئەسىرنىڭ خېلى ئۇزاق بىر دەۋرىدە ئۆزىمىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدىكى خاسلىق بىلەن ھېسابلاشماي، قورساق تويسا، كۆڭۈل خۇش بولسىلا ئۆزىمىزنى ئەركىن قويۇۋېتىدىغان بىر خىل خۇسۇسىيەتنى ئۆزىمىزگە يۇقتۇرۇپ ئالدۇق. بولۇپمۇ ئەدەب-ئەخلاق توغرىسىدىكى قاراشلارنى مەۋھۇم نەزەرىيىلەر بىلەن ئېگىز-ئېگىز دارلارغا ئېسىپ قويۇپ، ئۆزىمىز ياشاۋاتقان ھەقىقىي تۇرمۇشنىڭ قوينىدىكى ئەجدادلىرىمىزنى ئەسىر-ئەسىرلەپ پاك تۇتۇپ كەلگەن مۇپەسسەل مىزانلارنى مەزھەپلەر قارىشى دەپ بىلىپ، ئىچكى-تاشقى ئەخلاق كۆزىنى ئەدەب تۇتىياسى بىلەن روشەنلەشتۈرۈشتە ئاجىزلاپ كەتتۇق. بىز ۋە بىزنىڭ ئاسىيانىڭ مەركىزىدە ياشاۋاتقان تۇغقانلىرىمىزنىڭ بىر مۇنچىسىدىكى ئۆزىدىن ياتلىشىپ كەتكەن ۋە ئۆزگىلەرگىمۇ ئوخشىيالماي يۈرگەن پاراكەندە تۇرمۇش يېگىدىن پېتىلگەن مۇشۇنداق ئەپچەش خۇسۇسىيەت ۋە ئەدەب-ئەخلاق مىزانلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان ئاجىزلاشلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك.

بۇنداق ئىكەن، بىز ئۈچۈن ئەدەب-ئەخلاقنى ئېسىۋېتىلگەن دارلاردىن پەسكە چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ مىزانلىرىنى كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا بىزنى ھەر سائەت، ھەر مىنۇت پاكلىققا، ئاق يولغا باشلايدىغان ئۆلچەملەرگە ئايلاندۇرۇش زۆرۈر بولىدۇ.

مەن بىر كۈنى بىر قەدىناس دوستۇمنىڭ تويىدا ئولتۇرۇپ بىز ئۇيغۇرلاردىمۇ بىزنى ئۆزگىچە خاسلىققا ئىگە قىلىپ، گۈزەل كۆرسىتىپ تۇرغان ئەدەب-ئەخلاق، ئادەت-يوسۇنلىرىمىزنىڭ دارغا ئېسىلىپ، پۈتى يەرگە تەگمەس بولۇپ قالغانلىقىنى كۆردۈم. بۇ ئېخى خېلى بەكلا ئۆزگىچە ئۇيغۇر تويى ئىدى. ئەمما، مۇشۇنداق سەرخىل ئادەملىرىمىز رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان تويىدىمۇ، چۈشتىن بۇرۇن ئەدەب-ئەخلاق مىزانلىرى ئادەت-يوسۇنلىرىمىز بويىچە قانات قاقسا، چۈشتىن كېيىن يايلاقتىكى پاتا بېسىپ كەلگەندەك بىر تەرتىپسىز كۆرۈنۈش ھاسىل بولۇپ، ماڭا خۇددى مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە ئاتا-ئانىلار بىلەن ئالاقىسى يوق بالا-چاقا مەيدانغا كېلىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. چۈشتىن بۇرۇنقىلار دېگىنىمىز خاسلىققا باي ئاتا-ئانىسىدىن تەربىيە ئالغان ئاتا-ئانىلار بولۇپ، چۈشتىن كېيىنكىلەر ئاتا-ئانىلارنىڭ مىللىيەتلىك ھەققىدىكى تەربىيىلىرىنى ياقتۇرمايدىغان ياكى پەرزەنتلىرىگە ئۇنداق تەربىيە بېرىش ئىقتىدارى يوق ئاتا-ئانىلار قولىدا تەربىيىلەنگەن يىگىت-قىزلار ئىدى. مەن بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئىچىمدە، يىپ چۆچىيدىغان جانىۋارلار تويىدەك پاتپاراق بولۇپ كېتىپ ئۆزىمىزنى باشقۇرالمايۋاتقان ئوخشايمىز دەپ ئويلىدىم-دە، دوستلىرىمغا دېدىم: چۈشتىن بۇرۇن تويغا كەلگەن ئاتا-ئانىلار ۋە موي سپىتلار ئىشىك ئالدىدىن تاكى دەستىخانغا بارغۇچە بىر-بىرى بىلەن شۇنچە قىزغىن سالاملىشىپ، ئىككى قوللاپ كۆرۈشۈپ، مىللىي كىيىملىرى بىلەن رەتلىك ئولتۇردى، ساھىبخانىلارمۇ شۇنچە مېھماندوستلۇق بىلەن ئۇلارنى كۈتۈپ ئۇزاتتى. بۇ جەرياندا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىگە زىيادە يات ئىشلار بولمىدى. باشقا مىللەتلەردىن كەلگەن مېھمانلارمۇ ئۇيغۇر مېھماندوستلۇقى بىلەن توي ئادىتىدىكى نەغمىلەردىن ھۇزۇر ئېلىپ بىزلەرگە ئېھتىرام بىلدۈرۈپ تۇردى. چۈشتىن كېيىن يىگىت-قىزلار قىز يۆتكىگىلى كەلگەندە شۇنچە كۆپ ئادەملەر قول باغلاپ تۇرساق، سالاممۇ بەرمەي، ئالدىمىزدىن ئۇسسۇپ ئۆتۈپ كېتىشتى ۋە خۇددى قوي-ئۆچكىلەر پادىسىدەك بېرىپ دەستىخاندا ئۇكتەي-توكتەي

www.uyghurkitap.com



ئولتۇرۇشتى... ئۇلار قىزنى يۆتكەپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن، بىر قىسىم مەيخور چوڭلارمۇ رەت-رەت ئولتۇرۇشۇپ هاراق-شارابقا بېرىلدى. ناۋادا باشقا بىر مىللەتتىن ياكى باشقا بىر دۆلەتتىن بىر كىشى كېلىپ بىزنىڭ تويىمىزنى كۆزىتىدىغان بولسا، ئۇكىشى بىزنىڭ چۈشتىن بۇرۇنقى هالىتىمىزدىن بىزنى جۈگگولۇق ئۇيغۇر دەپ پەرەز قىلغان بولسا، چۈشتىن كېيىنكى هالىتىمىزنى نېمىدەپ پەرەز قىلار؟ دوستلىرىم دېدى: بۇنى بىلىپ بولمايدۇ. كۆزەتكۈچى ئۇيغۇرلارنى ئەتراپلىق چۈشەنمىگەن كىشى بولسا، جەزمەن بىزنىڭ چۈشتىن بۇرۇنقى هالىتىمىزنى بىر خىل، چۈشتىن كېيىنكى هالىتىمىزنى بىر خىل باھالاپ قويۇشى مۇمكىن. چۈنكى، بىزدە بىر خىل مىللىي ئۆرپ-ئادەتكە هەر خىل مۇئامىلە يۈز بەردى. بىر مىللەت ئۆزىنىڭ شۇنچە گۈزەل ئۆرپ-ئادەت، ئەدەب-ئەخلاقى بار تۇرۇقلۇق، بۇنداق بىر ئورتاقلىققا هەر خىل مۇئامىلە قىلسا، ئۇنى باشقىلار قانداق توغرا باھالىيالايدۇ؟ مەن شۇ تويدا ئولتۇرۇپ دوستلىرىم بىلەن مۇشۇ سوئال جاۋابنى قىلغاندىن كېيىن، ئەتراپىمغا تېخىمۇ سەپسېلىپ قارىدىم. بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا گەپ-سۆز، ئىش-هەرىكەتلىرىمىزدە ئۆرپ-ئادەت، ئەدەب-ئەخلاق ئۆلچەملىرىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان تەرەپلەر خېلى كۆپ ئىكەن. ئىنسانلىق غۇرۇرى ۋە مىللىي ۋىجدانلىرىمىزنى ئىپادىلەيدىغان ئەدەب-ئەخلاق يوسۇنلىرىمىزغا نۇرغۇن مىكروبلار قونۇپ كېتىپتۇ. هەتتا بەزىلىرىمىز ئانا تىلىمىزدا جاراڭلىق سۆز قىلالمايدىغان كېكەچلەرگە ئايلىنىپ كېتىپتۇق. بۈگۈن پىكىرلىك يازغۇچى ۋە ئالىملىرىمىزنىڭ ئۆزىمىزنى تونۇش، ئۆزىمىزنى ئېتىراپ قىلىش، ئاجىزلىقلىرىمىزنى تولۇقلاپ ئۆزىمىزنى هۆرمەتكە ئىگە قىلىش هەققىدىكى ئەسەرلىرىمۇ شۇنىڭ ئۈچۈن يېزىلغانىكەن. مەن ئۆزىمىزنى دەڭسەپ كۆرگەندىن كېيىن ئۇلاردىن كۆپ خۇرسەندە بولۇپ قالدىم ۋە ئەدەب-ئەخلاقىمىزنى تەتقىق قىلىش، ئۇنى دۇنيادىكى دانىشمەنلەرنىڭ هېكمەت، هېكايەتلىرى بىلەن بېيىتىپ مېڭىش، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىمىزدىكى جىددىي بىر ۋەزىپە ئىكەن دەپ ئويلىدىم.

توغرا، بىز يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مەنىۋى مەدەنىيەت تەربىيىسى، ئىلغار پىكىرلىك ئالىم، يازغۇچىلىرىمىزنىڭ جەزبىلىك ئەسەرلىرىنىڭ تەسىرلەندۇرۇشى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ ئابرىم ساندىكى نۇقسان-ئاجىزلىقلىرىمىزنى تونۇپ تۈزەتتۇق. بۇگۈنكى كۈندە، پروفېسسور، دوكتورلار ئۇستازى ئابدىكېرىم راخمان، پروفېسسور رەۋىيدۇللا هەمدۇللا ۋە تارىخچى، ۋەقەشۇناس شېرىپ خۇشتارلار يېزىپ چىققان «ئۇيغۇر ئۆرۈپ-ئادەتلىرى»گە ئوخشاش مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر بىزنى نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت مۇساپىمىزدىكى ئۆزىمىز تەۋە بولغان مىللىتىمىزنىڭ ئۆرپ-ئادىتى ئىچىدە ياشاپ شەكىللەندۇرگەن ئەدەب-ئەخلاقىمىزنىڭ هەرىكەتلىك، سىمۇۋوللۇق كۆرۈنۈشلىرى هەققىدىكى مول مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلىدى. لېكىن، بىزنىڭچە، بۇ كۇپايە قىلمايدۇ. چۈنكى، بىز ئىتىقادنى يادرو قىلغان مەدەنىيىتىمىزنىڭ جانلىق كارتىنىسىنى سىزىپ بېرەلەيدىغان ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزنىڭ مەنىۋى يىلتىزى بولغان ئەدەب-ئەخلاق... هەققىدە، پارلاق ئەنئەنىۋى ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزنى خارلاپ، ئەجدادلارغا هۆرمەتسىزلىك قىلىشنىڭ ئەخلاقسىزلىقنىڭ بىرىنچى بەلگىسى ئىكەنلىكى هەققىدە چوڭقۇرلاپ ئويلىنىشقا تېخى ئۈلگۈرەلمىدۇق. پارتىيىمىزنىڭ 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6-ئومۇمىي يىغىنىدا مەنىۋى مەدەنىيەت ئارقىلىق ماددىي مەدەنىيەتنى يېتەكلەش پۈتۈن ئەلنىڭ يۆنىلىشى قىلىپ بەلگىلەنگەندىن كېيىن، مەنىۋى دۇنيا هەققىدە ئومۇمىيۈزلۈك ئىزدىنىشكە باشلىدۇق. بۇ تولىمۇ چوڭ ئىش بولدى. ئىنسان ئۈچۈن بۇ دۇنيادا ئەڭ ياخشى نەرسە قەلب پاكلىقى بولۇپ، بىر خەلقنىڭ قانچىلىك خەلق ئىكەنلىكى ئۇنىڭ سانى بىلەن ئەمەس، ئەقلىي ۋە ئەخلاقىي كامالىتى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. بۇ دۇنيا مەدەنىيىتىدىكى گۈزەللىك تۇيغۇسىنىڭ ئەڭ مۇقەددەم ئانا يىلتىزى ۋە بۇندىن كېيىنكى هەرقانداق دەۋر هەم هەرقانداق مىللەت مەدەنىيىتىگە تۈرتكە بولىدىغان ئوق يىلتىزدۇر. مۇقەددەم دېگەندە، شۇ دەۋرنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئالىملىرىدىن مىسال كەلتۈرىمىز. قەدىمكى گرېتسىيىدە ياشاپ، سەييارىمىزدىكى هەممە خەلق تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان سوقرات بىلەن شاگىرتلىرىنىڭ بىر قېتىملىق سۆھبەت خاتىرىسىدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

— دۇنيادا ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ ياخشى نەرسە نېمە؟ دەپ سورىدى سوقرات شاگىرتلىرىدىن. شاگىرتلىرىدىن بىرى «كامىل ئەقىل» دەپ جاۋاب بەردى. ئىككىنچىسى «ياخشى دوست» دېسە، يەنە بىرى «چارە-تەدبىر» دەپ جاۋاب بەردى.

سوقرات ئۇلارنىڭ پىكرىنى لايىق كۆرمىدى. شۇ چاغدا يەنە بىر شاگىرت:

— ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ ياخشى نەرسە — پاك قەلب، - دەپ جاۋاب بەردى.

سوقرات بۇ شاگىرتنىڭ پىكرىنى ماقۇللاپ: «بارىكاللا، توغرا ئېيتتىڭ، پاك قەلب بولسا، كامىل ئەقىلمۇ، ياخشى

دوستمۇ، چارە-تەدبىرمۇ بولىدۇ، پاك قەلب ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ بۈيۈك خىسلەتتۇر» دېدى. ئەدەب-ئەخلاق ئەنە شۇ پاك قەلبنى يېتىشتۈرۈپ، ئەشۇ بۈيۈكلۈك ئاساسىدا ئىنسان ۋە ئىنسانلىق غورۇرى ئۈچۈن ياخشى نەرسىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ مەنىۋى يىلتىزىدۇر. دۇنيادا قەلبنى يامان خىياللار چۇلغىۋالغان، قىلىقى بىرمۇنچە تەرەپلەردە ھايۋانغا يېقىنلاپ تۇرىدىغان، تەققى-تۇرقى ئەجدادلار روھىنى ئۇيالتقا قويۇپ قان-قېرىنداشلىق ھېسسىياتىنى داغلايدىغان، قىلىقلىرىنىڭ قالاق، سەتلىكىدىن مەدەنىي خەلقلەرنى سەسكەندۈرىدىغان، ئۇرۇشقاقلىقىدىن باشقا مىللەتلەر بىلەن جېدەل تېرىپلا يۈرىدىغان، گۈزەل ئۆرپ-ئادەتلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ بىر كۈنلۈك تويىنىمۇ ئۆزىنىڭ ياخشى خىسلەتلىرى بىلەن ئۆتكۈزمەيدىغان، بۇرنىنىڭ ئۇچىدىكى مەنپەئەتلەرگە ئىززىتىنى سېتىپ يەيدىغان ئەدەبسىز خەلقنى ھېچكىم ھۆرمەت قىلمايدۇ. بۇنداق ئىكەن، بىز ئەدەب ئەخلاقنى تۇرمۇشنىڭ كونكرېت كارتىنىسى بىلەن چىڭ بىرلەشتۈرۈپ تۇرۇپ، ئەدەب-ئەخلاق، ئەقىل-ئىدراك كامالىتىمىز بىلەن باشقا خەلقلەر ئالدىدىكى ئىززىتىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئەجدادلار روھىنى زامان تەلىپىدە يېڭىلىشىمىز كېرەك، ئەلۋەتتە.

بولۇپمۇ بىزنىڭ ئەخلاق-پەزىلىتىمىزدە ئەزىزلىنىپ كېلىۋاتقان ۋىجدان تارازىسىنى جان باقارلىق ئۈستىگە قويۇش، ئەھدىسىگە ۋاپا قىلىپ ۋاپاسىزلىقنى گۇناھ بىلىش، يالغانچىلىق، ساختىپەزلىكنى پەس كۆرۈپ راستچىللىقنى قەدىرلەش، مەردلىككە سۆيۈنۈپ خۇشامەتچىلىك، ئىككى يۈزلىمىچىلىككە نەپرەت كۆزى بىلەن قاراش، ھالال ئەمگەك بىلەن تىرىكچىلىك يارىتىپ، ھارامدىن مال جۇغلاشقا قارشى تۇرۇش، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرۈپ، ئوغرىلىق، قاراقچىلىق، بۇلاڭچىلىق، پارىخورلۇققا قارشى تۇرۇش، ياخشى ئادەتلەرنى ئۆستۈرۈپ خاسلىقىمىزنىڭ بەلگىلىرىنى مەڭگۈلەشتۈرۈش، تارىخىي ئىناقلىققا ۋارىسلىق قىلىپ جېدەلخورلۇققا يول قويماسلىق، بىرلىكتە چىڭ تۇرۇپ ئىچكى نىزا پەيدا قىلغۇچىلار، بۆلگۈنچىلەرنى جازالاش، ئاتا-ئانىلارنى، پىرى-ئۇستازلارنى ئالىي ھۆرمەت بىلەن ئىززەتلەپ، ئاتا-ئانا قارغىشى ئالغانلارغا، ئاتا-ئانىدىن باشقا سۆلەتۋازلارغا خۇشامەت قىلىدىغان تۈزكورلارغا نەپرەتلىنىش، يېتىم-يېسىرلەرگە، غېرىب-مىسكىنلەرگە غەمگۈزار بولۇپ، مۇشتۇمزورلارغا نەپرەتلىنىش، ئاجىز-مېيىپلارغا يار-يۆلەكتە بولۇپ، ئۇلارغا ئىئانە، خەيرىخاھلىق قىلىش، سەبر-تاقەتلىك، تەمكىن، ئوڭلۇق، مەسلىھەتلىك بولۇپ، يولسىزلىق، ۋالاقتەكورلۇق، ئالدىراڭغۇلۇقتىن ساقلىنىش، ئىلىم-پەنگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، نادانلىققا قارشى تىنىماي كۈرەش قىلىش، يامان سۆز، يامان ھەرىكەت، يالغان سۆز، ساختا ھەرىكەت، تەكەببۇرلۇق، زوراۋانلىق، بولۇپمۇ پاك ئادەملەرگە تۆھمەت قىلىپ ئىجتىمائىي جازالارغا سەۋەبچى بولىدىغان شۇملۇققا ھەرىكەت، سۆز ۋە سۈكۈت بىلەن قارشى تۇرۇشتەك ئېسىل ئەخلاقىي-پەزىلەتلەرنى دائىم روھىدا جارىي قىلدۇرۇپ، زامان رىقابىتىدە بۇنداق ئەدەب-ئەخلاق پەزىلىتىمىزنىڭ يېڭى سەۋىيىسىنى يارىتىشىمىز كېرەك.

خەلقىمىز ئەدەب-ئەخلاققا ۋە ئۇنى ئۆستۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان، بۈيۈك مەدەنىيەت ئەنئەنىسى بار خەلق ئىدى. شۇ ۋەجىدىن ئۇنىڭغا ئائىت ھېكمەت، ھېكايەت، مەسىلىلەرگە سۆيۈنۈپ ھەم ئەمەلدە كۆرسىتىپ كەلگەن. شۇنداق ئېيتىشقىمۇ بولىدۇكى، خەلقىمىز ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا ھەتتا ۋىجدان، ئىبادەت، ئېھسان كەلىمىلىرىنى زىكرى قىلغاندىمۇ. ئۇلارنىڭ مەركىزىي مەزمۇنلىرىنى ئەدەب-ئەخلاق ھەققىدىكى نەسىھەت دەپ باش ئۇرۇپ، ئەدەب-ئەخلاقنى ئىنسان خىسلىتىنىڭ گۈلتاجىسى قىلىپ كەلگەن. ئەجدادلار «ھېكمەت بۇ مۆئمىن كىشىنىڭ يوقاتقان نەرسىسىدۇر» دېگەننى زىكرى قىلغاندا، ئەدەب-ئەخلاققا بولغان تەلپۈنۈشنى ھېكمەت ئىزدەشكە ئوخشىتىپ، ئەدەب-ئەخلاقنى گۈزەللىك دۇنياسىغا، لەززەتنىڭ ئاساسىغا، كۆڭلى دۇنياغا يارامىلىق قورالغا تەڭلەشتۈرگەن. راست، ئەدەب-ئەخلاقلىق، سۆزى شېرىن، خۇلقى گۈزەل ئادەم تولىمۇ يېقىملىق ئادەمدۇر. بۇنداق ئادەملەرنىڭ باسقان قەدەملىرىدىن گۈل ئۈنىدۇ. ئۇلار نەگە بارسا ئەزىزلىنىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۆزىنى مىللىي ئەدەب-ئەخلاق يوسۇنلىرى بىلەن، كۆڭلى ئىنسانىيەت ئەمەل قىلىۋاتقان ئىنسانلىق ئۆلچەملىرى بىلەن چەكلىمەي، شەيتانى ھەۋەسلىرى بويىچە ئۆزىنى ئاتالمىش «ئەركىن» قويۇۋەتكەنلەر، ھەر نېمە دېگەن بىلەن كىشىلەر نەزىرىدە ئەرزىمەستۇر. چۈنكى، ئۆز جەمئىيىتىگە جاۋابكارلىق پوزىتسىيە تۇتمىغان، ئۆزىگە ئۆز قەۋمى ھەققىدە تەلەپ قويمىغان، زادىلا بىرەر مىللىي ئادەت ھەم ئەخلاق تەلەپلىرىگە پەرۋا قىلمايدىغان «ئەركىن»لەر ناھايىتى ئاڭلىق بولغان شەخسىيەتچى ساراڭلار بولۇپ، بۇنداق ساراڭلار ئەلۋەتتە نەگە بارسا شۇ يەردە ئەرزىمەستۇر.

موھەممەددىن جۇۋەينى بۇ ھەقتە مۇنۇ ھېكايەتنى بىزگە سۇنىدۇ: ئەدەب خەزىنىسىنى يۈرىكىگە جۇغلىغان بىر يىگىت بار ئىدى. ئۇ ئۆز بەختىنى تاپالماي بىرنەچچە ۋاقىت سەرسان سەرگەندانلىقتا يۈردى. كۈنلەردىن بىر كۈنى نۇشىرۋاننىڭ خادىملىرىدىن بىرىنىڭ خىزمىتىگە كىرىپ قالدى. ئۇ يەردىكى قىيىنچىلىق ۋە مەكرو خىياللارنىڭ ئازابىغا قانچىلىك

سەۋر قىلمىسۇن بىرەر پايدا كۆرمەدى. قاراڭغۇ تۈنلەرنى بولسا ئېغىر خىياللار بىلەن ئۆتكۈزدى، بېيىت:

كۈننىڭ جامالىنى كۆرمەي دېگەنگە،
تۈندە سەۋر قىلماق يالغۇز چارىسى.
گۆھەر قىدىرغۇچى مېھنەتتىن قورقسا،
قولىغا چىقمىغاي دۇرنىڭ پارچىسى.

بىر كۈنى نۇشىرۋان مەجلىس ئۇيۇشتۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆز مۇلازىملىرىدىن: «ئەڭ يۇمشاق نەرسە نېمە؟» دەپ سورىدى. بىراۋ: «شاهى» دەپ جاۋاب بەردى. بىراۋ بولسا «تاۋۇس پەيلىرى» دېدى. يەنە بىراۋ بولسا: «شاهىدىن يۇمشاق يەنە نېمە بولسۇن» دېدى. بۇ چاغدا ئۇ يىگىت ساراي تۆپىسىدە تۇرغانىدى. ئۇ مۇلازىملارنىڭ جاۋابلىرىدىن نۇشىرۋاننىڭ كۆڭلى قانائەت تاپمىغ غىنىنى كۆرۈپ، سۆزلەشكە ئىجازەت سورىدى. ئىجازەت بولغاندىن كېيىن دېدى: «ئەڭ يۇمشاق نەرسە تىنچلىقتۇر» . نۇشىرۋان ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئېيتتى ۋە يەنە: «ئەڭ ياخشى غىزا قايسىدۇر؟» دەپ سورىدى. يىگىت: «شەھۋانىي ھېسسىياتنى ئاشۇرمايدىغان ۋە تەندە ئىللەت قوزغاتمايدىغان غىزا ئەڭ ياخشى غىزادۇر» دەپ جاۋاب بەردى. يەنە سورىدى: «گۈللەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ شېرىن ھىد چاچىدىغان گۈل قايسى؟» يىگىت: «ئاتا-ئانا تىرىكلىكىدە ئۇلارنى خۇرسەنت قىلىدىغان، ئۆلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ نامىنى ياقىيلاشتۇرىدىغان ھايات گۈلى بولمىش پەرزەنت!» دەپ جاۋاب بەردى.

نۇشىرۋان يىگىتنى تەقدىرلىدى ۋە ئۆز ھاكىملىرى قاتارىغا قوشتى. بېيىت:

دىمىا ناچارلىقتا قالسا ھەم بىر كۈن،
ئۈمىدى ھاسىلىدىن كۆرسىتەر نىشان.
مۈشۈكنى كۆر لىباسقا بېكىتىلسە ھەم،
ھىد ساچىپ ئۆزىنى قىلۇر نامايان!

بۈگۈنكى كۈندىمۇ بىز ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئەنە شۇ ئىزچىللىقنى قەلبىمىزگە پۈكۈپ، ئىنسانىيەت ئورتاق ئەمەل قىلىۋاتقان ۋە ئەجدادلىرىمىزدىن مىراس قالغان پارلاق ئەنئەنە ھەم ئەدەب-ئەخلاق ئۆلچەملىرىدە تۇرىدىكەنمىز، ئەشۇ يىگىتتەك بەختلىك بولۇپ، خار-زارلىقتىن ساقلىنىمىز، ئەزىزلىنىمىز، بۇ ئۆلچەملەردە تۇرمايدىكەنمىز، ئۆزىنى يوگەنلىمەي ھەممىلا ئىشتا «ئەركىن» لىكنى تەلەپ قىلىدىغان ساراڭلار قاتارى ئەرزىمەسلىككە يۈزلىنىمىز. چۈنكى، بۇۋىمىز ھەزرىتى ئەلىشىر ناۋايى ئېيتقاندەك، «ئادەملەرنىڭ تەبىئىتى بىرەر نەرسىگە ئادەتلىنىپ قالسا، ئۇنىڭغا داۋاملىق ئېرىشىشنى ئىستەيدۇ... ئۇ ئادەت كۈچەيگەنسېرى ۋە كونىرىغانسېرى ئۇ كىشىنىڭ تەبىئىتىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.» ئاخىرى بېرىپ يىلخىلىقتا ماڭغانلارمۇ، يامان يولغا ماڭغانلارمۇ تېگىشلىك بەختكە، تېگىشلىك خار-زارلىققا ئۇچرايدۇ. بەزىلەر خۇددى بۇ دۇنياغا ئۆز جەمئىيىتىدىن ئېلىشقا تۇغۇلغاندەك، بېرىش مەجبۇرىيىتى يوقتەك قىلىشىدۇ. بۇلار ئەنە شۇ يامان تەبىئەتكە كۆنۈپ قېلىۋاتقانلار بولۇپ، تارىخىي ساۋاقلاردىن ئىبرەت ئالمىغان بۇنداق تاماخورلار ئەرزىمەس نەرسىلەرگە ئايلىنىپ كېتىدۇ.

دېمەك، بىزنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشىمىزدا ئەدەب-ئەخلاق ئاچقۇچلۇق رول ئوينايدىغان ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈك بولۇپ، ئۇ ھەربىر ئادەمنىڭ تونۇشتۇرۇشى سۈپىتىدە، ھەممە مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئالدىدا ماڭىدۇ. بىر ئادەم بىر ئادەمنى پەقەت ئۇنىڭ ئەدەب-ئەخلاقى ئارقىلىق چۈشىنىپ ئېلىپلا، دەرھال ئۇنىڭغا تېگىشلىك ھۆرمەت ئىپادىلەيدۇ، شۇڭا، تۇرلۇك-تۈمەن ئىشلار ئىچىدە «ئۆزىنى تۇتۇپ، ئەدەپكە قايتماق» ھەممىدىن زۆرۈردۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەدەب بىلەن ئادەمنىڭ بەھرىنى ئاچىدىغان ئەخلاقلىق ئادەمگە سۆيۈنۈش ۋە ئەدەبسىزلىك قىلىپ ئادەمنىڭ كۆڭلىنى مالال قىلىدىغان ئەخلاقسىز ئادەمگە نەپرەتلىنىش ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق تەبىئىتى. مۇشۇ ۋەجىدىن ئەدەب-ئەخلاقتا كامال تاپقان مىللەتلەر ئېلىمىزنىڭ دۇنيانىڭ ھۆرمەت تۆرىگە چىقسا، ئەكسىچە بولغان مىللەتلەر ئۇلار ئالدىدا تاشلاندۇق بولۇپ قالىدۇ. بۇ ئەھۋال ھەربىر ئادەم ۋە ھەربىر مىللەتكە ئەدەب-ئەخلاقلىق بولۇشنى شەرت قىلىدۇ. بىز مۇشۇنداق بىر رىقابەتتە شاللىنىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن، ئوقۇرمەنلىرىمىزدىن بۇ سەھىپىنى بار مەسلىھەت ئېچىپ، ياخشى مەسلىھەت، مول ماتېرىيال، جىددىي تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن تەمىنلەپ، بۇنى ھەممىمىز تەربىيىلىنىدىغان ئەدەب-ئەخلاق مۇنبىرىگە ئايلاندۇرۇۋېلىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

قەلەم تەۋرەتكۈچى: ئىسلامجان شېرىپ

# ئەدەب-ئەخلاق توغرىسىدا ھېكمەت، ھېكايەت

## سوقرات ھەققىدە ھېكايەتلەر.

سوقرات شاگىرتلىرىغا تەلىم بېرىپ دەپتۇ: — ئەگەر بىراۋنى ئۆزۈڭگە دوست تۇتماقچى بولساڭ، ئاۋۋال ئۇنىڭ تەرجىمىھالىنى ياخشى ئۆگەن! بىرىنچىدىن، ئۇ يىلىش ۋاقتىدا ئاتا-ئانىسىغا قانداق مۇئامىلىدە بولغان؟ ئىككىنچىدىن، قېرىنداشلىرى ۋە بۇرادەرلىرىگە سەمىمىي مۇئامىلە قىلغانمۇ، ئۇلار ئۇنىڭدىن رازى بولغانمۇ؟ ئۈچىنچىدىن، ئۇ ياشلىق دەۋرىدە خۇش-خۇي مۇئامىلىسى بىلەن كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەنمۇ؟ ياكى بەتبەشىل بولۇپ، جامائەتنى ئۆزىدىن بەزدۈرگەنمۇ؟ تۆتىنچىدىن، بىراۋ ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلغان بولسا، ئۇ كىشىدىن مىننەتدار بولغانمۇ؟ ئۇنىڭغىمۇ ياخشىلىق قىلغانمۇ؟ بەشىنچىدىن، كەيپ-ساپا، ئەيش-ئىشرەتكە بېرىلگەنمۇ؟ پەقەت ئۆز مەنپەئىتىنىلا كۆزلىگەنمۇ-يوقمۇ؟

* * *

سوقرات:

— ياخشى سۆز كۆڭۈلنى، چىرايلىق خەت كۆزنى يورۇتىدۇ، — دېگەنىكەن.

* * *

سوقرات شاگىرتلىرىغا يەنە:

— ھۈنەردىن ياخشىراق، ئىلىمدىن ئۇلۇغراق نەرسە يوق، شەرمۇ ھايادىن ئېسىلراق بېزەك، زىبۇ-زىننەت يوق، بەتبەشىللىكتىن يامانراق دۈشمەن يوق، — دېگەنىكەن.

* * *

سوقرات بىر قېتىمقى سۆھبەتتە:

— ئاقىل، دانا كىشىلەر ھالال كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ، تاپقان مال-دۇنيالىرىدىن مۇھتاجلارغا خەير-ئېھسان بېرىدۇ. غەزەپلەنگەن چاغلىرىدا تىلىنى يامان سۆزلەردىن، قولىنى كىشىلەرگە ئازار بېرىشتىن ساقلايدۇ، — دەپتۇ.

* * *

سوقرات بىر دوستىغا:

— نادان كىشى ئۆز نادانلىقىنى سۈكۈت قىلىپ بىلدۈرمىسە، شۇ خۇسۇسىيىتى بىلەنمۇ ئۇنى ئاقىللاردىن ھېسابلاش مۇمكىن. لېكىن نادانلىق بىلەن سۈكۈت بىر ئادەمدە جەم بولمايدۇ، — دېگەنىكەن.

* * *

سوقرات بىر دوستىغا يەنە:

— مال-دۇنيا ئاشۇرۇشقا كۆپ ھەۋەس قىلما، چۈنكى كۆپ ھەۋەس قىلغاندا ئۇنىڭ خىيانىتى كۆپىرەك بولىدۇ. ئۇ بىر مەزگىل بىراۋنى سەمرىتسە، بىر مەزگىل يىغلىتىدۇ.

باشقىلارنىڭ يېنىدا بىراۋغا كەمچىلىكلىرىنى ئېيتىپ نەسىھەت قىلىش — ئۇنى كىشىلەر ئارىسىدا نومۇسقا قالدۇرۇش دېمەكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن خالى جايدا نەسىھەت قىلىش كېرەك، — دەپتۇ.

* * *

بەتخەجلەردىن بىرى سوقراتقا كەمبەغەل بولۇپ قالغانلىقىدىن شىكايەت قىلغانىكەن، سوقرات ئۇ كىشىگە مەسلىھەت بېرىپ:

— بەتخەجلىكىڭىزگە چەك قويۇپ، پۇلىڭىزنى تېجەڭ، ئۆزىڭىز ئۆزىڭىزدىن قەرز ئېلىڭ! — دەپتۇ.

* * *

سوقرات بىر سۆھبەتتە:

— كۆڭۈلنىڭ ئىككى ئاپىتى بار، بىرىنچىسى: ئۆتكەن ئىشقا قايغۇرۇش، ئىككىنچىسى: كەلگۈسى ئىشنى ئويلاپ غەم-ئەلەم تارتىشتۇر. بىرىنچىسىدىن، ئادەم كۆپ ئۇيقۇچان بولسا، ئىككىنچىسىدىن، ئۇيقۇسىزلىققا مۇپتىلا بولىدۇ، — دېگەنىكەن.

* * *

سوقرات شاگىرتلىرىدىن:

— دۇنيادا ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ ياخشى نەرسە نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

شاگىرتلىرىدىن بىرى:

— كامىل ئەقىل، — دەپتۇ. ئىككىنچىسى:

— ياخشى دوست — دېسە، يەنە بىرى:

— چارە — تەدبىر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

سوقرات ئۇلارنىڭ پىكرىنى لايىق كۆرمەپتۇ. شۇ چاغدا بىر شاگىرت:

— ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ ياخشى نەرسە — پاك قەلب، — دەپتۇ.

سوقرات بۇ شاگىرتنىڭ پىكرىنى ماقۇللاپ:

— بارىكاللا، توغرا ئېيتتىڭ، پاك قەلب بولسا، كامىل ئەقىلمۇ، ياخشى دوستمۇ، چارە-تەدبىرمۇ بولىدۇ، پاك قەلب ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ بۈيۈك خىسلەتتۇر، —

دېيتۇ.

## سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىي ھەققىدە ھېكايەت

سۇلتان مەھمۇدنىڭ ناھايىتى چىرايلىق بىر بېغى بار ئىكەن. بىر كۈنى باغدا ئاتىسى سەبۇكتېكىن شەرىپىگە زىياپەت بېرىپتۇ. زىياپەتتىن كېيىن، ئوغلى ئاتىسىدىن:

— ئەزىز ئاتا، مېنىڭ بۇ بېغىم ھەققىدە نېمە دەيسىز، كۆڭلىڭىزگە ياقتىمۇ، — دەپ سوراپتۇ. ئاتىسى جاۋاب بېرىپ:

— ئەي كۆزۈمنىڭ نۇرى ئوغلۇم، بېغىڭ ناھايىتى گۈزەل، دىلكۈشا باغ بولۇپتۇ، ئەمما دۆلەتلىك، باي ھەربىر ئادەم بۇنداق باغنى بەرپا قىلالايدۇ، لېكىن سەن كۆپ كىشىلەر مۇيەسسەر بولمىغان بىر باغنى ۋۇجۇدقا كەلتۈر، ئۇنىڭ مېۋىسىدەك مېۋە ھېچ يەردە بولمىسۇن، — دېيتۇ.

— ئۇ قانداق باغ؟

— ئۇ باغ — ئالىم، پازىللار، ئەدىپ، شائىرلار، دانىشمەنلەر ۋە باشقا ئەخلاقلىق ئۇلۇغ زاتلارنىڭ سۆھبىتىدۇر. شۇ ئۇلۇغ زاتلاردىن تەربىيە ئېلىپ، ياخشى ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش — ئۇنىڭ دەرىخى، ياخشى نامغا ئىگە بولۇش — مېۋىسىدۇر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئاتىسى.

## لوقمان ھەكىم ھەققىدە ھېكايەتلەر

رىۋايەت قىلىنىشىچە، لوقمان بابۇر ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەنىكەن. ئۇ داۋۇت پەيغەمبەر زامانىسىدا ھايات كەچۈرگەن، داۋۇتتىن بىلىم ئالغانىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاجايىپ ئىقتىدارى، زېرەكلىكى ۋە ئىلمى بىلەن شۆھرەت قازىنىپ داڭقىنى چىقارغان؛ ئىلىم ئۆگىنىشتە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا، شەيئىيلەرنى كۆزىتىپ يەكۈن چىقىرىشتا كامالەتكە يەتكەن؛ ھۆكۈم يۈرگۈزۈشتە ئادىل ۋە ھەققانىيەت تەرەپدارى بولغان؛ پىكىر يۈرگۈزۈشتە تەپەككۇرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، گۈزەل ئەخلاقى ۋە خوش پېئىللىقى بىلەن يۇرت ئەھلىگە تونۇلغان. بۇ، لوقمان ھەكىمنىڭ خۇسۇسىيىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار ئىكەن. كىمىكى لوقماندىن بىر نەرسىنى سورىسا، ئۇ زادىلا تەمتىرىمەي توغرىسىنىلا ئېيتىدىكەن.

لوقمان داۋۇت پەيغەمبەرگە بىر مەزگىل ھەمراھ بولۇپ، ئۇنىڭدىن تەربىيە ئاپتۇ. بىر كۈنى داۋۇت لوقماننى چاقىرتىپ:

— بىر قوينى سويۇپ، ئىككى ياخشى ئەزاسىنى ئېلىپ كەل، — دەپ بۇيرۇپتۇ.

لوقمان بىر قوينى سويۇپ، قوينىڭ تىلى بىلەن يۈرىكىنى ئېلىپ كەپتۇ.

داۋۇت يەنە بىر كۈنى لوقماننى چاقىرتىپ:

— بىر قوينى سويۇپ، ئەمدى ئىككى يامان ئەزاسىنى ئېلىپ كەل، — دەپ تاپشۇرۇپتۇ. لوقمان بىر قوينى سويۇپ، ئۇنىڭمۇ تىلى بىلەن يۈرىكىنى ئېلىپ كەپتۇ. داۋۇت:

— مەن بىر قوينىڭ ئىككى ياخشى ئەزاسىنى ئېلىپ كەل، دېۋىدىم، سەن تىلى بىلەن يۈرىكىنى ئېلىپ كەلدىڭ، خوش، ئىككى يامان ئەزاسىنى ئېلىپ كەل، دېسەممۇ، تىلى بىلەن يۈرىكىنى ئېلىپ كەلدىڭ. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

لوقمان جاۋاب بېرىپ:

— تىل بىلەن يۈرەك — ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ بۇلىقى. بۇ ئىككىسى ياخشى بولسا، ئادەممۇ بەختلىك ۋە ياخشى بولىدۇ. بۇ ئىككىسى يامان بولسا، ئادەممۇ يامانلىق ۋە بەختسىزلىكتىن خارىج تاپالمايدۇ. ئۇنداق بولىشى، تىل يۈرەكنىڭ جارچىسى. يۈرەك نېمىنى ئويلىسا، تىل شۇنى سۆزلەيدۇ. كۆڭۈلگە كەلگەننى ئالەمگە ئايان قىلىدۇ، — دەپتۇ.

* * *

لوقمان ھەكىم ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ:

— ئوغلۇم، كىشىلەر سۆزگە ئۇستىلىقى بىلەن ماختانسا، سەن سۈكۈت قىلىش بىلەن ماختان. ھەر نەرسىنىڭ دەلىلى بار. ئەقلىنىڭ دەلىلى — پىكىر، پىكىرنىڭ دەلىلى — سۈكۈتتۇر، — دەپتۇ.

* * *

لوقمان بىر قېتىملىق سۆھبەتتە:

— بوشاڭلىق — غەيرەتسىزلىك — ئۈمىد ۋە مۇۋەپپەقىيەتنىڭ كۈچىنى بوشاشتۇرىدىغان بىر مەرەزدۇر. ئىنسانىيەت سائادىتىدىن مەھرۇم بولۇپ مەيۇسانە ياشاش — جۈرئەتسىزلىكنىڭ نەتىجىسىدۇر، — دەپتۇ.

* * *

بىر يىگىت لوقمان ھەكىمدىن ئەقىل سوراپ كەپتۇ. لوقمان ئۇنىڭغا مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك ئەقىلنى ئۆگىتىپتۇ:

— مىڭ كىشىنىڭ چىرايىنى تونۇغىچە، بىر كىشىنىڭ ئىچىنى بىل؛ تۆردە ئولتۇرساڭ، كېيىن كەلگەنلەرگە ئورنىڭنى بەرمە؛ يېنىڭدىكىلەرگە پىچىقىڭنى بەرمە.

يىگىت قايتىپ كېتىپتۇ. ئارىدىن تالاي ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە لوقمان ئۆزى ئەقىل ئۆگەتكەن ھېلىقى يىگىتنى چاقىرتىپ:

— مەن بىر بۇرادىرىمنىڭ ئۆيىگە بارماقچىمەن، سېنى بىللە ئېلىپ بارىمەن. يېقىنراق بارغاندا، دوستۇمنىڭ ئالدىغا سەن بالدۇرراق كىرىپ، مېنىڭ كېلىۋاتقان-

لىقىمنى خەۋەر قىلىپ سۆيۈنچى سورا، كۆپ مال-دۇنياغا ئىگە بولىسەن، — دەپتۇ.

يىگىت ماقۇل بولۇپ، لوقمان بىلەن بىللە يۈرۈپ كېتىپتۇ. شەھەرگە يېقىن قالغاندا، يىگىت ئىلگىرى بېرىپ، لوقماننىڭ دوستىغا:

— سىزنىڭ دوستىڭىز كېلىۋاتىدۇ، دەپتۇ. لوقماننىڭ دوستى — پادىشاھ:

— مېنىڭ دوستلىرىم كۆپ، كېلىۋاتقان قايسى دوستۇم ئۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. يىگىت جاۋاب بېرەلمەپتۇ، چۈنكى لوقماننىڭ ئىسمىنى بىلمەيدىكەن. كەلگۈچىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن پادىشاھ باشقا بىر كىشىنى ئەۋەتىپتۇ. ئۇ، لوقمان ھەكىمنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى شۇ ھامان ئېيتىپ كېلىپ، سۆيۈنچى سوراپتۇ. پادىشاھ كېيىنكى ئادەمگە خېلى نۇرغۇن سۆيۈنچى بېرىپتۇ. يىگىت سۆيۈنچىدىن قۇرۇق قاپتۇ.

لوقمان كەلگەندىن كېيىن، پادىشاھ ئۇنىڭ شەرىپىگە كاتتا زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇپتۇ. ھېلىقى يىگىت لوقماننىڭ ھەمراھى بولغانلىقى ئۈچۈن تۆردىن ئالاھىدە ئورۇن ئاپتۇ. بىراق، پادىشاھنىڭ دوستى بىلەن سالاملىشىپ دىدارلىششقا كەلگۈچىلەر كۆپىيىۋېرىپتۇ. يىگىت كەلگەن مېھمانلارنى تۆرگە چىقىرىۋېرىپ، ئۆزى ئاخىرىدا پەگاغا چۈشۈپ قاپتۇ.

مېھمانلارغا داستىخان سېلىنىپ، تاماق كەلتۈرۈلۈپتۇ. تاماق كەلتۈرۈلگەندە، ھېلىقى يىگىتنىڭ يېنىدىكى ئادەمنىڭ پىچىقى بولمىغانلىقتىن، يىگىتتىن پىچاق سوراپتۇ. يىگىت ئالتۇن بىلەن نەقىشلىنىپ، ئالماستىن كۆز قويۇلغان پىچىقىنى ئۇنىڭغا بېرىپتۇ. گۆش پارچىلىنىپ، تاماق يېيىلىپ، داستىخان يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن، يىگىت پىچىقىنى سوراپتۇ. بىراق، پىچاقنى ئالغان ئادەمنىڭ پىچاققا ھەۋىسى كېلىپ، بەرگۈسى كەلمەپتۇ-دە، يىگىتتىن: «پىچاق راست سېنىڭمۇ» دەپ ئۈچ قېتىم سوراپتۇ. يىگىتمۇ قەتئىي ھالدا: «مېنىڭكى» دەپ ئۈچ رەت جاۋاب بېرىپتۇ. پىچاقنى ئالغۇچى پىچاقنى مېھمانلارغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— جامائەت، بۇ مېنىڭ ئاتامنىڭ پىچىقى ئىدى. يېقىندا كىمدۇر بىرسى ئاتامنى ئۆلتۈرۈپتۇ-دە، پىچىقىنى ئېلىپ كېتىپتۇ. مەن ئاتامنى كىمنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكىنى ۋە پىچاقنى كىمنىڭ ئالغانلىقىنى بىلەلمەي يۈرەتتىم. ھازىر ھەممە ئىش ئايان بولدى. ئاتامنى ئۆلتۈرگەن قاتىل مۇشۇ ئىكەن. ئەمدى ئاتامنىڭ خۇنىنى ئالىمەن، — دەپ يىگىتنىڭ ياقىسىدىن ئاپتۇ. بۇنىڭغا يىگىت جاۋاب تاپالماي، گاڭگىراپ قاپتۇ.

بۇ ئىشقا شاھىد بولۇپ ئولتۇرغان لوقمان، يىگىتنى سىرتقا چاقىرىپ، مۇنداق مەسلىھەت بېرىپتۇ:

— مەن ساڭا ئۈچ تۈرلۈك مەسلىھەت بەرگەنىدىم. ئۇنىڭ بىرىنىمۇ ئېسىڭدە ساقلىماپسەن. «مىڭنىڭ چىرايىنى تونۇغىچە، بىرىنىڭ ئىچىنى بىل» دېگەنىدىم، بۇ گەپكە ئېتىبار بەرمەي سۆيۈنچىدىن قۇرۇق قالدىڭ، ئىززەت-ھۆرمەتتىن قۇرۇق قالدىڭ؛ «تۆردە ئولتۇرغاندا، كېيىن كەلگەنلەرگە ئورنىڭنى بەرمە» دېگەنىدىم، بۇ گەپكە ئېتىبار بەرمەي ئورنىڭنى بېرىپ، پەگاغا چۈشۈپ قالدىڭ؛ «يېنىڭدىكى كىشىگە پىچىقىڭنى بەرمە» دېگەنىدىم، سۆزۈمگە سەل قاراپ، پىچىقىڭدىن ئايرىلدىڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر ئادەمنىڭ خۇنىغا زامىن بولغان قاتىل بولدۇڭ. بۇنىڭدىن قانداق قىلىپ قۇتۇلماقچىسەن؟ مەن ساڭا يەنە بىر ئەقىل ئۆگىتەي: سەن ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن جامائەتنىڭ ئالدىدا، ساڭا تۆھمەت قىلغۇچىدىن: «مۇشۇ پىچاق راستىنلا سېنىڭمۇ؟» دەپ ئۈچ قېتىم سورا، ئۇ: «مېنىڭ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. شۇ چاغدا سەن: «سەپەرگە كېتىۋاتقان ئاتامنى يولدا بىر بۇلاڭچى ئۆلتۈرۈپتۇ، ئەسلىدە قاتىل ئالدىراپ كەتكەنلىكتىن قان بىلەن بويالغان بۇ پىچاق ئاتامنىڭ جەسىتى يېنىدا قاپتۇ. مەن قاتىلنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي، ئۇزۇن ۋاقىتتىن بۇيان مۇشۇ پىچاقنى يېنىمدا ساقلاپ، كىشىلەرگە كۆرسىتىپ كېلىۋاتىمەن. مۇشۇ پىچاق كىمنىڭ بولسا، شۇ مېنىڭ ئاتامنى ئۆلتۈرگەن قاتىل. ئاتامنى ئۆلتۈرگەن قاتىل نەق مۇشۇ ئىكەن. ئاتامنىڭ خۇنىنى ئېلىپ بېرىڭلار» دېگىن. شۇنىڭ بىلەن مۇرەسسەگە كېلەلمەي، ئىش بىزنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىمىزغا ھاۋالە قىلىنىدۇ. شۇ چاغدا بۇ ئىشنى ئوڭايلا بىر تەرەپ قىلىشقا بولىدۇ.

يىگىت ئۆيگە كىرىپ: «پىچاق راست سېنىڭمۇ» دەپ ئۈچ مەرتىۋە سوراپتۇ. ھېلىقى كىشى: «ھە، مېنىڭ!» دەپ قايتا-قايتا جاۋاب بېرىپتۇ. لوقماننىڭ مەسلىھەتى بويىچە يىگىت چۇقان كۆتۈرۈپ، ئاتىسىنىڭ خۇنىنى ئالماقچى بولۇپتۇ. بۇلارنىڭ تالاش-تارتىشىنى يالغۇز مېھمانلارلا ئەمەس، ھەتتا پادىشاھمۇ ھەل قىلالماي، ئاخىرى لوقماننىڭ بىر تەرەپ قىلىشىنى سوراپتۇ. لوقمان ئۇلارنىڭ شىكايىتىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن:

— ھەر ئىككىڭلار يالغان سۆزلىدىڭلار، — دەپتۇ لوقمان، — سەن پىچاققا زوقلىنىپ، ئۇنى بەرگىڭ كەلمەي، بوھتان قىلدىڭ. سەن تۆھمەتتىن قۇتۇلۇپ، پىچىقىڭنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئاشۇنداق غەۋغا كۆتۈردۈڭ، ھەقىقەتەن بۇ پىچاق سېنىڭ!

شۇنىڭدىن كېيىن لوقمان پىچاقنى يىگىتكە ئېلىپ بېرىپتۇ. ئىككى تەرەپ ئالماي-بەرمەي ماجىراسىنى تۈگىتىپتۇ.

لوقماندىن ئەقىل ئۆگەنگەن بۇ يىگىت ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن، ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھاياتىدا ئۇنىڭ مەسلىھەتىنى ئېسىدە چىڭ ساقلاپ كەلگەنىكەن.

* * *

لوقمان:

— ھەممە يۈكنى كۆتۈردۈم، ئەمما بۇرچتىن ئېغىرراق يۈكنى كۆرمىدىم. ھەممە لەززەتنى تېتىدىم، ئەمما سالامەتلىكتىن مەززىلىك لەززەتنى تېتىمىدىم. ئەڭ شېرىن لەززەت ساق-سالامەتلىكتە ئىكەنلىكىنى بىلدىم، دېگەنىكەن.

* * *

لوقمان ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ:

— ئەدەب-ئەخلاقلىق بولۇپ، ۋىجدانىي بۇرچىڭنى ئادا قىلىدىغان بول؛ كىشىلەرگە ياخشىلىق قىل؛ ئادەملەرنى ياخشىلىققا دەۋەت قىلىپ، يامانلىقتىن يىراق تۇرىدىغان قىل؛ ئۆمرۈڭدە يولۇققان قىيىنچىلىقلارغا سەۋرچانلىق بىلەن بەرداشلىق بەر؛ بىرسى ساڭا ئۆكتەملىك قىلىپ زۇلۇم سالسا، سەن ئادىللىق بىلەن كەچۈرىملىك بول؛ دۇنيادا ئابروي-ئاتاق ئۈچۈن ياشىما، كىچىك پېئىل بول؛ ھەرقانداق ئىشتا ئۆزۈڭنى تۇتۇشنى بىل، ئالدىراڭغۇ بولما، سۆرەلمىلىكمۇ قىلما؛ سىلىق-سىپايى بول، ھاكاۋۇر، چوڭچى، قۇرۇق سۆز بولۇپ قالما. شۇ ئارقىلىق خەلققە ئۈلگە بول، — دەپتۇ.

* * *

لوقماندىن:

— سىز بىراۋنىڭ قارا تەنلىك قۇلى ئىدىڭىز، ئەمدى ئۇلۇغ دەرىجە ئىگىسى بولۇپ قالدىڭىز، قايسى ئىش سىزنى شۇنداق ئۇلۇغ دەرىجىگە كۆتۈردى؟ — دەپ سورىغانىكەن، لوقمان:

— ھەر دائىم توغرا سۆزلىدىم، ئامانەتكە خىيانەت قىلمىدىم، مەنىسىز، بىھۇدە سۆزلەرنى قىلىشتىن ئۆزۈمنى تارتتىم. مانا مۇشۇ ئۈچ خىسلەت مېنى ئۇلۇغ دەرىجىگە كۆتۈردى، -دەپتۇ.

* * *

لوقماندىن:

— ھېكمەتلىك سۆزلىرىڭىز، ئەدەب-ئەخلاققا دائىر ۋەز-نەسىھەتلىرىڭىز بىلەن كۆپ كىشىلەرنى توغرا يولغا سالدىڭىز. نەسىھەتلىرىڭىز كار قىلماي، ئۆزىنىڭ يامان خۇي-پەيلىدىن يانمىغان كىشىلەرمۇ بارمۇ؟ — دەپ سورىغانىكەن، لوقمان:

— بار، ئۇ — جاھىل، بەتپېئىل ئادەم. ئۇنى شۇ يارىملىس خۇلقىدىن قايتۇرۇشقا ھەرقانچە تىرىشسامۇ پايدىسىز بولۇپ چىقتى، تۈزىتىشتىن ئاجىز كەلدىم. — دەپتۇ.

* * *

لوقمان بىر قېتىمقى سۆھبەتتە:

— نەپسىڭنىڭ كەينىگە كىرمە، قانائەتلىك بول. ئۆزۈڭدە يوق سۈپەتلەرنى ئېيتىپ سېنى ماختىغان كىشىنىڭ سۆزلىرىگە ئالدانما. دوستلىرىڭ بىلەن نىزالاشما. ھېچكىمنى ئۆزۈڭدىن پەس كۆرمە. سىرىڭنى ئاشكارا قىلما. مال-دۇنيالىرىڭغا مەغرۇر بولما. ھەر كىمگە ئوچۇق چىراي، شېرىن سۆز بىلەن مۇئامىلە قىل، — دېگەنىكەن.

* * *

لوقمان ھەكىمدىن:

— ھېكمەتنى كىمدىن ئۆگەندىڭىز؟ — دەپ سورىغانىكەن، لوقمان:

— ھېكمەتنى كورلاردىن ئۆگەندىم، چۈنكى ئۇلار قەدىمى باسقاندا يەرنىڭ ئېگىز-پەسلىكىنى سەزمىگىچە ماڭمايدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

* * *

لوقمان ھەكىمدىن:

— نەسىھەتلىرىڭىزدىن ياشلارغا ئائىتلىرى كۆپرەك، ئەمما يېشى توختىغانلارغا ئائىتلىرى كەمرەك، بۇنىڭ ۋەجى نېمىدىن؟ — دەپ سورىغانىكەن، لوقمان جاۋاب بېرىپ، دەپتۇ:

— باغۋەن يەرنى يۇمشىتىپ، كۆچەت تىكىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىنى خەس-چۆپتىن، زىيانلىق پارازىتلاردىن تازىلاپ، ئۆز ۋاقتىدا سۇغىرىپ تۇرسا، ياخشى پەرۋىش قىلسا، پات پۇرسەتتە كۆچەت دەرەخ بولۇپ ۋايىغا يېتىدۇ، ئۇنۇملۇك، ھوسۇللۇق بولىدۇ.

بالىنىمۇ يىش چېغىدىن ياخشى تەربىيىلىسە، گۈزەل ئەخلاقلىق، ئەدەبلىك قىلىپ ئۆستۈرسە، ئۇ بالا ئۆزىگە، ئاتا-ئانىسىغا بەخت كەلتۈرىدۇ، جەمئىيەتنىڭ ئەڭ پايدىلىق ئەزاسى بولۇپ يېتىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ياشلار تەربىيىسىگە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىمەن. شۇڭا، ۋەز-نەسىھەتلىرىمنىڭ كۆپ قىسمى ياشلارغا ئائىتتۇر.

## نۇشىرۋان ھەققىدە ھېكايەتلەر

نۇشىرۋانغا بىر كىشى:

«پۇقرالىرىڭىزدىن پالانى كىشىنىڭ مال-مۈلكى شۇ قەدەر كۆپكى، سىزنىڭ خەزىنىڭىزدە ئۇلارنىڭ يۈزدىن بىرىمۇ يوق» دەپ خەت يېزىپتۇ. بۇنىڭغا نۇشىرۋان مۇنداق جاۋاب قايتۇرۇپتۇ:

«خۇداغا مىڭ قەترە شۈكرى، بىزنىڭ سايىمىزدا پۇقرالىرىمىز بىزدىن بايراق بولۇشۇپتۇ.» كېيىن ئاشۇ مەلۇمات بەرگەن كىشىنى تېپىپ ئەدىبىنى بېرىپتۇ.

* * *

نۇشىرۋاننىڭ بىر خىزمەتچىسى ئۇنىڭ يېنىدا بىر كىشىنى يامانلاپتۇ. نۇشىرۋان ئۇ چېقىمچىغا:

— ئۇ كىشى ھەققىدە ئېيتقانلىرىڭنى ئەتراپلىق تەكشۈرىمەن. ئەگەر راست سۆزلىگەن بولساڭ، سېنى تەقدىرلەيمەن، چېقىمچىلىق قىلغان بولساڭ، سەندىن

نەپرەتلنىمەن، سېنى دۈشمىنىم دەپ بىلمەن، يالغان سۆزلىگەن بولساڭ، نەپرەتلنىمەن ۋە ساڭا جازا بېرىمەن: چېقىمچىلىق قىلغان بولساڭ تووۋا قىل، كەچۈرىمەن، — دەپتۇ.

خىزمەتچى چېقىمچىلىق قىلغانلىقىغا تووۋا قىپتۇ. نۇشىرۋان ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈپتۇ.

* * *

نۇشىرۋان مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

— بىر ئىبرەتلىك ۋەقە مېنىڭ ئادالەتلىك بولۇشۇمغا سەۋەب بولدى. ياش چېغىمدا بىر كۈنى ئوۋغا چىقىپ، ئېتىمنى ھەر تەرەپكە چاپتىم. پىيادە يۈرگەن بىر كىشى تاش ئېتىپ بىر ئىتنىڭ ئايىغىنى سۇندۇردى. ئۇ كىشى بىرنەچچە قەدەم ماڭا-ماڭمايلا مېنىڭ ئېتىم تېپىپ، ئۇنىڭ ئىككى پۇتىنى سۇندۇردى. كېيىن ئېتىم بىر قۇرام تاشقا پۇتلىشىپ، ئىككى پۇتىنى سۇندۇردى. مەن بۇ ۋەقەنى كۆرگەندىن كېيىن ئۆز-ئۆزۈمگە: «كۆردۈڭمۇ، ئۇلار نېمە قىلىشتى ۋە نېمە كۆرۈشتى؟ ھەركىم بىر ئەسكى ئىشنى قىلسا، ئۆزى خالىمىغان ئىشنى كۆرىدۇ» دېدىم. شۇ ۋەقەدىن ئىبرەت ئالدىم.

* * *

نۇشىرۋاننىڭ ئەقلۇ-زاكاۋەتلىك بىر ۋەزىرى بار ئىكەن، شۇ ۋەزىر بىر ئەمىرنى قوللاپ-قۇۋۋەتلەپ يۈرۈيدىكەن. ئەمىرنىڭ ئېيتقىنى ئېيتقان، دېگىنى دېگەن ئىكەن.

بىر كۈنى ئاشۇ ئەمىرنىڭ پۇقرالىرىدىن بىرى نۇشىرۋاننىڭ ھۇزۇرىغا ئەرزگە كېلىپ:

— سېنىڭ ئەمىرىڭ بىزگە ھەددىدىن ئارتۇق جەبرى-جاپا قىلىۋاتىدۇ، بىزدىن ئارتۇق خىراج تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

نۇشىرۋان ئاشۇ ئەمىرنى سارايغا ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. بىراق ئەمىر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، قېچىپ كېتىپتۇ.

شۇ چاغدا نۇشىرۋان ئۇنى قوللاپ-قۇۋۋەتلەپ يۈرىدىغان ۋەزىرنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا جازا بېرىپتۇ.

بۇنىڭغا ھەممە ھەيران بولۇپ:

— شەھرىيارى ئالەم، گۇناھكار ئەمىرغۇ، سىز نېمىشقا ۋەزىرنىڭ ئەدىبىنى بەردىڭىز؟ — دېسە، نۇشىرۋان جاۋاب بېرىپ:

— جازالانغۇچى، زالىمنى بىزگە يېقىن قىلغاندى. مۇسانىڭ ئەلىمنى ئەيسادىن ئالدۇق دەپ شۇنى ئېيتىدۇ، — دەپتۇ.

* * *

بىر كىشى نۇشىرۋاننىڭ تۇغقانلىرىدىن بىرقانچىنى ئۆلتۈرۈپ قېچىپ كېتىپتۇ. بىر مەزگىلدىن كېيىن قاتىل نۇشىرۋاننىڭ يېنىغا قايتىپ كەپتۇ. نۇشىرۋان ھەيران بولۇپ:

— ئەجەب يۈرىكىڭ پۇتۇن، قورقمايدىغان، جاسارەتلىك ئىكەنسىنا؟ تۇغقانلىرىمدىن بىرقانچىنى ئۆلتۈرۈپ چوڭ گۇناھ قىلساڭمۇ قەھر-غەزىپىمدىن قورقماي يەنە يېنىمغا قايتىپ كەپسەن؟ — دېگەنىكەن، ئۇ كىشى تازىم قىلىپ:

— سىزنىڭ ئېپۇ-مەرھەمەتىڭىزنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ياخشى بىلىمەن. گۇناھىم زور بولسىمۇ، ئېپۇ ۋە مەرھەمەتىڭىز ئۇنىڭدىنمۇ ئۇلۇغراقتۇر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

نۇشىرۋان ئۇنىڭ سۆزىنى مەقۇل كۆرۈپ، گۇناھىنى كەچۈرۈپتۇ، ئىنئام-ئېھسان بېرىپتۇ. نۇشىرۋاننىڭ يېقىنلىرىدىن بىرى:

— شۇنداق چوڭ گۇناھكارنى قولىغا چۈشۈرۈپ، ئۆچ ئالماي، ئۇنىڭ سۆزىگە ئالدىنىپ ئازاد قىلىۋەتتىڭىز، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ — دەپتۇ.

— ئىش مەن ئويلىغاندەك ئەمەس، ئۇنىڭدىن ئۆچ ئالسام، نەپسىم شادلىنىدۇ، ئازاد قىلسام، ئۇنىڭ كۆڭلى شادلىنىپ، دۇنيادا نامىم ياخشىلىق بىلەن ياد ئېتىلىدۇ. مانا شۇنى ئويلاپ، ئۇنى ئازاد قىلدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ نۇشىرۋان.

* * *

نۇشىرۋان بىر كۈنى شىكارغا چىقىپ، سەھرانى ئايلىنىپ كېتىۋېتىپ، ياڭاق كۆچىتى تىكىۋاتقان بىر بوۋاينى كۆرۈپ قاپتۇ.

— ئەي بوۋا، نېمە قىلىۋاتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ نۇشىرۋان.

— خۇدا ئۆمرىڭىزنى زىيادە قىلسۇن، ياڭاق كۆچىتى تىكىۋاتىمەن، — دەپتۇ بوۋاي.

— سەن قېرىپ قالغان كىشى ئىكەنسەن، بۇ كۆچەت قاچان ۋايىغا يېتىپ، قاچان مېۋە بېرىدۇ؟ — دەپتۇ نۇشىرۋان.

— باشقىلار تىكتى، بىز يېدۇق. بىز تىكىمىز، باشقىلار يەيدۇ، — دەپتۇ بوۋاي.

نۇشىرۋان بۇ سۆزگە تەھسىن ئوقۇپتۇ ۋە: «ئاپىرىن!» دەپتۇ. ئەگەر نۇشىرۋانغا بىرەر ئىش يېقىپ قالسا: «ئاپىرىن!» دەيدىكەن، شۇ چاغدا شۇ ئادەمگە تۆت يۈز دەرھەم پۇل بېرىشىدىكەن.

نۇشىرۋان بوۋاينىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ: «ئاپىرىن!» دېگەنىكەن، ئۇنىڭغا تۆت يۈز دەرھەم بېرىشىپتۇ.

— ھېچكىمنىڭ كۆچىتى مەن تىككەن كۆچەتتەك تېز ھوسۇل بەرمىگەن، — دەپتۇ بوۋاي، نۇشىرۋان يەنە «ئاپىرىن!» دەپتۇ.

بوۋايغا يەنە تۆت يۈز دەرھەم بېرىشىپتۇ.

— پادىشاھنىڭ نەزەرى چۈشكەنلىكى ئۈچۈنمۇ، بۇ كۆچەت بىر يىلدا ئىككى قېتىم ھوسۇل بەردى، —

www.uyghurkitap.com



دېسە، نۇشىرۋان يەنە «ئاپىرىن!» دەپتۇ، يەنە تۆت يۈز دەرھەم بېرىشىپتۇ.

### ھارۇن رەشىد ھەققىدە ھېكايىلەر

قەدىمكى ئەرەبلەرنىڭ «ئابباسىيە دۆلىتى» خەلىپىلىرىدىن ھارۇن رەشىد كۈنلەردىن بىر كۈنى باغداد كوچىلىرىنىڭ بىرىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، مەكتەپتىن ئۆيلىرىگە قايتىپ كېتىۋاتقان باللارغا ئۇچراپ قاپتۇ. بىر بالىنىڭ ئۆز دوستلىرىغا قىلغان خۇش مۇئامىلىسى، دانە-دانە سۆزلىرى خەلىپىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلب ئېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئەقىللىق، پاراسەتلىك ۋە زېرەك بالا ئىكەنلىكىنى بايقاپ، دەرھال ئالدىغا چاقىرىپ ئاپتۇ ۋە ھۆرمەتلەپ بېشىنى سىلاپ-سىپاپ ئۇنىڭغا بىر دىنار ئالتۇن بېرىپتۇ.

بالا خەلىپىنىڭ ھەدىيىسىنى قوبۇل قىلماي، دوستلىرى يېنىغا كەتمەكچى بولۇپتۇ. ھارۇن رەشىد ئۇنى توختىتىپ:

— ئوغلۇم، مەن بەرگەن ھەدىيىنى نېمىشقا قوبۇل قىلمايسەن؟ خەلىپىنىڭ ھەدىيىسىنى قوبۇل قىلماسلىق تەربىيىسىزلىك ئالامىتى ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ.

بالا خەلىپىگە تازىم بەجا كەلتۈرۈپ:

— سۆزىڭىزنىڭ توغرىلىقىغا شۈبھە قىلمايمەن. ئاتا-ئانامنىڭ: «خەلىپىلەر بىر ئادەمگە ھەدىيە بەرمەكچى بولسا، پەقەت بىر ئالتۇن ئەمەس، بەلكى كۆپرەك ئالتۇن بېرىدۇ» دېگەن سۆزلىرىنى كۆپ ئاڭلىغانىدىم. ئەگەر بەرگەن بىر دىنار ئالتۇنىڭىزنى ئالسام، ئۆيگە بېرىپ ئاتا-ئانامغا: «خەلىپە ھارۇن رەشىد ماڭا بىر دىنار ئالتۇن ھەدىيە قىلدى» دەپ كۆرسەتسەم، بىلەمسىز، شۇنداق يامان ئەھۋالدا قالىمەنكى، ئەلبەتتە ئاتا-ئانام سۆزۈمگە ئىشەنمەيدۇ ۋە ماڭا:

— يالغان دېيسەن، ھارۇن رەشىد خەلىپە بولۇپ تۇرۇقلۇق بىر دىنار ئالتۇن بېرىشى مۇمكىن ئەمەس، سەن نادان، ئەلۋەتتە، بىراۋنىڭ بۇ ئالتۇنىنى ئوغرىلاپ ئېلىپ كەلگەنسەن، دەرھال ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەر، كەچۈرۈم سورا، ئالتۇن ئىگىسى ياشلىقىڭنى ئېتىبارغا ئېلىپ گۇناھىڭنى كەچۈرىدۇ، — دەپ ماڭا كايىيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىر تال ئالتۇنىڭىزنى ئېلىپ، بېشىمنى غەۋغاغا قويۇشنى، ئاتا-ئانامنى نارازى قىلىشنى خالىمايمەن، مېنى كەچۈرۈڭ! — دەپتۇ.

ھارۇن رەشىد بۇ ئەقىللىق، پاراسەتلىك، زېرەك بالىنىڭ بىر-بىرىدىن ئورۇنلۇق ۋە چىرايلىق سۆزلىرىنى ئاڭلاپ زوقلىنىپتۇ، ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ پېشانىسىدىن سۆيۈپتۇ. كىتاب سالغان جىلتىسىنى ئالتۇن بىلەن تولدۇرۇپ، ئۇنىڭغا ھەدىيە قىپتۇ، ئەتىسى ئۇنى ھۇزۇرىغا چاقىرىپ تەربىيىسىگە ئاپتۇ.

* * *

ھارۇن رەشىدنىڭ ئوغلى مەئمۇن رەشىد ئىلىم-پەننى سۆيگۈچى، ئالىملارنى ھىمايە قىلغۇچى بىر زات بولۇپ، بالىلىق چېغىدىن باشلاپ زاكاۋەت ۋە پاراسەتكە ئىگە ئىكەن، ھەركىم ئۇنى ياخشى كۆرىدىكەن.

مەئمۇن ياش چېغىدا ئاتىسى ھارۇن ئۇنى خۇسۇسىي مۇئەللىمدە ئوقۇتۇپتۇ. مۇئەللىمنىڭ بىر ئادىتى بار ئىكەن: دەرس ۋاقتىدا بېشىنى سېلىپ يەرگە قاراپ ئولتۇرىدىكەن. ئەگەر بىر جۈملىنى خاتا ئوقۇسا، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قاراپ قويىدىكەن.

بىر كۈنى مەئمۇن مۇئەللىم ئالدىدا بىر كىتاب ئوقۇپتۇ. كىتابقا يېزىلغان: «ھۆددىسىدىن چىقالمىغان نەرسىگىزگە نېمىشقا ۋەدە بېرىسىز؟» دېگەن جۈملىنى ئوقۇغاندا، مۇئەللىم بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا بىر قاراپ قويۇپتۇ. مەئمۇن:

«بەلكى خاتا ئوقۇغان بولسام كېرەك» دەپ جۈملىنى دىققەت بىلەن تەكرار يەنە ئوقۇپتۇ، مەئمۇن دەرستىن كېيىن ئاتىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ئاتا، مۇئەللىمگە بىرەر نەرسە بېرىشكە ۋەدە قىلغان بولسىڭىز، دەرھال ۋەدىڭىزگە ۋاپا قىلىڭ، — دەپ بولغان ۋەقەنى ئاتىسىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. ھارۇن رەشىد:

— ئوقۇتقۇچىڭ مەندىن بىر نەرسە سورىغانىدى، مەن ئۇنىڭ سورىغىنىنى بېرىشكە ۋەدە قىلغانىدىم، ئېسىمدىن چىقىپ كېتىپتۇ، — دەپتۇ، ئۇ، ئوغلىنىڭ پاراسىتىدىن خۇشال بولۇپتۇ ۋە مۇئەللىمگە بەرگەن ۋەدىسىنى دەرھال ئورۇنداپتۇ.

سەممىيلىك ۋە ئەقىل-پاراسەت ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك نەرسىدۇر. بۇ خىسلەتكە ئىگە بولغان ئىنسان ھەرقانداق ئىشتىن نەتىجە قازىنالايدۇ.

* * *

ھارۇن رەشىدنىڭ ئىككى خوتۇنىدىن ئىككى ئوغلى بار ئىكەن. بىرى مۇھەممەد ئەمىن بىننىي ھارۇن، ئىككىنچىسى مەئمۇن بىننىي ھارۇن. خەلىپە بولسا، مەئمۇننى ئەمىندىن ياخشى ۋە ئۈستۈن كۆرىدىكەن.

بىر كۈنى ئەمىننىڭ ئانىسى:

— ئەي خەلىپە، نېمە ئۈچۈن مەئمۇننى مۇھەممەد ئەمىندىن يۇقىرى قويىسەن؟ ئەخىر ئىككىلىسى ئۆز پەرزەنتىڭغۇ!؟ — دەپتۇ.

— ئىككىلىسىنى سىناپ كۆرمىلى، سەۋەبىنى شۇ چاغدا چۈشىنىسەن، — دەپتۇ ھارۇن.

ئۇ بىر مۇلازىمنى چاقىرىپ، مۇھەممەد ئەمىن ۋە مەئمۇندىن بىر نەرسىنى سوراپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. مۇلازىم مۇھەممەد ئەمىننىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— ئەي مۇھەممەد ئەمىن، مۇبادا تاج-تەخت سىزنىڭ قولۇڭىزغا چۈشسە ماڭا قانداق ئىنايەت كۆرسىتەرسىز؟ — دەپتۇ.

— ساڭمۇ؟ — دەپتۇ مۇھەممەد ئەمىن، — ساڭا كاتتا ئىنايەت كۆرسىتىمەن. سېنى ئۆزۈمگە ئەڭ يېقىن مەسلىھەتچى قىلىۋالىمەن.

مۇلازىم كېلىپ شۇ سوئالنىڭ ئۆزىنىلا مەئمۇنغىمۇ بېرىپتۇ. بۇ سوئالغا مەئمۇننىڭ غەزىپى كېلىپ، ئۇغىسى قايناپ كېتىپتۇ-دە، ئالدىدىكى، ئالتۇندا ياسالغان سىيا قۇتىسىنى ئېتىپ مۇلازىمنىڭ بېشىنى يېرىپ تاشلاپتۇ ۋە پىغانى پەلەككە ئۆرلەپ:

— قېنى، ئېيتقىنا، نېمە ئۈچۈن ئاتامنىڭ ئۆلۈمى ساڭا كېرەك بولۇپ قالدى؟ مەن ھەممە خىزمەتكارلارنى ئۇنىڭ بىر پەرزەنتى دەپ بىلەر ئىدىم، سەن مۇتەھەم ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى كۈتۈپ يۈرگەنىكەنسەن-دە! — دەپتۇ.

بېشىنى يېرىپ كەلگەن مۇلازىم، بولغان ئىشنى ھارۇن رەشىدكە سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئاندىن ھارۇن رەشىد خوتۇنىغا قاراپ:

— مەن پەرزەنتلىرىمنىڭ ھەر قايسىسىغا ئۆزىنىڭ پەم-پاراسىتى ۋە خۇي-پېئىلىگە قاراپ مۇئامىلە قىلىمەن، — دەپتۇ.

* * *

ھارۇن رەشىد بىر سۆھبەتتە:

— كىشىلەرنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلىش ماڭا قانچىلىك ھۇزۇر بېغىشلايدىغانلىقىنى يۇقىرىلىرىم بىلسە، ئېھتىمال مېنىڭ ھۆكۈمرانلىقىمدا گۇناھ قىلغان بىرمۇ ئادەم تېپىلماس ئىدى، — دېگەنىكەن.

* * *

ھارۇن رەشىد چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە، ئۇنىڭ ئىككى چىشى چۈشۈپ كەتكەنمىش. بۇنىڭدىن خەلىپىنىڭ كەيپى ئۇچۇپ، مۇنەججىم، مۇئەببىرلەرنى چاقىرىپتۇ. ئۇلاردىن، كۆرگەن چۈشىنىڭ تەبىرىنى سوراپتۇ:

شۇ چاغدا مۇئەببىرلەردىن بىرى:

— ئەي ئەمىرۇلمۆئمىن، پۈتۈن قەۋم-قېرىنداشلىرىڭ ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭ ئۆلۈپ، ئۆزۈڭ يەككە-يېگانە قالىدىكەنسەن، — دەپتۇ.

ھارۇن رەشىدنىڭ يۈرەك-باغرى ئېزىلىپ، — بۇ سوغ نەپەس مۇئەببىرنى يۈز دەررە ئۇرۇڭلار، — دەپ پەرمان بېرىپتۇ. بۇ تەبىر ئۇنىڭغا ئارام بەرمەپتۇ. ئەتىسى باشقا بىر مۇئەببىرنى چاقىرتىپ، بۇ چۈشىنىڭ تەبىرىنى سوراپتۇ.

ئىككىنچى مۇئەببىر:

— ئەي ئەمىرۇلمۆئمىن، خۇدايىتائالا سىزگە ئۇزۇن ئۆمۈر، چەكسىز دۆلەت بەرگەن، سىز ھەممە قەۋم-قېرىنداش ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭىزدىن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىكەنسىز، — دەپتۇ.

بۇ سۆزدىن ھارۇن رەشىد خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ ۋە بۇ مۇئەببىرگە يۈز دىنار ئىنئام بېرىپتۇ.

ھارۇن رەشىد بۇ ئىشقا ھەيران بولغان ئوردا ئەھلىگە:

— ئىككىلىسى بىر گەپنى ئېيتتى، ئەمما بۇ، پىكرىنى ئەدەب بىلەن، چىرايلىق سۆزلەرنى تېپىپ ئېيتقانلىقى ئۈچۈن يۈز دىنار مۇكاپاتقا سازاۋەر بولدى، بىرىنچىسى تامدىن تارشا چۈشكەندەك قوپال سۆزلەرنى ئېيتىپ قويۇپ يۈز دەررە يېدى، — دەپتۇ.

* * *

ھارۇن رەشىد ۋەزىرى جەپەر ۋە يېقىن بىر خىزمەتچىسى بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. گەپتىن گەپ چىقىپ، جەپەر ھارۇندىن:

— نېمىدىن ئەڭ كۆپ زوقلىنىسىز؟ — دەپ سورىغانىكەن، ھارۇن رەشىد:

— مەن چىرايلىق كىيىملەرنى كىيدىم، لەززەتلىك تائاملارنى يېدىم، ئەڭ ئېسىل شارابلارنى ئىچتىم، بۇلارنىڭ ھېچبىرى مېنى زوقلاندۇرالمىدى. ئۆمرۈمنىڭ مۇشۇ كۈنلىرىدە ساپ، تازا ھاۋادىن نەپەس ئېلىش، بىر پىيالە مۇزدەك سۈپسۈزۈك سۇ ئىچىش ۋە بالا-چاقىلىرىمنىڭ ئەتراپىدا كېپىنەك بولۇپ ئايلىنىپ يۈرۈش ئەڭ چوڭ زوقىمدۇر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ھارۇنمۇ جەپەرگە شۇنداق بىر سوئال بەرگەنىكەن، جەپەر:

— مەرھەمەت قىلىپ بەرگەن بېغىڭىزدا ئويناپ كۈلۈپ ئۆمۈر ئۆتكۈزۈش مەن ئۈچۈن ئەڭ زور زوقتۇر، — دەپتۇ.

جەپەرنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھارۇن رەشىد سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرغان خىزمەتچىسىگىمۇ شۇ سوئالنى بېرىپتۇ. خىزمەتچى كۈلۈپ:

— مېنىڭ ئالىدىغان زوقۇم سىلەرنىڭكىدىن تامامەن باشقىچىدۇر. قانداق زوق دەمسىز؟ يېتىم-يېسىرلەرگە، مۇھتاجلارغا قولدىن كەلگۈچە ياردەم بېرىش، ئومۇمەن، ھەممىگە ياخشىلىق قىلىش مەن ئۈچۈن ئەڭ زور زوق. بۇ، زوق — خەلق كۆڭلىگە نەقىش ئېتىلگەن، شائىرلار تەرىپىدىن ماختالغان، ھەممىگە ماقۇل ۋە مەقبۇل بولغان زوقتۇر، — دەپتۇ.

ھارۇن رەشىد خىزمەتچىسىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئورنىدىن تۇرۇپ جەپەرگە:

— بۈگۈنكى سۆھبىتىمىز يېتىدۇ، بۇ خىزمەتچىمىز ھەق سۆزلەر بىلەن مېنىمۇ مەغلۇب قىلدى، — دەپتۇ.

## ھۈسەيىن كاشىفى ھەققىدە ھېكايەتلەر

ھۈسەيىن ۋائىز كاشىفى بىر قېتىملىق نۇتقىدا:

— ھەرقانداق كىشىدە مۇلايىملىق، خۇش مۇئامىلىلىك بار بولسا، كامال تېپىشتىن باشقا ئېھتىمال يوقتۇر. ھەرقانداق كىشى بەتپېئىل بولسا، ۋەيران بولۇشتىن باشقا چارە يوقتۇر. خۇش پېئىللىق، مۇلايىملىق ھەممە نېمەتلەرنىڭ ياخشىراقىدۇر، — دېگەنىكەن.

* * *

www.uyghurkitap.com



ھۆسەيىن ۋائىز كاشىفىدىن:
— ياشلار ئۈچۈن نېمە قىلىش ياخشىراق؟ — دەپ سورىغانىكەن، ھۆسەيىن كاشىفى:
— شەرمى-ھايا ۋە باتۇرلۇق، — دەپتۇ.
ئۇنىڭدىن يەنە:
— قېرىلارغىچۇ؟ — دەپ سورىسا، كاشىفى:
— سەۋر-تاقەت ۋە مەرىپەت، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

* * *

ھۆسەيىن ۋائىز كاشىفى:
— ھىممەتسىز پەسكەش كىشى بېخىل، پېخسىق كىشىدىن يامانراقتۇر. بېخىل ئۆزىنىڭ پۇل، مېلىدىن ئۆزى پايدىلانسىمۇ، باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزمەيدۇ. پېخسىق ئۆزىمۇ يېمەيدۇ ۋە باشقىلارغىمۇ يېدۈرمەيدۇ. ھىممەتسىز، پەسكەش كىشى ئۆزى يېمەيدۇ، باشقا كىشىلەرگىمۇ يېدۈرمەيدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىر كىشىنىڭ يەنە بىر كىشىگە ياردەم قىلغانلىقىنى كۆرەلمەيدۇ، ئۇ، كىشىنىڭ لۇتۇف-كەرەم قىلىشىغا يول قويمايدۇ، — دېگەنىكەن.

* * *

ھۆسەيىن ۋائىز كاشىفى:
— ھەسەت، باشقىلارنىڭ راھىتىنى كۆرەلمەسلىك — ھەممە سۈپەتلەر ئىچىدىكى ئەڭ پەس سۈپەتتۇر. ھەسەت ھىممەت پەسلىكى ۋە كۆڭۈل پەسلىكىدىن ھاسىل بولىدۇ. بۇلار جاھالەت نەتىجىلىرىدۇر. ھەسەتچى ئۆز ھەسىتىنىڭ تەسىرىدىن بىر كۈنى ئۆزى ھالاكەت چوڭقۇرىغا يىقىلىدۇ، — دەپتۇ.

نەسىھەتلەر

△ كىشىنى ئالچىقى كەلگەندە سىنىغىل.
△ دوستنى زىيان مەھەلدە (ئۈستىدە) سىنىغىل.
△ سۆزنى ھۆججەت بىلەن سۆزلە.
△ ئۇستازىڭنى ئاتا-ئاناڭدىن ئەزىز تۇت.
△ ئالچىق بىرلە سۆز ئېيتما.
△ ئۆز ئورنۇڭنى بىلىپ ئولتۇر.
△ ھەر كىمنىڭ ئۆيىگە كىرسەڭ، تىلىڭ بىرلە كۆزۈڭنى يىغىپ ئولتۇر.
△ ئاز سۆزلىمەك، ئاز يېمەك، ئاز ئۇخلىماقنى ئادەت قىل.
△ بىلمىگەن ئىشقا ئۇستازلىق قىلما.
△ كىشىنىڭ پۇلىغا كۆڭۈل باغلىما.
△ موييسپىت (ئۆزۈڭدىن چوڭ كىشىلەر) گە قاتتىق سۆز قىلما.
△ ھاجەتمەننى نائۈمىد (قۇرۇق) ياندۇرما.
△ مېھماننى ئىشقا بۇيرىما.
△ مېھماننىڭ ئالدىدا كىشىلەرگە ئاچچىقلانما.
△ مەست بىلەن دىۋانىغا سۆزلىمە.
△ سۆزنى كۆڭلۈڭدە پىشۇرۇپ ئاندىن سۆزلە.
△ ئۆزۈڭدىن چوڭ كىشىلەرگە ئويۇن-چاقچاق قىلما.
△ بىر قېتىم سۆزلىگەن سۆزلى قايتا سۆزلىمە.
△ كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئۆزۈڭنى ۋە خوتۇنۇڭنى ماختىما.
△ ئۆلگەن كىشىنىڭ يامان گېپىنى قىلما.
△ ئالدىڭدا كېلىۋاتقان ئىشقا چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈز.
△ ئاز گەپ قىلىشنى ئۆزۈڭگە ئادەت قىل.
△ بىر ئادەمدىن بىر ھىكمەتلىك نەرسىنى كۆرمىگۈچە ئۇنى ماختاۋەرمە.
△ ئەخمەقلەر سۆز قىلغىلى تۇرسا، ئۇنىڭغا ئارىلاشماي سۈكۈت قىل (جىم تۇرۇۋال).
△ ئىككى يۈزلىمە ئادەمدىن مەدەت (ياردەم) تەلەپ قىلما، ئۇنىڭدىن يىلاندىن قاچقاندەك قاچ.
△ ساڭا ياخشىلىق قىلغان ئادەمگە ئۇنىڭ باراۋىرىدە ياخشىلىق قىل.
△ ئاچچىقىڭ كەلگەندە، ئۆزۈڭنى بېسىۋال.
△ ئوغلۇم: ئۆزۈڭدىن چوڭلارنىڭ خىزمىتىنى قىلماق بىلەن، كىچىكلەرگە مېھرى-شەپقەت قىلماق بىلەن، كەمبەغەللەرگە خەيرى-ساخاۋەت قىلماق بىلەن، دوست-يارەنلەرگە ۋە تاۋابىئاتلىرىڭگە ۋەز-نەسىھەت قىلماق بىلەن، جاھىل-نادانلارغا سۈكۈت ساقلاش بىلەن، ئالىملارغا ئەدەب-ھۆرمەت ئىتائەتتە بولماق بىلەن ئۆمرۈڭنى ئۆتكۈزگەيسەن.

* * *

پەرزەنتلەرگە ئاتا-ئانىلارنىڭ تۆۋەندە قەيت قىلىنمىش ھەققىنى ئادا قىلماق قەرزدۇر:
ئاچ بولسا ئۇلارغا تائام بەرگەيسەن؛ يالىڭاچ بولسا كىيىم-كېچەك بەرگەيسەن؛ خىزمىتىڭگە مۇھتاج بولسا ئۇلارغا خۇرسەنلىك بىلەن بىجاندىل خىزمەت قىلغايسەن؛ چاقىرسا ھازىر بولغايسەن؛ ئىشقا بۇيرىسا پەرمانبەردار بولغايسەن؛ ئۇلارغا مۇلايىملىق بىلەن سۆزلىگەيسەن؛ ئۇلارنىڭ ئاتلىرىنى ئاتاپ چاقىرمىغايسەن؛ ئەگەر ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ بىر يەرگە بارساڭ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا ماڭغايسەن؛ ھەرنىمەرسىنى ئۆزۈڭگە لايىق بىلسەڭ، ئاندىن ئۇلارغىمۇ لايىق بىلگەيسەن؛ ئۇلارنىڭ ئالدىلىرىدا كۆپ ئولتۇرمىغايسەن؛ ئۇلار زىرالىق بەرمىسە سەپەرگە چىقمىغايسەن؛ ئۇلار كۆرۈنسىلا ئورنۇڭدىن تۇرۇپ تەزىم بىجا كەلتۈرگەيسەن ۋە ئىجازەت بەرمىگىچە ئولتۇرمىغايسەن؛ ئۇلار بىلەن قاراڭغۇدا بىر جايغا بارساڭ، ئۇ جاي خەۋپلىك بولسا ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ يول باشلاپ ماڭغايسەن؛ ئۇلارنىڭ ئالدىدا كۆپ سۆزلىمىگەيسەن ۋە چاقچاق قىلمىغايسەن؛ ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى كەمسىتمىگەيسەن؛ ئۇلار سۆزلەۋاتقاندا سۆزىنى ئارد-

لىمىغايسەن؛ ئۇلارنىڭ ئىپتىقان سۆزلىرىنى قايتۇرمىغايسەن؛ ئەمىر ۋە تەنبىھ بىلەن ئۇلارغا خىتاب قىلمىغايسەن؛ ئۇلارغا قاتتىق ئاۋازدا گەپ قىلمىغايسەن؛ ئۇلارنىڭ ئالدىدا «ئۇف» دېمىگەيسەن؛ ئۇلار ئۆيلەنسە ياكى ياتلىق بولسا قىمىرى قىلمىغايسەن؛ جۆرىسىنىڭ ھەر چەندە ھەقلىرىنى ئادا قىلسا ھەم ئۇلارغا ئازار بەرمىگەيسەن؛ ئۇلارغا ئۆمۈرۋايەت ئازار بەرمەسلىكنى نىيەت ئەتكەيسەن؛ ئۇلارنىڭ ئۆمۈرلىرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىنى تىلىگەيسەن؛ ئۆزۈڭدىن بۇرۇن ئۇلارغا كىيىم-كېچەك قىلىپ بەرگەيسەن؛ ئۇلارنىڭ تائامىنى ئۆزۈڭنىڭ تائامىدىن ياخشىراق ئەتكەيسەن؛ ئەگەر ئۇلار بىلەن بىللە بولساڭ تائامنىڭ ياخشىسىنى ئۇلارغا بەرگەيسەن؛ ئۇلارنىڭ قوللىرىغا ئاقچا بېرىپ تۇرغايسەن، چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھاجەتلىرى بولسا ئۇنى ئىزھار ئېتەلمەس، ئاقچىنى ھاجەتلىرىگە بىمالال سەرپ ئەتكەي؛ ئۆزۈڭنىڭ ماللىرىغا ئۇلارنىڭ يولىنى ئۇچۇق قىلىپ قويغايسەن؛ ئۇلار كېسەل بولسا جان-دىلىڭ بىلەن داۋالاتقايسەن؛ ئۇلار كېسەل بولسا ھاجەتخانىلارغىمۇ ھاپىلاش قىلىپ ئاپىرىشقا پىشانە تۈرۈشلۈك قىلمىغايسەن؛ ئۇلارنىڭ بىرىنى قويۇپ، يەنە بىرىنى رازى قىلمىغايسەن، سەن ھەرقانچە ئۇلۇغ بولۇپ كەتسەڭمۇ، ئۇلارغا ئۆمۈرۋايەت قۇل بولغايسەن.

«نادىرىل مېھراج»دىن

## ئاتا-ئانا ھەققىنى تونۇش ۋە ئورنىغا كەلتۈرۈش ھەققىدە

ئەي ئوغۇل، بىلىشىڭ كېرەككى، تەڭرى بۇ جاھاننى ئاۋات قىلىشنى ئىرادە قىلىپ، ئىنسانلارنىڭ نەسلىنى كۆپەيتىش ۋە بىر-بىرىگە باغلىنىشلىق قىلىش ئۈچۈن، شەھۋەت (ئىسپىرما) نى ياراتتى. ئاتا-ئانىلارنى پەرزەنتنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە سەۋەب قىلدى.

ئەي ئوغۇل، ئاتا-ئانىنىڭ ھەققى ۋە ھۆرمىتىنى ساقلىغايسەن، ئۆز ئەسلى-زاتىڭنى ئۇلۇغلىغايسەن. ئاتا-ئاناڭنى ھۆرمەت قىلساڭ، ئۆز ئەسلىڭنى ھۆرمەت قىلغان بولىسەن. ئاتا-ئانامنىڭ مەندە نېمە ھەققى بار دېمە، چۈنكى ئاتا-ئاناڭ سېنى دۇنياغا كەلتۈردى. ئاتا-ئاناڭ بولمىسا، سەن دۇنياغا كەلمەس ئىدىڭ. ئاتا-ئاناڭ ۋۇجۇدىدىن سېنى تۇغۇپ، چەكسىز جەۋرى-جاپالار بىلەن ئاسراپ، تەربىيىلەپ، ئەڭ چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن سېنى ئۆستۈرۈپ ئادەم قىلىپ، كىشىلىك قاتارىغا قوشتى. ئەگەر ئاتا-ئاناڭ سېنى شۇنداق يېتىشتۈرمىسە، سەن نەدىن كەلگەن بولاتتىڭ ۋە قانداق بولۇپ بۇ يىگىتلىك — ياشلىق ھالىتىگە يېتەتتىڭ؟

ئەمدى ساڭا زۆرۈرى، ئاتا-ئاناڭنى ئۆز جېنىڭنى قانداق سۆيسەڭ شۇنداق سۆيۈپ قەدىرلىگەيسەن، ئاتا-ئانىنى ھۆرمەتلىمىگەن — قەدرىنى بىلمىگەن پەرزەنت تەڭرى بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى سەۋەب بولغۇچى نەرسىنى بىلمىگەن بولىدۇ.

ئاتا-ئانىغا بوي سۇنماق پەرزدۇر. ئاللاتائالا: «تەڭرىگە ۋە تەڭرىنىڭ پەيغەمبىرىگە، ئۆزەڭلەردىن بولغان پەرمان ئىگىسىگە بوي سۇنۇڭلار» دېيدۇ. خۇدانىڭ بۇ ئەمرىدىكى «پەرمان ئىگىسى» ئاتا-ئانىنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاتائالا يەنە ئاتا-ئانىنى خورلىماسلىقنى، ئۇلارغا گۈزەل، ياخشى، يۇمشاق سۆزلەشنى بۇيرۇيدۇ. ئەگەر ئاتا-ئانا ھەققىنى دىن يۈزىسىدىن كۆرمىسەڭمۇ ئەقىل يۈزىسىدىن ئويلاپ كۆر، ئاتا-ئاناڭ سېنىڭ دۇنياغا كېلىشىڭگە ۋە ئۆسۈپ يېتىشىشىڭگە، تەربىيىلىنىشىڭگە سەۋەبچى بولغان تۇرسا، سەن ئۇلارنى ھۆرمەتلەپ، خىزمىتىنى ياخشى قىلمىساڭ، ياخشى پەرزەنت ۋە ياخشى ئادەم بولمىغان بولىسەن. ھەرقانداق ئادەم ئاتا-ئانىسى ھەققىنى ئادا قىلمىسا، باشقا كىشىلەرنىڭ ھەققىنى ئەسلا ئادا قىلالمايدۇ. مۇنداق ئادەم ياخشىلىقنىڭ قەدرىنى بىلمەيدىغان يامان ئادەم ھېسابلىنىدۇ. يامان ئادەمگە باشقىلارنىڭ ياخشىلىق قىلىشىمۇ دۇرۇس ئەمەس.

سەن ئەگەر پەرزەنتىڭدىن ھۆرمەت ئۈمىد قىلساڭ، ئالدى بىلەن ئۆزەڭ ئاتا-ئاناڭغا ھۆرمەت قىلىشىڭ لازىم. باللىرىڭ ئاتا-ئاناڭغا قىلغان ھۆرمەت ۋە خىزمىتىڭنى كۆرۈپ، ساڭا ئىززەت-ئىكرام ۋە ياخشى خىزمەت قىلىدۇ. چۈنكى، بالا ئاتا-ئانىنىڭ قىلمىشىنى كۆرۈپ ئۆگىنىدۇ. سەن بىر مېۋىلىك دەرەختكە ئوخشايسەن، باللىرىڭ شۇ مېۋىلىك دەرەختنىڭ مېۋىسى. ئاتا-ئاناڭنىڭ خىزمىتىنى قانچىلىك ياخشى قىلساڭ، شۇنچىلىك رازىلىقىنى — دۇئاسىنى ئالىسەن. ئاتا-ئانىنىڭ دۇئاسى ئىجاۋەتتۇر. ئاتا-ئاناڭ سەندىن رازى بولسا، تەڭرىمۇ سەندىن رازى بولىدۇ. ئەي ئوغۇل: «ئاتا-ئانام ئۆلسە ئۇلاردىن ماڭا مال-مۈلۈك، پۇل مىراس قالاتتى» دېمە، ھەتتا بۇنداق يامان خىيالنى كۆڭلۈڭگىمۇ كەلتۈرمە. ئاتا-ئاناڭ ئۆلۈشتىن بۇرۇن سەن ئۆلسەڭ قانداق قىلىسەن؟

ئەي ئوغۇل، ئۆزەڭنى يوقىرى مەرتىۋىلىك كىشىگە سېلىشتۇرۇپ قايغۇرما، ھەرقاچان ئۆزەڭدىن تۆۋەن مەرتىۋە، تۆۋەن تۇرمۇشتىكىلەرگە قاراپ ئۆز تۇرمۇشۇڭغا شۈكرى قىل. ئەگەر سەن يوقسۇل ئىكەنسەن. ئەقىل-ئىلمىڭ، ھۈنەر-كەسپىڭ بولسا، بايسەن. چۈنكى، ئەقىل-بىلىم — مال-مۈلۈك، بايلىقتىن ياخشى. ئەقىل-بىلىم بولسا، بايلىق ئۆزى كېلىدۇ. لېكىن ئەقىلنى، بىلىمنى پۇلغا سېتىۋېلىشقا بولمايدۇ، بىلىم بولمىسا مال-مۈلۈك، بايلىق قولدىن كېتىدۇ، تۈگەيدۇ. ئەمما ئەقىل-بىلىم داۋاملىق سەن بىلەن بىللە تۇرىدۇ.

ئەقىل-بىلىمىڭ بولسا، ھۈنەر-سانائەت ئۆگەنگىن. ئەقلىڭ، بىلىمىڭ ۋە ھۈنىرىڭ بار ئىكەن، ئەدەب-ئەخلاقىڭ ياخشى بولسۇن، چۈنكى، «ئەدەب — ئەقىلنىڭ سۈرىتى شەكلى» دۇر.

«قابۇسنامە»دىن

تەييارلىغۇچى: رىسالەت مۇھەممەد

www.uyghurkitap.com



# نادانلىق — ياۋۇزلۇق

ئىبراھىم ھەققۇلوۋ

## بىلىم — ئېتىقاد نۇرى

ئەلشىر نەۋائى ـ مەرىپەتپەرۋەر شائىر. نەۋائى ئىجادىيىتىدە مەرىپەت تەرغىباتى، خۇراپاتقا بەرھەم بەرگۈچى كۈچ سۈپىتىدە، ئىلىمنى ئۇلۇغلاش يۆنىلىشىنى بويلاپ داۋام قىلىدۇ. نەۋائى ياراتقان ئىلغار قەھرىمانلار ـ ياشلىقىدىن باشلاپلا ئىلىمگە چاڭقاق، ھۈنەرگە ئامراق كىشىلەر. ئۇلارنىڭ ئايرىملىرى دۇنياغا مەشھۇر ئەللامىلار قولىدا تەربىيە ئالغان. شۇ بۈيۈك زاتلاردىن پەن سىرلىرىنى ئۆگىنىپ، ئىنسانىي كامالەت يولىنى ئاچقان. بىز پەرھاد ھەققىدە گەپ ئاچساق دەررۇ تۆۋەندىكى قۇرلار يادىمىزغا چۈشىدۇ:

جاھاندا قالمادى ئول يەتمەگەن ئىلىم،
بىلىپ، تەھقىقىنى كەسب ئەتمەگەن ئىلىم.

مەجنۇن دەشتۇ چۆللەرگە چىقىپ كەتكەن جۇنۇن يىگىت بولغىنى بىلەن، ئۇ ئالەمدە بار بولغان ئىلىمنىڭ ھەممىسىنى پۇختا ئۆزلەشتۈرگەن ئالىم ۋە مۇتەپەككۇر يىگىت:

تاپىپ ئىلمى خىرەدغە پەيۋەند،
ھەم ئالىم ئىدىيۇ ھەم خىرەدمەند.

شىرىننىڭ ئۆزىلا ئەمەس، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى دىلئارام، دىلئارا، دىلئاسا، گۈلئەندام ...غا ئوخشاش خىزمەتكارلىرىمۇ ئالىمە، شائىرە، پەيلاسوپ، تارىخچى، سەنئەتكار قىزلار. دانا ۋە بىلىمدان ئوغۇل قىزلىرىنىڭ سېپى كەمك بولمىغان ۋەتەن ـ بېرىم تەلەي ۋەتەن. بۇنداق يۇرتتا ھېچنېمىدە تولۇقلۇق بولمايدۇ، چالا ساۋات يۇرتتا شىجائەت نېمجان، ئۈمىدىنىڭ قانىتى سۇنۇق بولىدۇ، كىشىلەر ئېگى قانداقتۇر چېگرىلاردىن نېرى ئۆتەلمەيدۇ. ھەقىقەتنىڭ بېرىمى ئېيتىلىپ، بېرىمى بوغۇزدا توختاپ قالىدۇ. نەۋائى «ئىلىمدە بىر ئادەم ساھىبقىران بولغۇچە ئوتتۇز يىللىق بىر دەۋر ئۆتىدۇ» دېگەنىدى. «يەھۇدىچە دېسەڭ يەھۇدىچە»، «يۇنانى دېسەڭ يۇنانى» سۆزلىشىدىغان، «ھىندىچە سوئال بەرسەڭ، ھىندىچە جاۋاب بېرەلەيدىغان» سۆزلىرى مەنە، ھېكمەتكە تولغان بىلىم ئەھلىلىرىنى تەرىپلەش ئۇلۇغ بوۋىمىز شائىر نەۋائى ئۈچۈن قانچىلىك ئىپتىخارلىق ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىشىمىز تەس ئەمەس. قاراڭ، نەۋائىنىڭ بەش ئەسىر مۇقەددەم يازغان قۇرلىرىدا بىزنىڭ بۈگۈنكى ئارزۇلىرىمىز ئەكس ئېتىپ تۇرمامدۇ؟

نەۋائى بىر رۇبائىسىدا: «ھەر كىمسەكى يوق ئىلىم ئاڭا ئەخمەق دە ئۇنى» دەيدۇ. ئىنسانلىق شەرىپىنى يەرگە ئۇرىدىغان ھەر قانداق ئەخمەقلىق ۋە پەسلىك پەقەت ئىلىم ئارقىلىقلا سۈپۈرۈلۈپ تاشلىنىدىغانلىقىدىن شائىر قىلچىمۇ شۈبھىلەنمىگەن. شۇڭا ئۇ ئىلىمنى «ئىككى جاھان شاھلىقىدىن» ئارتۇق بىلىپ، ئىلىم پەيزىنى پادىشاھلىق كۈچىدىنمۇ ھاياتبەخش قۇدرەتكە ئىگە، دەپ قارىغان. نەۋائىنىڭ مۇنداق مەشھۇر بىر بېيىتى بار:

ھەق يولىدا كىم ساڭا بىر ھەرف ئوقۇتمىش رەنج ئىلە،
ئەيلەمەك بولماس ئەدا ئانىڭ ھەققىن يۈز گەنج ئىلە.

گەپ ھەق يولىدا ھەرپ ئۆگەتكەن مۇئەللىمگە ھۆرمەت، ھېچقانداق بايلىق بىلەن ئۇنىڭغا قايتۇرغىلى بولمايدىغان قەرزدارلىق تۇيغۇسى توغرىسىدا كېتىۋاتىدۇ. «ھەق يولىدا» ھەرپ ئۆگەنگەن كىشى ۋاقتى كېلىپ ئالىم دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى، دەيلى. خوش، ئۇ ھەقىقەتەن ئالدىدىكى بۇرچىنى قانداق ئادا قىلىشى كېرەك؟ ئۇ قايسى ھەقىقەتلەر ئۈچۈن ئۆمرىنى بېغىشلىشى كېرەك؟ بۇ سوئالغا پەقەت نەۋائىنىڭ «ئىلىم ئۆگەنمەك ـ ئېتىقادنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈندۇر» دېگەن پىكرى بويىچە تەرىپلەنگەن ھەقىقىي ئىلىم ئەھلىلىرىلا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرەلەيدۇ.

ئېتىقادتا يېگىلمەس، ئىشەنچتە مۇستەھكەم بولغان ئالىم، يازغۇچى، شائىرلار ياشاپ تۇرمىغىنىدا بۇ دۇنيا ئاللىقاچان ياۋايىلىق سەھنىسىگە ئايلانغان بولار ئىدى. شەرقتە قەدىمدىن باشلاپلا ئالىي پىكىرلىك جەسۇر ئەللامەلار كۆپلەپ يېتىشىپ چىقىپ تۇرغىنى ئۈچۈن خەلقىمىز ئىچىدە ئوقۇمۇشلۇق كىشىنىڭ ئورنى ئەزەلدىن يۈكسەك بولۇپ كەلگەن. بۇ ھەقتە كۆپ گەپ قىلىپ ئولتۇرماي، ئەلشىر نەۋائىنىڭ بىرلا بېيىتىنى ئوقۇپ كۆرەيلى:

بىرمۇكى قىلسا ئالىملەرگە تەئزىم،
قىلۇر گوياكى پەيغەمبەرگە تەئزىم.

نەۋائى «پەيغەمبەرگە» دېگىنىدە قۇرۇق ماختاش ۋە
تار مەنپەئەتلەرگە ئىسلا ئالدانمايدىغان، ئەلگە، ۋەتەنگە
خىيانەت قىلىشنى ئۆلۈم بىلىدىغان ئالىيجاناب سىيمانى
كۆزدە تۇتقان. دۇنيانى مەرىپەت نۇرى ئارقىلىق ئىدراك
قىلغان ئادەم باشقىچە بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ ئۇلۇغلار: «ئا-
لىمنىڭ ئۆلۈمى ــ ئالەمنىڭ ئۆلۈمى» دېيىشكەن. ھەقىقىي
ئالىمدىن قانچىلىك كۆپ ئىلمىي مىراس قالمىسۇن، لېكىن
ئۇ بەرىبىر ناھايىتى چوڭ بىر مەنىۋى دۇنيانى ئۆزى بىلەن
ئېلىپ كېتىدۇ. ئۇنتۇ كۆيدۈرۈلۈۋاتقان ئالىمنىڭ: «ھەممى-
سى ئۆزۈم بىلەن بىللە!» دېگەن پىكرىدە باشقا مەنامۇ
بار. بۇنى نەۋائى بىر ھېكايەت ئارقىلىق شەرھلەپ بەرگەن.
ئۇ ھېكايەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: زامانىسىنىڭ چوڭ ئالىمى
پەخرىدىن رازى ئۇزاق يول يۈرۈپ خارەزىمگە كېلىدۇ. بۇ
خەۋەرنى ئاڭلىغان مۇھەممەت خارەزمشاھ ئالىمغا ھېچقانداق
پەرۋا قىلمايدۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ شاھ بىلەن ئالىم كۆتۈلمى-
گەندە سوئاللار بېرىدۇ. «ئەي، قىيامەت كۈننى بىلىشنى
ئارزۇ قىلغان ئادەم، ــ دەيدۇ ئالىم ئۇنىڭغا، ــ سېنىڭ
سوئاللىرىڭغا جاۋاب بېرىدىغان مۇنىسىپ جاي مۇشۇ مۇن-
چىدۇر. قىيامەتتىمۇ شاھ ۋە گاداي، ھەممىسى بىر خىل
ئەھۋالدا يالىڭاچ بولىدۇ. نە شاھ، نە ئەمەلدار ھېچكىم
ھېچنېمىنى ئۆزى بىلەن ئېلىپ بارالمايدۇ. سەن بۇ مۇنچىغا
نېمەڭنى ئېلىپ كىرەلىدىڭ؟ تاج - تەخت، خەزىنە دېگەن-
لىرىڭنىڭ ھەممىسى تاشقىرىدا قالدى. ئىلىم - ھۈنەر
ئىگىلىرىچۇ؟ ئۇلارنىڭ بايلىقلىرى مېنىڭكىگە ئوخشاش
ھەممىسى ئۆزلىرى بىلەن بىرگە».

ئادەمگە ئۇنىڭ مەنسىپى ۋە بايلىقىغا قاراپ باھا بې-
رىش ۋە مۇئامىلە قىلىش ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان داۋام
قىلىپ كېلىۋاتقان ئەڭ يارىملىس ئادەتتۇر. ئەمما ئۇلارنىڭ
ھەممىسى تاشقى نەرسىلەرغۇ؟ مەيلى ئادەم كەمبەغەل ياشى-
سۇن، دەۋران سۈرۈپ ئۆتۈشكە قادىر بولمىسۇن، مۇھىمى
ئۇنىڭ قەلبى قانداق، ئېگى قانداق سۈپەتلەرگە ئىگە،
ئۆمرىنى نېمىلەرگە بېغىشلىغان، مانا مۇشۇلارغا قاراپ ئۇ
كىشىگە باھا بېرىش مۇمكىنغۇ؟ ئىلىمنىڭ ئىنسان تەقدىرى-
گە مەسئۇللۇقى خۇددى شۇ نۇقسانلاردىن باشلىنىدۇ. «ئى-
لىم ــ ئۆزىنى بىلمەكتۇر، سەن ئۆزۈڭنى بىلمەيسەن، بۇ
قانداق بىھۇدە ئوقۇش بولدى؟» دەيدۇ ئۇلۇغ تۈرك
شائىرى يۇنۇس ئەمرە. ئىلىم ئەينى ۋاقىتتا ئۆزگىنىمۇ بى-
لىشتۇر. ئالىملىق ــ ئالەم ۋە ئادەمنى تونۇش بولۇپ، ئىلىم
ــ ھەقىقەتنى يۈرەككە قويۇلغان نۇر. ئىلىم ــ ھايات ۋە
جەمئىيەت چىگىشلىرىنى توغرا بېشىش شىجائىتى. ئىلىم ــ
دىلدىكى، جۇرئەتتىكى يالقۇن. ئەقىل ئۆز تەبىئىتىگە كۆرە

كۆنۈكۈشچان ۋە ئېگىلىشچاندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ پەقەت
ئىلىم تەسىرىدە جاسارەتكە ئىگە بولىدۇ ۋە ھۇجۇمكار ئەقىل-
گە ئايلىنىدۇ. مۇشۇ يەردە بىر سوئال قويايلى: يۇقىرىدا
بىز ئېيتىپ ئۆتكەن ئالىم ئىمام رازىيى نېمىشقا مۇھەممەت
خارەزمشاھنىڭ سارىيىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن بارمىدى؟
ئىمام رازىيدا كەم تېپىلىدىغان ئاجايىپ پەزىلەت بار: بۇ
ــ ئۇنىڭ ئىلمىي شەۋكەتكە ئىگىلىكى، بۇ شەۋكەتنىڭ
ئۇنىڭ ئەقلى ۋە ۋىجدانىنى باشقۇرغانلىقى.

نەۋائى ئەركىن ئىنسان دېگىنىدە بىلىملىك، دانا كى-
شىلەرنى كۆزدە تۇتقان. دانا كىشى دېگىنىمىز كىم؟ ھەقنى
تونۇغۇچى، بىلىم ۋە مەرىپەت چوڭقۇرلۇقى بىلەن دەريا
سۈپەت ئادەم، ئىلىم ئادەمنى ئۈچۈن مۇھىمى لاپ ئۇرماس-
لىق، تەمە ۋە مەنپەئەت كەينىدىن چاپماسلىقتۇر. ئىلىم
تەپەككۇرنى بېكىتلايدۇ. ئادەملەر ئېگىنى كونا چۈشەنچە،
قالاق قاراشلاردىن خالاس قىلىدۇ. ئىلىم ئارقىلىق ئەسىرلەر
قىياپىتى ئۆزگەرگەن، دەۋر ۋە زامانلار پەزىلەتتە ئىلگىرىلى-
گەن. بىلىم ــ چۈشىنىش زىمنىتى، ئىزدىنىش بولىدۇر.
شۇ مەنىدە نەۋائىنىڭ تۆۋەندىكى نەسىھەتلىرى تېخى كۆنە-
رىمىغان: «بىلمىگەننى سوراپ ئۆگەنگەن ئالىم، ئاز بىلىپ
سورىمىغان ئۆزىگە زالىم. ئاز - ئازدىن ئۆگىنىپ، دانا
بولۇر، قەترە - قەترە يىغىلىپ دەريا بولۇر» ئاز - ئازدىن
ئۆگىنىپ دانا بولۇشمۇ مۇمكىن. ئىلىمنىڭ بىرەر ساھەسى
بويىچە ئالىي مەلۇماتلىق ئالىم بولۇشمۇ مۇمكىن. ئاندىن
كېيىنچۇ؟ سەئدى شىرازى مۇنداق يازىدۇ:

ھەرچەند ئوقۇپسەن ــ بىلمىدانىسەن،
ئەگەر ئەمەل قىلمادىڭ، نادانسەن.
ئۈستىگە كىتاب ئارتىلغان ئېشەك ــ
يا ئالىم يا دانا ئەمەستۇر بىشەك.

نەۋائىمۇ بۇنداق بىلىمدىن نەپ كەلمەسلىكىنى قەيت
قىلىپلا قالماستىن، سەئدى پىكرىنى ياقلاپ «ئىلىمگە ئەمەل
قىلمىغان ئالىم ــ ئۈستىگە كىتاب ئارتىلغان ئېشەككە ئوخ-
شايدۇ» دەيدۇ.

توختام سۇنىڭ ئاقمىغىنىغا ئوخشاش، خۇي - پەيلى
تۆۋەن بولغان ئەرزىمەس ئالىملاردىنمۇ ئەل - يۇرتقا ھېچ-
قانداق نەپ تەگمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ھەرىكەت پائالىيەتلىرىگە
مەنمەنلىك، خۇشامەتكويلۇق، ئەمەلپەرەسلىك ھەۋەسلىرى
سىڭگەن بولىدۇ. ئىلىم ئەڭ ئاۋۋال مەنىۋى ھۆزۈرلىنىشتۇر.
ئۇلار مانا مۇشۇ ھۆزۈردىن مەھرۇم. شۇڭا ئۇلار يامانىنى
ياخشىغا، ھارامنى ھالالغا چىقىرىشتەك دىيانەتسىزلىك-
لەردىنمۇ ھەزەر قىلمايدۇ. نەۋائى بۇنداقلارنى پاسىق ئالىم-
لار، دەپ ئاتىغان. شائىرنىڭ تۆۋەندىكى ئەيىبنامە سۆزلە-

www.uyghurkitap.com



رىنى ئاشۇنداق پاسىق ئالىملارغا قارىتىلغان دېيىش مۇمكىن:

قايسى جاھىلغە نەدامەت بولغاي، ئول ئالىمچە كىم،
ھەرنە بىلدى قىلمادى، ھەرنېكى قىلدى بىلمەدى.

دېمەك، بىلگىنىنى قىلمىغان، قىلغان ئىشىنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاپ يەتمىگەن ئالىم جاھىللارنىڭ جاھىلىدۇر. ئۇنىڭغا ياغدۇرۇلىدىغان لەنەت ھەر قانداق جاھىلغا ئېيتىلغان نەپرەت تاشلىرىدىنمۇ ئارتۇق بولىدۇ. ئالىملىق — ناھايىتى زور مەسئۇلىيەتچانلىقتۇر. ئالىمنىڭ زىممىسىدىكى ۋەزىپىسىنى ۋىجدانەن بېجىرمەسلىكتە ھەققى يوق. كىمكى ئىلمىنى ئەمەلگە ئېرىشىشنىڭ ۋاستىسى قىلسا، ئۆزىنىمۇ، خەلقنىمۇ يولدىن ئازدۇرىدۇ. ئىلىم ئەھلىنىڭ ئەمەل ۋە ئابروي ئۈچۈن پەسكەشلىكتە قەدەم قويۇشى — ئۇنىڭ بىلىمسىزلىكىنىڭ يارقىن ئىسپاتىدۇر. بۇنداق ئالىمنى نەۋائى «ئۆلۈمتۈك» ئىت بىلەن تەڭلەشتۈرۈپ، ئۇنى «نىجاسەتنى يېپەك لىباس بىلەن ياپقان» ئادەم قىياپىتىدە تەسۋىرلەيدۇ. «ئالىم ئەگەر ئۆز يولىغا ئەمەل قىلسا، — دىيدۇ نەۋائى، — ئىلىمگە قاراپ ئىش تۇتسا، دۇنيانىڭ ھارام ماللىرىغا كۆز سالمىسا، بۇنداق ئادەمنى شەرەپ گۆھىرىنىڭ كانى دەپ بىل.» بۇنداق گۆھەر كانىدىن ئىنسان ئەقلى بېيىيدۇ. «جاھالەت — ئۆلۈمدۇر، بىلىم — تىرىكلىك» دېگەن گەپ بار. ئالىم شۇ تىرىكلىكنىڭ رونىق تېپىشى ئۈچۈن تىرىشىشى كېرەك. شۇ چاغدىلا جاھالەت يېڭىلىدۇ. شۇ چاغدىلا قالاقلىق ۋە جاھالەتنىڭ ئوغلىق سۈتىنى ئېچىپ ئۇيقۇغا كەتكەنلەرنىڭ سانى كۈنسايىن ئازىيىدۇ.

ئىلىم — پىكىر مەدەنىيىتى، ئىلىم — ياخشىلىقتىن ئوزۇقلىنىش، ئىزگۈلۈككە ئىشەنچ، يامانلىققا بىلىش ئەگمەسلىكتۇر. بىزنىڭ ئىلمىمىز ھەر ۋاقىت ھايات بىلەن مۇستەھكەم ئالاقىدا بولۇشى كېرەك. شۇ چاغدىلا بىزنىڭ تەپەككۇر گۈلشىنىمىزدە يېڭىدىن يېڭى چېچەكلەر ئېچىلىدۇ.

## ۋاپاسىزدا ھايا يوق

«ھەيرەتۇل — ئەبرار» دىكى ھېكايەتلەردىن بىرىدە تۆۋەندىكى ۋەقە ھېكايە قىلىنىدۇ: ئەمىر تۆمۈر كوراگان ھىندى ئىقلىمىنى فەتھى ئېتىشكە كىرىشكەندە، ھىندىستاندا قاتتىق جەڭ بولدى. ئۇنىڭغا غەلبە چىراي ئاچتى. شۇ جەڭدە كۆپ قانلار تۆكۈلدى. قانچىلىغان كىشىلەرنىڭ باشلىرى كېسىلدى. ئاخىرى ئۆلۈم نۆۋىتى ئىككى بىچارە ئاشىق - مەشۇققە كەلدى. لېكىن سۆيۈشكەنلەر بىر - بىرىگە شۇنچىلىك ۋاپا كۆرسىتىشتىكى، ئاقىۋەتتە ئۇلارنى قەتل قىلىشنىڭ ھېچقانداق ئىلاجى بولمىدى. ئېمىشقا دەمسىز؟ «ئەگەر مەقسىتىڭ بىلىش كېرەك بولسا، — دەپتۇ يىگىت جاللاتقا، — ئۇنى قوي، مېنى ئۆلتۈر!» قىلىچ كۆتۈرۈلە-كۆتۈرۈلمەي «ياق، ئۇنى ئەمەس، مېنى ئۆلتۈر!» دەپ يالۋۇرۇپتۇ قىز. جاللات ئۇلارنىڭ قايسى بىرىنى ئۆلتۈرۈشكە تۇتۇنسا، ئىككىنچىسى: «ئالدىن مېنى ئۆلتۈر، ئۇ ھېچبولمىسا مەن ئۆلگىچە تىرىك تۇرسۇن!» دەپ ئەجەل تەلەپ قىلارمىش. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىشنىڭ ئاخىرى شۇنداق تۈگەپتۇكى، بىر - بىرى ئۈچۈن جېنىدىن كېچەلىگەن بۇ ئىككى يارنىڭ ۋاپادارلىقى تۈپەيلىدىن جاھانگىر باشقىلارنىڭمۇ گۇناھىدىن كېچىپتۇ. دېمەك، ۋاپادارلىق — خالاسكارلىق، ۋاپادارلىق — ئۆلۈمدىنمۇ قۇدرەتلىك كۈچ. ۋاپا ئەھلى، ئۆزىنىڭلا ئەمەس، ئەل - يۇرتىنىڭمۇ ئاسايىشلىقىغا پاسىباندۇر. تۆمۈر قانخورلۇق ۋە جاللاتلىقتا ئەيىبلىنىدۇ. لېكىن شۇنداق ئادەممۇ، ۋاپا ۋە ساداقەت كۆكسىگە تىغ سانجىمىغان. بىر جاللاتمۇ «جاھان چىمەنى ۋاپا گۈلى بولمىسا زىنەتسىز. كىشىلىك گۈلى ۋاپا پۇرىقىدىن مەھرۇم بولسا، ھېچ ھىد - بۇيسىز» بولىدىغانلىقىنى چۈشەنگەن. ۋاپانى «ئىنسانىيەت تاجىغا زىننەت»، «ئېسىل ئۈنچە» ئورنىدا كۆرگەن. نەۋائى ھېكايىتىدە بۇ ۋەقە ئادىللىق ۋە خالىسلىق بىلەن تەكىتلەنگەن. بۇ ھېكايەت داستانىنىڭ ۋاپا ھەققىدىكى سەھىپىلىرىدىن كېيىن بېرىلگەن. ئۇنىڭدا مانا مۇنداق قۇرلار بار:

ھەر كىشىگە قىلدى بىراۋ بىر ۋەفا،
مەخلەسى يوقتۇر كۆرۈبان مىڭ جەفا.

يەنى كىشى بىرسىگە بىرەر ۋاپا — ياخشىلىق قىلغان بولسا، ئۇنىڭ بەدىلىگە مىڭ جاپا كۆرگەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمايدۇ. دۇنيادا شۇنداق تۇيغۇلار باركى، ئۇلار ھەر قانچە قەدىرسىزلەنمىسۇن، زەررىچىمۇ ئەھمىيىتىنى يوقاتمايدۇ. شۇ تۇيغۇلارنىڭ بىرى ۋاپادۇر. نەۋائى ئاشۇ ھەقىقەتكە تايىنىپ ۋاپانىڭ ماھىيىتىنى دەلىللەر تىلى بىلەن ئېچىشقا كىرىشىدۇ ۋە كەينى - كەينىدىن ھاياتىي قىياسلارنى كەلتۈرىدۇ. مانا، دەرەخ، ئۇنىڭ شاخلىرى غىچ مېۋە. شۇ مېۋە تۈپەيلىدىن كىشىلەر ئۇنىڭغا تاش ئېتىشىدۇ. تاشلارنىڭ ئاز ياكى كۆپلۈكى مېۋىنىڭ مىقدارىغا باغلىق. بۇ ھادىسىنى ھەر كىم، ھەر خىل چۈشىنىپ، تۈرلۈك خۇلاسىلەرگە كېلىشى مۇمكىن. نەۋائى نۇقتىئىنەزىرىدە بولسا شۇ ئاددىي ۋەقە بىلەن «بىر ۋاپا» كۆرسىتىپ «مىڭ جاپا»غا دۇچار بولۇش ئوتتۇرىسىدا بىر ئوخشاشلىق بار. شائىر مۇنداق دېيدۇ:

ئېچە سەمەر ساچماغ بولسا شاخ ئىشى،
كۆپرەك ئاتار تاش ئانى تەرگەن كىشى.

دەرھەقىقەت، مېۋىلىك دەرەخنىڭ شېخى قانچىلىك كۆپ
ھوسۇل بەرسە، تەرگۈچى ئۇنىڭغا شۇنچە كۆپ تاش ئاتى-
دۇ. بۇ ئىنكار قىلىپ بولمايدىغان دەلىل. كىتابخان ئۇنى
ئۆزىچە مۇلاھىزە قىلىدۇ ۋە دەرەخ شېخىغا تاش ئاتقۇچىلار-
نىڭ قىلمىشى (ۋاپاسىزلىق) بىلەن ھېچقانداق مىننەتسىز
مېۋە بەرگەن دەرەخ شاخلىرىنىڭ ساخاۋىتى (ۋاپا تىمسالى)
ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ بەكمۇ چوڭقۇرلۇقىنى، ئىن-
سان تەبىئىتىدە ۋاپا قىسمەت تۇيغۇسىغا ئايلىنىشى زۆرۈرلۇ-
كىنى ھېس قىلىدۇ. تۆۋەندىكى بېيىتتا ئەمدى باشقا بىر
قىياسى دەلىل ئوتتۇرىغا قويۇلغان:

كان نېچە بەزلى گۆھەرى پاك ئېتەر،
ئالغۇچى كۆپرەك يۈرەكىن چاك ئېتەر.

كان دېمىز، كانچى دېمىز، ئەمما بىز ئويلاپ كۆردۇقمۇ،
«گەۋھىرى پاك» بەرگىنىگە قارىماستىن، نېمىشقا كانچى
«كان» باغرىنى توختىماي چاك قىلىۋېرىدۇ. بۇ ئىنساپسىز-
لىقمۇ ياكى بىر قانۇنىيەتمۇ؟ شامنىڭ تەقدىرىمۇ شۇنىڭغا
يېقىن. ئۇ ئۆيىنى يورۇتقىنى يورۇتقان. لېكىن ئۆي ئىگىسى
ئۇچۇن ھەر قېتىم شامنىڭ بېشىنى ئۈزۈۋش بىر قائىدە:

شام يورۇتۇپ ئەۋ ئىچىنى تاشىنى،
ئەۋ ئىگەسى كۆپرەك ئۈزۈپ باشىنى.

ئەگەر ئالاھىدە ئېلىپ قارالسا، «ھەر كىشىگە قىلدى بىراۋ
بىر ۋەفا، مەخلەسى بوقتۇر كۆرۈبان مىڭ جەفا» سۆزلىرى
ئوقۇغۇچىدا قانداقتۇر ئېغىر ۋە قايغۇلۇق كەيپىيات تۇغدۇ-
رىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى بېيىتتا نېمىدۇر ئۆزگىرىدۇ. شۇ
«نېمىدۇر» كىتابخاندا «جاپا» ، «ۋاپا»دىن ھېچقاچان غا-
لىب كېلەلمەسلىكىگە ئىشەنچ پەيدا قىلىدۇ.

ۋاپادار ــ گۆھەرلىك كان، جاپاكەش ــ كانچى.
ئەلۋەتتە تەمەخور ۋە ئاچكۆز كانچى ئەمەس، «كان» بو-
لۇش شەرەپ. شامدا نېمە گۇناھ؟ يورۇقلۇققا مۇھتاج ئۆي
ئىگىسى ئۇنىڭ بېشىنى تىنىمسىز ئۈزۈپ تۇرسا. بۇ قىياس-
لارسىز نەۋائىنىڭ ۋاپاغا دائىر ئىلگىرى سۈرگەن پىكىرلىرى
شولىسىز چىراغقا ئوخشاپ قېلىپ، كىتابخان قەلبىدە يارقىن
تەسىرات قالدۇرالمىغان بولاتتى. نەۋائىنىڭ تەلقىنىدە ۋاپا-
نىڭ ئالىي باسقۇچى ھاياتتا ئادەمنىڭ ئۆزىگە مۇناسىپ يار
تېپىشى ۋە ساداقەتلىك ياشىشىدۇر. ئەكسىچە:

ياركى ئايىنى ۋەفا يوق ئاڭا،
شام كەبىدۇركى، زىيا يوق ئاڭا.

ۋاپاسىزلار نۇرسىز شامغا ئوخشىسا، ۋاپادار يار ئۇنىڭ تەتۈ-
رى، ئۇ ئۈمىد ئاپتىپى. يەككە ـ يىگانە ئادەم بـ ـد لىسا
ئاپتاپسـ ـز بارلىققا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ دىل ئۆيىمۇ بىرياققا
قىيسايغان، گويا ئۇ بىرلا تۈۋرۈكلۈك لەمپە. ۋەھالەنكى،
يالغۇز تۈۋرۈك ھېچقاند ـ داق ئۆينى تۇتۇپ تۇرالمايدۇ.
ئىنسانغا ئەگەر پەلەكتىن خار ـ زارلىق ۋە قىيىنچىلىق
چۈشسە، بىر نەپەس «ئىزھارى دەرد» ئېيتىش ئۈچۈنمۇ
بىر غەمخور كېرەك. «زامانە خەنجىرىدىن يارا» بولغان
كۆڭۈل مەلھەممۇ سېنى چۈشىنىدىغان يار دۇر.

ھەرنە بېتەر دەھر مەلالى ئاڭا،
ئەيلەگەي ئۆز كۆڭلىنى خالى ئاڭا.

يارسىز ئادەم ــ دىلى مەجرۇھ ئادەم. بالا تىغلىرىدىن ئۇنىڭ
كۆڭلى ھەمىشە تىلىنغان. «دەرد ئۇنى بىردەمدە ھالاك»
قىلىشى مۇمكىن. نەۋائىي ئاشۇ پىكىرلىرىدىن چوڭ بىر
خۇلاسە چىقىرىپ مۇنداق دېيدۇ:

بەس، كىشىگە ئۆمر خۇشى يار ئىمىش،
ئۆمر دېگەن يارى ۋەفادار ئىمىش.

بۇ سۆزلەر كۆڭۈلدە ناھايىتى بۈيۈك مۆھۈرلىنىشى ۋە
ئۇلارنىڭ مەزمۇنى چوڭقۇر ئىدراك قىلىنىشى كېرەك. مانا
شۇ چاغدىلا يۈرەك ھاۋايى ۋە ئۆتكۈنچى ھېسلاردىن شۇنچە
تېز تازىلىنىدۇ. ئادەم ئۆزىنىڭلا ئەمەس، ئۆزگىنىڭمۇ تەقدى-
رىگە مەسئۇل بولۇشى كېرەك. تەخمىنى ۋە چالا تەسەۋ-
ۋۇرلار تۇزىقىغا چۈشۈپ، ئۆمرىنى پۇشايمان شامالىرىغا
ئۇچۇرماسلىق لازىم. ئەكس ھالدا يالغۇزلۇقتا مانا بۇنداق
كېلىشمەسلىكلەر يۈز بېرىدۇ:

ھەر كىشى ئالەمدە ئېرۇر يارسىز،
بىر سەدەفدۇر دۇررىئى شەھۋارسىز.

نەۋائىي دەلىللىرىدە يەنە داۋام قىلىدۇ: «كىشى يالغۇز ئۆزى
بولسا، ئۇنىڭ ھۈنىرىمۇ بولمايدۇ. يالغۇز ئادەم ئارزۇسىغا
يېتەلمەيدۇ. ئاخىر بىر قولدىن چاۋاك چىققىنىنى كىم كۆر-
گەن! بۈركۈتنىڭ بىر قانىتى سۇنسا، ھەر قانچە تېز ئۇچ-
سىمۇ، بىردەملا ئۇچالايدۇ. تىلش بىلەن چاقماق تىلش بىر
ـ بىرىگە ئۇرۇلمىسا، بىر ـ بىرىدىن يىراق تۇتۇلسا، ئۇلار-
نىڭ ئارىسىدىكى مۇساپە، يەنى يىراق ئىككىسىنىلا قاراڭغۇدا
قالدۇرىدۇ.»

توغرا، نەۋائىي ئوقۇغۇچىغا بىر قانىتى سۇنغان بۈر-
كۈت پەرۋازىنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەندۈرمەكچى ئەمەس. شا-
ئىرنىڭ مەقسىتى: ھاياتىي قىياسلاردا ئالەمدە تەنھا ياشاش
مۇشكۈللۈكىنى مەنتىقە جەھەتتىن دەلىللەشتۇر. لېكىن بۇ
قۇرلاردا پىكىرلا ئەمەس، ماددىي ـ جىسمانىي مەنزىرە ۋە
خاراكتېر بار. بۇنداق پارچىلارنىڭ غايىۋى ـ ئىستېتىك
قىممىتى شۇنىڭدىكى، ئۇلار ئوقۇغۇچى تۇيغۇلىرىنى جانسىز
كىتاب سەھىپىلىرىگە «مىخلاپ» قويمايدۇ، بەلكى ھايات،
تۇرمۇش ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىگە جەلپ قىلىدۇ. نەۋائى-
نىڭ تەرىپلىرىدە ۋاپا «يارلىشى پاك» ھەم «شۇنداق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سۆيۈملۈككى» . ئۇنىڭ تازا كۆڭۈلدىن باشقا مەنزىلىمۇ، ئۆلپىتىمۇ يوق. ۋاپادارلىق - پاكىزلىك. ۋاپا - روھىي بىغۇبارلىق، دىلنىڭ ساپلىقى. لېكىن مۇنداق سۈپەتلىك ئادەم بەكمۇ ئاز. «بولسىمۇ ئۇنى تېپىش ئاسان ئەمەس» . دەيدۇ نەۋائى. شائىرنىڭ ئەڭ چوڭ ئەپسۇسلىرىدىن بىرى مانا شۇنىڭدا. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ «گۈل ئىزدەپ» كۆڭلىنى تىكەنلەرگە تىلدۇرغانلىقى، كىمگە جان بېغىشلىغان بولسا، ئۇ ئۇنىڭ جەۋر - جاپاسىدىن يانمىغانلىقىنى ھەسرەت بىلەن بايان قىلىدۇ:

ئالەم ئەھلى بىۋەفادۇرلار، ئالارنىڭ مەيلىدىن،
ئەي كۆڭۈل، بولساڭ، ۋەفا ئايىنىدىن ئاگاھ قايت.

نەۋائى كۆپ شېئىرلىرىدا «ئالەم ئەھلى» نىڭ بىۋاپالىقتا كۈن كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇنىڭچە ۋاپالىق كىشىلەرنىڭ ئۆمرى ئالاھىدە تېزلىكتە ئۆتىدۇ. ئۇنى شائىر تاڭ شامىلىغا ئوخشىتىدۇ.

نەۋائىنىڭ «ۋاپا» تەقدىرىگە قاتتىق كۆيۈنىشىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى بار. بۇ «خۇددى ھاياغا ۋاپا باغلانغىنىدەك» ۋاپانىڭ ھاياغا دائىمىي چىتىشلىقىدۇر، «ھەر بىر كۆڭۈلگە ۋاپا ئورنىشار ئىكەن، - دەيدۇ شائىر، - ھايامۇ جايلىشىدۇ، ھايasizلىق نېمە؟ ھاياسىزلىق - نومۇسنى تەھقىرلەش، ئۇياتسىزلىقنى ئادەت قىلىشتەك يۈزسىزلىكتۇر. ھايا ئىنساننى ھايۋاندىن قانچە يىراقلاشتۇرسا، ھاياسىزلىق ئۇنى تىلسىز مەخلۇقلارغا شۇنچە يېقىنلاشتۇرىدۇ. ھاياسىز ۋە بىۋاپا ئادەملەردە غۇرۇر ۋە پاراسەت بولمايدۇ. ئۇلار ھالال كىشىلەر قەلبىنى قان قىلىدۇ، نەۋائى ئۆز ئەسەرلىرىدە: «دەۋر بىۋاپالىرى جەۋرىدىن داد، زامان بىھايالىرى زۇلمىدىن پىغان ۋە پەرياد! دۇنيا تۆرەلگىنىدىن بۇيان ھېچكىم بۇ ئۇتتا مەندەك ئۆرتەنمىگەن، بىۋاپالىق باشلانغىنىدىن بۇيان ھېچكىم بۇ يالقۇندا مەندەك كۆيمىگەن، زامان كىشىلىرى بىۋاپالىقىدىن باغرىمدا تىكەن، دەۋر ئادەملىرى بىھايالىقىدىن كۆكسۈمدە تۈگۈن،» دەپ ناۋا قىلىدۇ.

شۇنداق، بىۋاپالىق - جاپاكارلىق. ئۇ ئىنسان يۈرىكىنى ئەلەمگە تولدۇرىدۇ. ئۇ ئادەمنى ئادەمدىن يىراقلاشتۇرىدۇ. مېھىر ۋە ئىشەنچنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىدۇ. ھاياسىزلىقچۇ؟ ئۇ - كامىللىق كۈشەندىسى. ئۇنىڭ زالىم ۋە يىرگىنچلىكلىكى شۇنىڭدا. نەۋائى ئېتىقادىدا ۋاپا بولى - بۇ، ھايات ۋە ئادىمىيلىك يولى. ئۇ يولدىن ئادىشىش - ئىنسانىيلىقتىن ئادىشىش ھېسابلانغان. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇلۇغ شائىر «خەمسە» داستانلىرىدا ۋاپا ۋە ساداقەتتە ئۈلگە بولىدىغان ۋە شۇ پەزىلەتلىرى بىلەن زادى، ئۆلمەيدىغان پەرھات ۋە مەجنۇن، لەيلى ۋە شىرىنگە ئوخشاش ئاجايىپ قەھرىمانلار ئوبرازلىرىنى ياراتقاندى. ھەقىقىي شائىرلار ۋاپا جارچىلىرىدۇر. ئۇلار ۋاپا بىلەن سىردىشىشنى ياقتۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ دانىشمەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ:

ۋافا قىلسا كىمكى، تاپار ئۇ جەفا،
تىلەرمەن سوراقلاپ سېنى مەن ۋافا.
ۋافا، ماڭا ئېيتچۇ ساڭا كىم تويار،
بېرى كەل، سىر ئېيتاي، قىلىپ جان پىدا.

دەپ يازغاندى. ئەلىشىر نەۋائىنىڭ بۇ ماۋزۇدىكى ئۆلمەس بېيىتلىرىمۇ ئەنە شۇنداق ئىستەكتىن تۇغۇلغان.

**نەپسنى يەڭمەك - مەردلىك ۋە شىجائەت**

شەرق مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ تەرىپلىرىدىن قارىغاندا، ھاياتلىق دۇنيالىرىدىكى جانلىق نەرسىلەر ئۈچ تۈرلۈك سۈپەتكە ئىگە. بۇلاردىن بىرى - شەيتانىي، ئىككىنچىسى - ھايۋانىي، كېيىنكىسى - مەلەكانىي، يەنى ساپلىق ۋە پاكىزلىك سۈپىتى. ئىنسان شۇ ئۈچ سۈپەت ۋە قۇۋۋەتنىڭ بىرلىكىدىن يارالغانمىش. كىمنىڭ ۋۇجۇدىدا ھايۋانىي ھېسلار غالىبلىق قىلسا، ئۇ ئەلۋەتتە تىلسىز مەخلۇقلارغا يېقىن بولىدۇ. شەيتانىي خىسلەتلەر كۈچلۈك بولسا ئىبلىستىن پەرقى بولمايدۇ. مەلەكانىيلىق ئۈچۈن قايغۇرسا ئادەم پاك تەبىئەتكە ئىگە بولىدۇ. بۇ گەپلەرگە تولۇق ئىشەنمەسلىكمۇ مۇمكىن. لېكىن باشقا بىر ھەقىقەتتىن شۈبھىلىنىشكە بولمايدۇ: ئۇ بولسىمۇ نەپس تۈزىقىدىكى كىشىلەرنىڭ ھايۋانغا ئايلانغانلىقى، ياكى يەردىكى شەيتاندەك كۈن ئۆتكۈزگەنلىكى. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆتمۈشتىكى ئالىم، سەنئەتكارلار نەپسنىڭ ئەڭ خەتەرلىك دۈشمەن ئىكەنلىكىنى بىردەك ئېتىراپ قىلىشقان. نەپس - ئىنسان ئىچىدىكى ئاپەتلىك دۈشمەن. ئۇ ئادەمنى ئىچىدىن يېمىرىش ۋە پارچىلاشقا قادىر، نەپس غالىب كەلگەندە تىرىكچىلىك ۋە ئۆمۈر تەشۋىشى بىلىش مەقسەتكە ئايلىنىپ، ئىزگۈ خىياللارنىڭ ئورنىنى مەنپەئەتپەرەسلىك مەيىللىرى ئىگىلەيدۇ. بۇ - ياشاشنىڭ ئەڭ پەس شەكلى. ئەمما قانچىدىن - قانچە كىشىلەر شۇنداق ياشاشقان ۋە ياشاۋاتىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» ئەسىرىنىڭ مۇئەللىپى يۈسۈپ خاس ھاجىپ يازىدۇ:

ئاۋام قايغۇسى بارچە قارىن ئۈچۈن،
ئادەم تەشۋىشى بارچە بوغزى، ئۈچۈن.
تالاي خەلق ئۆلۈپ كەتتى نەپسنى دەپ،
قارا يەر تېگىدە ياتۇرلار پۈتۈن.

ئىنسان قورساق قايغۇسىغا كۆمۈلۈپ، ئۆز نەپسنى دەپ «قارا يەر تېگىگە» كۆمۈلۈش ئۈچۈن تۇغۇلامدۇ؟ ياق، بولمىسا نەۋائى: قارىنىڭ بىلەن بولغان دوستلۇقتىن

كەچ، «نە ئۈچۈنكى ئەر ئوغلىغا قارىن دۈشمەندۇر» ، دەپ يازماس ئىدى. لېكىن نەپس ئۇنى شۇ بەختسىزلىككە گىرىپتار قىلىشى مۇقەررەرلىكى، دانىشمەن يۈسۈپ خاس هاجىپ سۆزلىرىدىن بىلىنىپ تۇرۇپتۇ. ئىبنى سىنا رۇبائىلىرىدىن بىرىدە مۇنداق دېيدۇ:

دۇنيا، مەنسەپ دېمە، ئۇچما جىلۋىگە،
دوستلاردىن ئاجراپ ھەم ياۋ بېشىنى يەنچ.

بۇ يەردە نەزەردە تۇتۇلۇۋاتقان ياۋ ـ نەپس. ئىبنى سىنا ھەر نېمىدىن، ھەتتاكى دوستلۇقتىن كېچىپ بولسىمۇ شۇ دۈشمەننىڭ بېشىنى يانجىشقا چاقىرىۋاتىدۇ. چۈنكى، تۇرمۇشتا نەپس ھۆكۈمرانلىقى يېمىرىلسە مەنسەپپەرەسلىك، ئابرويپەرەسلىك، مال ۋە دۆلەتكە ھېرىسمەنلىك ئىللەتلىرى ئۆز - ئۆزىدىن يوقىلىشقا باشلايدۇ. ھاياتتا شۇنداق تۇراقسىز زاتلار باركى، ئۇلار ئۈچۈن دوستلۇق شۇنچىكى گەپ. ئۇلار دوستىنىڭ شەخسىيىتىگە ئەمەس، دوستلۇق نىقابىدا ئۇنىڭ مەنسەپ ياكى بايلىقىغا باغلىنىدۇ. بۇمۇ نەپستىن تۇغۇلغان بىر خىل چاكىنىلىق. ئىبنى سىنانىڭ پىكىرلىرى ئاشۇنداق ساختا دوستلارنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بەرگەنلىكى بىلەنمۇ قىممەتلىك. ئەلۋەتتە، دوستلۇق مەنۋىي يېقىنلىقتىن باشقا ھېچنەرسىگە تايانمايدۇ ـ دە!

ئەلىشىر نەۋائىنىڭ قارىشىچە، تۈركىي شېئىرىيەتتە نەپس ۋە نەپسانىي ھېسلارنى ئۆزىگە خاس ئىنچىكىلىكتە تەنقىد قىلغان شائىرلاردىن بىرى ئەھمەد يەسەۋىدۇر. يەسەۋىنىڭ پىكرىچە، نەپس «ياۋايى قۇشتەك قولغا قونمىس» بىر نەرسە. ئەمما قانداق قىلىپ بولمىسۇن ئۇنى قولغا كەلتۈرمەك كېرەك. بۇ قۇش ئۆزى خالىغانچە پەرۋاز قىلىۋەرسە، كىشىنى كۈندىن ـ كۈنگە توغرا يولدىن ئازدۇرۇپ، كۆتۈلمىگەن پالاكەتلىكلەر قاينىمىغا ئاپىرىپ تاشلايدۇ. ئاقىۋەتتە بولسا:

نەپس يولىغا كىرگەن كىشى رەسۋا بولۇر،
يولدىن ئېزىپ، تېيىپ ـ تۇزۇپ گۇمراھ بولۇر.
ياتسا، تۇرسا شەيتان بىلەن ھەمراھ بولۇر ...

دېگەندەك بولىدۇ. شائىر نەپس بەندىلىرىگە قارىتا: «نەپسىڭنى يىغ، ئەي يارىماس ئىنسان» دەپ مۇراجىئەت قىلىدۇ. يەسەۋىدە يەنە مۇنداق مىسرامۇ بار:

نەپسىم ئۈچۈن يۈرەر ئەردىم ئىتتەك كېزىپ.

مانا، نەپس ئادەملەرنى نېمە كويلارغا سالمايدۇ ـ ھە! ھەقىقەتەنمۇ نەپس غەلىيانى ئۇششاق ـ چۈششەك غەرەزلەر ئىنتىلىشىدە خۇددى ئىتقا ئوخشاش سوكۇلداش تەلۋىلىكى. بۇنىڭ ئاقىۋىتى بولسا پەقەت پۇشايمان ۋە ئارمان. شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەھمەد يەسەۋىنىڭ تۆۋەندىكى تۆتلىكى ئىبرەت ئاھاڭدا ئېيتىلغان:

ۋادەرىغا ئارمان بىلەن ئۆمرۈم كەچتى،
نەپسىم مېنى تۇغيان قىلدى، ھەددىدىن ئاشتى.
جانىم قۇشى پەرۋاز قىلسا، رەھىم قاچتى،
غافىل يۈرگەن ئۆمرىن يەلگە ساتار، دوستلار.

ئەلىشىر نەۋائىنىڭ نەپسكە بولغان مۇناسىۋىتى ئىبنى سىنا بىلەن ئەھمەد يەسەۋىنىڭكىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ.

ئۇمۇ ئادەم ئۈچۈن ئۆز نەپسىدىن دەھشەتلىكرەك رەقىب بولمايدىغانلىقىنى كۆپ ئورۇنلاردا تەكىتلەيدۇ. نەپس قارامىلىقى بىلەن دۈشمەننى بەند قىلىشنى مەردانىلىق سانىمايدۇ. ئۇنىڭچە مەردلىك ۋە باتۇرلۇقنىڭ ھەقىقىي يولى مانا مۇنداق:

بولۇپ نەفسىڭگە تابې، بەند ئېتەرسەن تۈشسە دۈشمەننى،
ساڭا يوق نەفستەك دۈشمەن قىلا ئالساڭ ئانى قىل بەند.

نەپس شۇنداق بىر نەرسىكى، تەمە قىلىشتەك مۇشۇنداق ئادىي بىر ئىشتىمۇ كىشىنى چالغىتىشقا باشلايدۇ ۋە بارا ـ بارا كىشى يېمەك ـ ئىچمەك ھۈنەرۋىنى دەرىجىسىگە يېتىپ قالىدۇ. «نەپس بالاسىغا ئۇچرىغان ئادەمنىڭ يېيىشتىن باشقا ھۈنىرى يوق» دەيدۇ نەۋائى. تاماق بالاسى بىلە بىللە كېلىدىغان يەنە باشقا خىرىسلارمۇ بار، بۇلار: ئاچكۆزلۈك، تەكەببۇرلۇق، خۇشامەتگويلۇق، مەنپەئەتپەرەسلىك. نەۋائى مەنپەئەتپەرەسلىك ھەققىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «مەنپەئەتپەرەسلىك ـ ئەقلىنىڭ ئەمرىگە بويسۇنمايدۇ، شەيتاننىڭ بۇيرۇقلىرىنى بىجا كەلتۈرۈپ چارچىمايدۇ. ئۆز نەزەرىدە ئۆزى دانا ۋە چېچەن. ئۇنىڭ ھەر بىر بولمىغۇر ئىشى ئۆزىگە گۈزەل ۋە ئېسىل كۆرۈنىدۇ» مەنسەپ ۋە چوڭچىلىقنى ياقتۇرۇش ئادىمىيلىك تەلەپلىرىگە كىرمەيدۇ. ئەمما شۇنىڭغا قارىماي ئىنسان مەرتىۋىگە ئىنتىلىدۇ، كېرىلىدۇ. خاندەمىر «مەكارىمۇل ئەخلاق» ئەسىرىدە نەۋائىنىڭ خوجا شەھابىددىن ئۇبەيدۇللاغا پۈتكەن مەكتۇپىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ. بۇ خەتتە مەنسەپ مەستلىكى ۋە تەكەببۇرلۇق نەپس قىلمىشلىرى شەرھىيلەنگەن: «ھۆرمەتلىك بۇرادەر ۋە سۆيۈملۈك پەرزەندكە! مۇشتاقلىق سالامىنىڭ ئاداسىدىن سوڭ مەلۇم قىلىمىزكى، ئىنساننىڭ مەرتىۋە ھەم ئۇلۇغلۇقنى سۆيۈشى ئۇنىڭ تەبىئىتىدۇر. مەنسەپنىڭ خاسىيىتى ـ غەپلەتنى ئارتتۇرىدۇ ... بۇنداق كىشىنىڭ ـ يەنى مەنسەپ ئادىمىنىڭ ھوشيار بولۇشى بەكمۇ قىيىن. ئۇ بەزىدە ئەقىل كۈچى بىلەن ئۆزىنى تۇتۇپ ئالسىمۇ، بىراق مەنسەپ مەستلىكى ئۇنى ئۆز ھالىغا قويمايدۇ. ھەقىـ

قەتەن شۇ مەسىلىنىڭ چېغىدا تەقدىرنىڭ ئىنتىقام ئالدىغانلىقى رەھىمسىزلىكى ۋە تەقدىر ياراتقۇچىسىنىڭ ئادالەتلىك ھاكىم ئىكەنلىكى ئۇنىڭ ئېسىگە كەلمەيدۇ ... دېمەك، نەپسى پاك ۋە ئەقلى ساپ كىشى بۇ مەسىلىكلەردىن ئۆزىنى بىھوش قىلماسلىقى، ئۆزىنى چوڭچىلىق ۋە بىلەرمەنلىككە سالماسلىقى، زۇلۇم كۆرگەن دەردمەنلەرنىڭ ھالىغا بېقىشى كېرەك» ئىنساننىڭ ئاندىن تۇغۇلۇشى ــ پاكلىق. لېكىن يىللار ئۆتۈپ، ياش چوڭايغانسېرى ئىنسان كۆڭلىدىن پەس ھېس - تۇيغۇلار ئورۇن تالىشىدۇ. مەسىلەن، پۇل، مەنسەپ ۋە مەنشەت خىرىسلىرى. ئادەم ئۇلارنى تۈگىتىدىغان، ئۇلارنى بەرھەم تاپتۇرىدىغان چارىلار ئۈستىدە ئويلىنىشى كېرەك. بۇ بىرىنچى نۆۋەتتە، كىشىلەر قېنىنى قىزدۇرغان نەپس ھاۋاسىدىن روھنى پاكلاشتۇر. نەپس ئەمرىگە باغلانغانلاردا ھېچقاچان مەنىۋى ئاسايىشلىق بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ قەلبىگە تېشىدىن ئەمەس، بەلكى ئىچىدىن بىر ئازابلىق تىغ دائىمى سانجىلىپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى تىرىك ھېسابلىشىدۇ، ئەپسۇسكى، خىرىس ئۇلارنى ھالاك قىلغان بولىدۇ. خىرىستىن خاراب بولغانلار خەلق ھاياتىنىڭ روناقىغا قىلچە مۇناسىۋىتى بولمىغان كىشىلەردۇر. نەۋائى بۇ پاجىئەنى ناھايىتى چوڭقۇر دەرد بىلەن ئىدراك قىلىپ، ئەستىن چىقمايدىغان ھۆكۈمنى يېزىپ قالدۇرغان:

تا ھىرىسۇ ھەۋەس خىرمەنى بەرباد ئولمىس،
تا نەپسۇ ھەۋا قەسرى بەر ئۇفتاد ئولمىس.
تا زۇلمۇ ستەم جانىغا بىداد ئولمىس،
ئەل شاد ئولمىس، مەملىكەت ئاباد ئولمىس.

بۇ رۇبائىدا ئاچكۆزلۈك ۋە خىرىس قارىلىنىدۇ. نەپس ۋە كىبىر قەسىرلىرىنى غۇلاتماسلىق پىلىش قىلىنىدۇ. ئەمەلدارلارنىڭ زۇلۇم ۋە ستەمكارلىقلىرىنى بېگىش بىلىش ۋەزىپە قىلىپ قويۇلىدۇ. بۇلار تۈگىتىلمىسە، ھېچقانداق ۋاقىتتا ئەل شات، مەملىكەت ئاۋات بولالمايدىغانلىقى تەكىتلىنىدۇ.

دېمەك، ئەل شادلىقى بىلەن مەملىكەتنىڭ ئاۋاتلىقىنى كۆزلىگۈچى ھەر بىر كىشى «نەپسى ھاۋا قەسرى»نى غۇلىتىشنى ئۆزىدىن باشلىشى لازىم. ئۇ توقايدىكى شىرنى بېگىش شىجائىتىگە ھەۋەس قىلماي، ئەكسىچە «نەپسى ئىتنى» ، «زەبۇن» قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈشى كېرەك. نەپس ئىتىنى مەغلۇپ قىلالىغان ئادەم ئىچىدىن كۆيۈپ ۋە پارچىلىنىپ ياشىمايدۇ، ئۇ شەخس سۈپىتىدە ئۆز قىممىتى ۋە پۈتۈنلۈكىنى تاپىدۇ.

بىز نەۋائى شېئىرلىرىدىن روھنىڭ بىرىنچى دۈشمىنى نەپس ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. نەپستىن غالىب كەلگەن روھ ــ قۇدرەتلىك روھتۇر. بىز يۇقىرىدا «نەپسۇ ھەۋا قەسرى»نى غۇلىتىشنى ھەركىم ئۆزىدىن باشلىشى، ئاندىن باشقىلاردىن تەلەپ قىلىشى كېرەكلىكى ھەققىدە سۆزلىگەنىدۇق. خوش، بۇنىڭغا قۇدرەت يەتمىسچۇ؟ ئاجىزلىق ئۈستۈن كەلسىچۇ؟ مەنىۋى قۇدرىتى تەگداشسىز بۈيۈك شەخسلەر بۇنىڭغا ھېچقانداق ئىككىلىنىپ تۇرماستىن، ئۆز پىكرىنى توپتوغرا ئېيتىشقان. بابۇر ئەنە شۇنداق قۇدرەتلىك شەخس، مانا ئاڭلاڭ:

ئۆمر غەفلەت بىلەن ئۆتكۈرمىشمەن،
نەپس بۇيرۇقى بىلەن بارمىشمەن.

شائىر ئۆمرىنىڭ غەپلەت ۋە «نەپس بۇيرۇقى» بىلەن ئۆتكەن پەيتلىرىنى ئويلاپ «دەردۇ ئەلەم»گە تولىدۇ. «نەپس ئىلكىدە زەبۇن» ھالەتلىرىدىن دىلىغا ئويات ۋە ئارمان ھېسلىرى يوپۇرۇلۇپ كېلىدۇ.

بۇنى ئۇمرۇ بۇ نى بەلالىغدۇر،
بۇ نى تەۋرۇ نى يۈز قەرالىغدۇر.

دەپ نادامەت چېكىدۇ. مانا شۇ ئۇچۇقلۇق ۋە پەۋقۇلئاددە توغرىلىقتا ئېرىشمىگەندە بابۇر «شەھۋەتتۇ نەپس» نىڭ دۈشمەنلىكىنى تەن ئېلىپ، «دۆلەت ئۈچۈن كۆڭۈلنى زار ئەتمە، ئىززەت ئۈچۈن ئۆزۈڭنى خار ئەتمە» دېمىگەن بولار ئىدى.

نەپسىنىڭ كەسپىدۇر ھەۋايۇ ھەۋەس،
روھ ئەندەدۇر بۇلار يارىماس.

دەيدۇ بابۇر. نېمىدېگەن دانا پىكىر! بۇ پىكىر نېمىشقىدۇر ئابدۇللا ئارىپوۋنىڭ «روھىم» شېئىرىدىكى «روھىم، سەن ۋۇجۇدنىڭ غېمىنى يېمە» دېگەن قۇرىنى ئەسلىتىدۇ. بەلكى بۇ ئادەمنىڭ ئۆز نەپسىنىڭ ھاۋايۇ ھەۋەسلىرىدىن ئۆزىنى ئازاد قىلىشى توغرىسىدىكى ئەڭ بېگى، ئەڭ مۇنەۋۋەر پەكىردۇر. بەلكى ئۇ يەسەۋى، نەۋائى ۋە بابۇر ... غا ئوخشاش ئۇلۇغلار شېئىرىيىتىگە بولغان مېھرۇ ئىخلاس شاراپىتىدىن تۇغۇلغاندۇر. بولمىسا ئابدۇللا ئارىپو:

نەپس بىلەن دۇنياغا دىل بەرگەن پاسقلار، شۇبۇ كۈن،
يەسەۋى خاك پايىدىن ئەيلەپ ئېلىڭ تۇمارلار.

دەپ يازارمىدى؟ دېمەك، نەۋائىنىڭ ئومۇمىي ئىنسانىي غايىلىرىگە سادىق بولغان شائىرلار قەلبىدە يۈكسەك ۋە سولماس روھ ئۈچۈن ھاياتىي جاۋابكارلىق تۇيغۇلىرى ھەمىشە نۇرلىنىپ تۇرغان.

### نادانلىق ــ ياۋۇزلۇق

قەدىمكى يونان پەيلاسوپى سوقراتنىڭ ئېيتىشىچە: دۇنيادا بىرلا ئېزگۈلۈك بار. بۇ ــ بىلىم، بىرلا ياۋۇزلۇق

بار، بۇ ـ ناداللىق. دەرھەقىقەت، شۇنداق. دۇنيادا قانچىلىك ئىزگۈلۈك ۋە ئالىيجانابلىق بولسا، بۇ ئالدى بىلەن بىلىم مېۋىسىدۇر. ھەممە جاھالەت، پەسلىك ۋە رەزىللىكلەرنىڭ ھەممىسى نادانلىقتىن باشلىنىدۇ. جاھاندىكى ھەممە سەلتەنەت قاتىللىرى ئۆز مەقسەتلىرى يولىدا نادانلاردىن پايدىلىنىپ كەلگەن. «نادان دوستنى دوست سانىغا كىرگۈزمە، شۇڭا ئەقىل شامىنى ئۇنىڭ بىھۇدە ئەپسانىسى بىلەن ئۆچۈرمە» دېيدۇ ئەلشىر نەۋائى. راست، بۇنداقلارنى ئادەملەر قاتارىغا قوشماقنىڭ ئۆزى نادانلىق بەلگىسى. بىز ئادەتتە ئوقۇشقا قىزىقمايدىغان، ساۋاتى بوشراق كىشىلەرنى نادانلار دېيىشكە مايىلمىز. بۇ توغرا ئەمەس. قەدىمكى كىتابلاردا: «پايدىلىق ئىلىم بىلەن مەشغۇل بول، پايدىسىز ئىلىمدىن ئۆزۈڭنى تارت» ، ـ دېيىلگەن. خوش، ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ نەپلىك بىلىم نېمە؟ ئۆزلىرىنى ئاقىل ھېسابلاپ يۈرگەن بىلىمدانلارغا شۇ سوئال بىلەن مۇراجىئەت قىلىپ كۆرۈڭ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدە دەرھال بىر خىل بىچارىلىق ئالامىتى پەيدا بولغانلىقىنى كۆرىسىز. بەلكى ئۇلار ئابدۇللا ئارىپوۋ ئېيتقاندەك: «ھەدىسۇ ھېسابتىن» زادى ئاداشمايدىغان باشلىرىدا «ئەلجەبىر ئۇسۇلى ئويۇپ كەتكەن» كىشىلەردۇر. لېكىن ئۇلاردا ئاساسىي بىلىم يوق. بۇ ۋەتەننى سۆيۈش ئىلمى. ئەشەددىي نادانلار ۋەتىنىدە ۋەتەنسىز بولۇپ، بۇنداقلاردىن ھەر قانداق رەزىللىكنى كۈتۈش مۇمكىن. دەل مۇشۇنداق نادانلار ئۆز ۋاقتىدا ئىبنى سىنادەك بۈيۈك زاتلارنىڭ روھىنى ئېزىپ، ئۇلارنى ئازابلىغان. ئىبنى سىنا مۇنداق يازىدۇ:

ئۆزىنى دانا بىلگەن بۇ ئۈچ ـ تۆت نادان،
ئېشەك تەبىئىتىنى قىلۇر نامايان.
ئۇلارنىڭ توپىغا قوشۇل ئېشەك بول،
بولمىسا كاپىر دەپ قىلىشار ئېلان.

نادانلىقنىڭ ئۆز ئىقلىمى بار، ئۇنىڭدا روھى خۇنۈك، ئەقلى مەجرۇھ، پەيلى بۇزۇقلار كۆپىيىدۇ. ھەممە دەۋرلەردە نادانىنىڭ راھىتى دانانىڭ كۈلپىتى بولغان. يۈرقەت «ئەيشنى نادان سۈرۈپ، كۈلپەتنى دانا تارتىدۇ» دەپ نېمىدېگەن توغرا ئېيتقان ـ ھە؟ مەنمەنلىك نادانلىقنىڭ بىر چوققىسى. بۇ چوققىغا چىققان ئادەم، زېمىننى ئۇنتۇيدۇ. شائىر توغرا ئېيتقان: «بۇ ھاياتتا دانا تۇپراق، نادانلارنىڭ كۆكسى يۈكسەك» ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ نادانلىق پاجىئەلىرىنى ئېچىپ بېرىدىغان ھېكمەتلىرى ناھايىتى كۆپ. ئۇلاردىن بىرىدە ئوقۇيمىز:

دۇنيادارلار مالىنى كۆرۈپ ھەۋا قىلۇر،
مەنمەنلىكدىن ئۇل دەۋايى خۇدا قىلۇر ...

بۇنداقلاردىن قانداقمۇ بەزمەسلىك ۋە نەپرەتلەنمەسلىك مۇمكىن؟ يەسسەۋى ھەسرەتنى چەكسىز شائىر. ئۇ ئەل ئارىسىدا مېھرى - شەپقەت تۈگەپ كېتىۋاتقانلىقىدىن قايغۇرىدۇ. ھاياسىزلىق ۋە ئىنساپسىزلىق كۈچىيىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن نالە قىلىدۇ. يالغان پەتىۋالار بىلەن ئاممىنى ئالداۋاتقانلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن ئازابلىنىدۇ. لېكىن ئۇنى ئەڭ كۆپ قىيىنىغان غۇسسە ـ نادانلىق. شائىر ئۈچۈن نادانىنىڭ بەشىرىسىنى كۆرۈشتىن ئارتۇق ئازاب يوق. ئۇ ھەتتاكى:

بىمار بولسا نادانلارنى ھالىن سورىماي،
نادانلاردىن يۈز مىڭ جىغا كۆردۈم مانا.

دېگەن يەرگىچە بارىدۇ. يەنە ئۇنىڭ تۆۋەندىكى قۇرلىرىنى ئوقۇپ كۆرەيلى:

ئايا، دوستلار نادان بىرلە ئۈلپەت بولۇپ،
باغرىم كۆيۈپ، جاندىن تويۇپ، ئۆلدۈم مانا.
توغرى ئېيتسام ئەگرى يولغا بويۇن تولغار،
قانلار يۇتۇپ غەم زەھرىگە تويدۇم، مانا.

«دوئا قىلىڭ، نادانلارنىڭ يۈزىن كۆرمەي» دەپ يالۋۇرۇپ، قەلب ھەسرەتلىرىنى بۇنداق ئېنىق ئاچقان ئادەمنى سەممىيەتسىزلىكتە ئەيىبلەش خاتا قىلغانلىق، ئەلۋەتتە! «مەھبۇ ـ بۇل قۇلۇب» تا مۇنداق قۇرلارنى ئوقۇيمىز: «نادان ـ ئېشەك، ھەتتا ئېشەكتىنمۇ بەتتەر. ئېشەكنى قاياققا ھەيدىسەڭ شۇ ياققا ماڭىدۇ، نېمىنى ئارتساڭ شۇنى كۆتۈرىدۇ، ئۇنىڭدا ئەقىل - پاراسەت دەۋاسى يوق. بەرسەڭ توق، بەرمىسەڭ ئاچ، بۇ بىر بىچارىدۇر . .. نادان ھەتتا يۇقىرىدىكى سۈپەتلەردىنمۇ خالى، زاتى بىلىم لىباسىدىن مەھرۇم. ئۇنىڭ ئىشى تەكەببۇرلۇق، گىدىيىش، خىيالىدا يۈز خىل تەشۋىش ۋە ئەندىشە ...» دېمەك، تەكەببۇرلۇق، گىدىيىش ۋە پاراسەتسىزلىك نادانىنى ئېشەكتىنمۇ پەسلەشتۈرۈۋېتىدۇ.

«نادانغا گېپىڭىزنى ئېيتماڭ، ئۇ سۆز توشۇغۇچىدۇر» ، ـ دېيدۇ نەۋائى. سۆز توشۇش ئەينى ۋاقىتتا ئىغۋاگەرلىك ۋە قۇترىتقۇلۇق قىلىشتۇر.

قايسى ئەلدە مالامەت ۋە مالاللىق، سىقىلىش ۋە ھارغىنلىق غالىب كەلسە، ئۇ ئەلدە نادانلىق ئەۋجىگە چىققان بولىدۇ. قايسى يۇرتتا ھەقىقەتنىڭ باغرى تىلىنسا، شۇ يۇرتتا غاپىللار يۇقىرى مەۋقەلەرنى ئىگىلەيدۇ. نەۋائى بۇ ھەقىقەتنى مۇھاكىملىرىدە كۆپىنچە نادانغا دانانى زىت قويۇپ پىكىر يۈرگۈزىدۇ. بۇ گويا قاراڭغۇلۇققا قارشى يورۇقلۇق ھەققىدە سۆزلەۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. شائىر نادانلارنى ئەيىبلەشتە خىلمۇ خىل ئوبرازلىق ئىبارىلەردىن پايدىلىنىدۇ.

ئادەملەر بىلەن يېقىن ۋە سەممىي مۇناسىۋەتتە بو-

لۇش ياخشى پەزىلەت. ئەلگە سىڭەلمىگەن ئادەمدىن ئەلمۇ قاچىدۇ. بۇنداقلارنى نەۋائى يامانلارنىڭ يامىنى ھېسابلاپ قاتتىق سۆكىدۇ. ئادەم تەنە مالامەتلەرگە قالماسلىقنىلا ئويلاپ، كەلسە ـ كەلمەس توپلارغا ئۆزىنى ئۇرماسلىقى كېرەك. بولۇپمۇ نادانلار گۇرۇھىدىن ھەزەر قىلىش لازىم. نەۋائىنىڭ نەسىھەتلىرىگە ئەمەل قىلىدىغان بولساق، دۇنيانىڭ ئاق ـ قارىسىنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان كامىل زاتلار ئارىسىدىمۇ، ئۆزىمىزنىڭ نلمراتلىقىدىن قۇرۇنمىلىقىمىز كېرەك. بۇ يەردە مۇنداق سوئال تۇغۇلۇشى مۇمكىن: ھەممە ئاڭلىق ئادەم ناداندىن قېچىۋەرسە، ئۇلارغا قارشى كىم كۆرەشىدۇ؟ بۇنىڭدىن تەشۋىشلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى خەلقتە بىر قۇدرەتلىك كۈچ بار. بۇ ـ ئەدەبىيات. ئەدەبىيات سۆز ۋە پىكىرنى ئاسماندىن ئالمايدۇ. ئۇ خەلقنىڭ ئىلغار ۋەكىللىرىنىڭ پىكرىگە تايىنىدۇ. ئۇلارنىڭ دەردلىرىنى قەلەم بىلەن جانلاندۇرىدۇ. دېمەك، بىز ھەر كۈن، ھەر سائەت ئۆزىمىزنى يۈكسەلدۈرۈپ، چەكلىملىك، كالتە پەملىك ۋە بىلىمسىزلىكىمىزنى تۈگىتىشىمىز لازىم. ئەنە شۇ چاغدا نادانلار بىلەن مۇرەسسەچىلەرنىڭ سانى كۈنسايىن ئازىيىپ بارىدۇ. بۇ پىكرىمىزنىڭ ئىسپاتى ئۈچۈن بىر مىسال كەلتۈرۈپ ئۆتەي. شەۋكەت رەخماننىڭ «سورۇن» دېگەن بىر شېئىرى بار. مەزمۇنى مۇنداق: «ئۇلپەتلەر يىغىلغان ئاجايىپ سورۇن». ھەممىنىڭ كەيپى چاغ. بىرسى ئۆزىنىڭ «يۈكسەك مەقسىتى» دىن سۆزلەيدۇ. يەنە بىرلىرى گاھ ئۆتمۈشكە، گاھ كېلەچەككە نەزەر ئاغدۇرىدۇ. بەزىلىرى گويا ئالەم تەقدىرىنى ھەل قىلىدۇ.

ئېغىزلىرىدا بۇلۇتتەك كۆپۈك،
يۈزلىرى ئاق، ئىچلىرى قارە.
قىزىقى، بۇ زاتلار قايدىدۇر،
كىملەرنىدۇر قىلار ئىدارە.

قاراڭكى، بۇ غەلىتە سورۇندا بىر ئادەم ئۆزىنى باشقىچە سەزمەكتە. بۇ كىشىلەر ۋە ئۇلارنىڭ غەيرىي ئادەتلىرى ئۇنىڭغا ناتونۇش. بۇ تونۇشسىزلىق ئارتقانسېرى ئۇنىڭ كۆزلىرى تېخىمۇ يوغان ئېچىلىپ، ئەقىل يەتمەيدىغان بىر ھادىسە ـ ئاجايىپ قىزىق مەنزىرە پەيدا بولىدۇ:

سورۇندىكى ئاياقلار ئاستا،
كىرەر تۇياق، چاپچىش شەكلىگە ...

«بىردە ئېشەك» ، «يەنە بەزىسىدە توڭغۇز تۇيىقى» ، «بۆرە پەنجە ئۆسەر بىرىدە» ، «باشقىسىدا تۈلكە ئايىقى» . شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئادەم تىترەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، بۇ يىرگىنىشلىك سورۇننى تەرك ئېتىدۇ. چۈنكى «ئادەمنىڭكى ئىدى ئۇنىڭ ئايىقى ....» بۇ يالغۇز تەرك ئېتىشلا ئەمەس، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە نەۋائىنىڭ «ئۆزۈڭگە ئەبلەخۇ نادانىنى ئەيلىمە ھەمراز» دېگەن سۆزلىرىگە ۋىجدانەن رىئايە قىلىشتۇر. شەۋكەتنىڭ شېئىرىدا تەسۋىرلەنگەن ئېشەك تۇيىقى، بۆرە پەنجىلىكلەر تۇرمۇشتا تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالغىنى يوقمۇ؟ بۇنداقلار ئەل ئىچىدە دائىم بولغان، بۇندىن كېيىنمۇ بولىدۇ. بۇنى ھېسابقا ئالماسلىق ئومۇمنىڭ زىيىنىغا پىكىر قىلىش بىلەن باراۋەر. نەۋائى:

ناكەسۇ ناجىنس ئەۋلادىن كىشى بولسۇن دېبان،
چەكمە مېھنەتكىم، لەتىنى ئولماس كەسافەت ئالەمى.
كىم كۈچۈك بىرلە خۇتەككە نېچە قىلساڭ تەربىيەت،
ئىت بولۇر، داغى ئېشەك، بولماسلار ئەسلا ئادەمى.

دېگەندە پەلەسپىۋى قىممىتىنى ھېچ يوقاتمايدىغان ئاجايىپ بىر پىكىردىن بېشارەت بەرمىگەنمۇ؟

ھايات كۈچلۈك ئادەملەرنى سۆيىدۇ. كۈچلۈكلەر بولسا جەمئىيەت ھاۋاسىنى نادانلارنىڭ بەدبۇيى ھىدلىرىنىڭ بۇلغاپ يۇرۇشىگە پەرۋاسىز قارالمايدۇ. نادانىنىڭ بەختى بولسا، بەختسىزلىككە قىلىنغان سوكۇتتۇر. نەۋائى شېئىرلىرىدا شۇ بەختسىزلىكنىڭ شەرھلىرىنى يازغان. شائىرلىرىمىز بۇنىڭدىن ھەر قانچە ئۆرنەك ئالسىمۇ ئەرزىيدۇ.

## ھەسەت ـ زەھەرلىك ئويغاقلىق

بېرىم تۈن، پېقىن ـ يىراقلاردا چىراغلار ئۆچۈۋاتىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ھەممە ياق تۈن سۈكۈناتىغا چۆكىدۇ. ھەممە ياق قارايغان، ئەتراپنى خىيالىي جىمجىتلىق قاپلىغان. كىشىلەرنى ئازابلاپ «كۈندۈزدىن چارچىغان ئويغاق مۇشەققەت» مۇ ئەمدى «تىنچ تومۇرلاردا» ئۇخلاپ ياتىدۇ. ھېرىپ ـ تېلىققان قۇشلارمۇ «پارقىراق تۈمشۇقلىرىنى پەيلىرى ئارىسىغا تىقىپ» بىر خىلدا مۈگدەيدۇ. كېچىلىك تۈشەكتە چۈشەكەۋاتقان ئادەملەرچۇ؟ ئۇلارمۇ ئويغاق ئەمەس، ـ «چۈشلەر قوينىدا» ئۇخلايدۇ. قىسقىسى بۇ گۈزەل چاغ، بۇ ساماۋى ھالەت قۇچىقىدا «چەكسىز كائىناتمۇ مۈگدەيدۇ». بۇ دىلنى يايشاتقۇچى تۈن مەنزىرىلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ كۆرسىڭىز، ھەتتا «كېچىلەرنىڭ مېھمىنى ـ شەبنەم» مۇ ئۇخلاۋاتقان بولىدۇ.

ئۇخلار ھۆكۈمرانلار، ئەتىسى تىنچسىز،
ئۇخلار كېپىنەكلەر، ئۇخلار يولۋاسلار.
ئاشىقلار كۆڭلىدە ئۇخلار سېغىنىش،
ئۇخلار شىكايەتلەر، ئۇخلار ئەزىز ـ دادلار.

ھەتتا دائىملىق تىنچسىزلىق ۋە بىئاراملىق ئىچىدە ياشايدىغان قاتىل ۋە زالىملارمۇ ئۇيقۇ دېڭىزىغا غەرق بولىدۇ. لېكىن ئالەم دىم ئېلىپ، بىغەملىككە قەدەم قويغىنىدا «بىرلا تۇيغۇ» زادى ئۇخلالمايدۇ. چۈنكى «ئۇنىڭ تۆشىكىدە مىخ بار» ئابدۇللا ئارىپوۋ «تۈن مەنزىرىلىرى» ناملىق شېئىرىدا ئاشۇ تۇيغۇنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ دەيدۇ:

ئۇنى قىيناپ ياتار تىنىمسىز سوراق،
پەقەت ئۇخلالمايدۇ بىرگىنە ھەسەت.

بۇ ـ زەھەرلىك ئويغاقلىق، نەۋائى نادانلىق ئىشەك، «بەلكى
ئىشەكتىنمۇ بەتتەر» پاسىقنى ئەخلاقسىز، يالغانچىنى قەبىھ
گۇناھكار، غەيۋەتخورنى ئەجەلسىز ئۆلىدىغان ناپاك، دەپ
خاراكتېرلىگەن. ھەسەتخور كىم؟ ئۇ بېخىل، ئەشەددىي قارا
كۆڭۈل، ئىچى تار بىر مەخلۇق. ھەسەتخور كۆپىنچە پاكىز،
ئاددىي كىشى بولۇپ كۆرۈنىدۇ. لېكىن دىلى كۆرەلمەس-
لىك، دۈشمەنلىك ۋە ئاداۋەت كۆمۈرلىرىگە تولغان بولىدۇ.
ئابدۇللا ئارىپوۋ ھەسەتخورنىڭ ئىچىدە «تۈتۈنلەپ كۆمۈر
بار» دېگىنىدە زادىلا مۇبالىغە قىلمىغان. ئەمما ھەسەتنىڭ
نەدىن ۋە قانداق تۇغۇلغانلىقى ئۇنىڭغا بىر سىر:

ئىدراكىم بارىچە ياشىدىم پەقەت،
پەم ئەتتىم دۇنيانى ئۆزۈمچە قات ـ قات.
يالغۇز بىر سىرغىلا ئەقلىم يەتمىدى،
نەدىن تۇغۇلىدۇ، بىلمىدىم ھەسەت.

ھەسەتنىڭ ئانىسى ـ كۈچسىزلىك، مەنىۋى ئاجىزلىق.
ئېيتايلۇق، شىر تۈلكىگە ھېچبىر ئىشتا ھەسەت قىلمايدۇ.
تۈلكە بولسا شىرنىڭ زاۋاللىقىنى تىلىشى مۇمكىن. بۇ —
ھەسەت. شۇنىڭغا ئوخشاش ئىستىبداتلىق ئادەملەرنىڭ نە-
پەسلىرىدىن ئىستىبداتسىزلار كۆپىنچە غەشلىنىپ بوغۇلىدۇ.
دانانىڭ پىكرىدىن نادانىڭ بېشى ئاغرىيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن
دۇنيانىڭ قايسى جايىدا كامال تېپىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ-
لۇغ ئىستېدات ئىگىلىرى ـ مەيلى ئۇلار ئالىم، شائىر ياكى
تېۋىپ بولسۇن، ئوخشاشلا ئۇ ياكى بۇ خىلدا ھەسەت
ئوقلىرىغا نىشان بولۇپ ئۆتكەن. ئىبنى سىنا «پەزىلەت ۋە
كامالەتتىم قانچىلىغان زاتلارنىڭ» ئارامىنى بۇزدى، چۈنكى
ئۇلار ماڭا ئىت بولۇپ ھاۋشىدى» دېگەن. بۇ ئىتلىقمۇ
ھەسەتنىڭ كارامىتى، بۇ ئىتلار ئىبنى سىنا قەلبى ئىشغال
قىلغان غايىلەر، ئۇ كۆز تىككەن مەنزىرىلەرنى خىيالىغىمۇ
كەلتۈرەلمىگەن. ھەسەت ئۇچقۇر ئارغىماقنىڭ ئاياغلىرىغا
مىخ بولۇپ سانجىلىشى مۇمكىن. ھەسەتنىڭ كەسپى گۆر-
كالىق بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ مەردلەرنىڭ يوللىرىدا تىنىمسىز
ئورەك كولايدۇ. ھەسەتخور زەھەرلىك يىلاندەك پەيت پاي-
لايدۇ. خۇددى سايىدەك كىشى كەينىدىن سۆرۈلۈپ يۈرى-
دۇ. ھەسەت تەھدىتىدىن ھەمىشە ئاگاھ بولۇپ ياشاش
كېرەك. لېكىن ۋاقىت ۋە ئەقىل سەرپ قىلىپ ھەسەت
بەندىلىرىگە قارشى ئەتەي كۈرەش قىلىش لازىم ئەمەس.
نەۋائى ئېيتقان: «ھەسەتخور ـ بىمار، بەلكى ھالاكەتلىك
كېسەلگە گىرىپتار». شائىر پارىچە قىتئەلىرىنىڭ بىرىدە،
دۈشمەننىڭ ھەسەتخور بولسا ياخشى، دەيدۇ. نېمىشقا؟ ئاڭ-
لاڭ:

دۈشمەننىڭ ھەسەتچى بولغانى ياخشى،
بەد فېئلى ئۆزىگە بېرىدۇ ئازاب.
ئۆز فېئلى ئۆزىگە دوست ـ دۈشمەن بولسا،
قەستىدە جىسمى ـ جان بولادۇر خاراب.

ھەسەتخورنىڭ ئىچى ـ دوزاخ. ئۇ شورلۇق دوزاخ تۇغدۇر-
سىدىكى ۋەقە ۋە قىيناقلارنى ھەر كۈن، ھەر سائەت باشتىن
كەچۈرىدۇ. ئۇنىڭ جىسمى ۋە جېنىنى ئېيتى نامەلۇم قانداق-
تۇر قۇرت ـ قوڭغۇزلار پارچىلايدۇ، ئۇنىڭ كۆڭۈل كۆزى
بىلەن دۇنيانى كۆرۈشكە غەرەز تۈتۈنلىرى ئەسلا ئىمكان
بەرمەيدۇ. نەۋائى بۇلارنىڭ بارچىسىنى ئۇلارغا ھەقلىق جاپا
سۈپىتىدە باھالايدۇ:

ھەر كىمكى ھوسۇد ئېرۇر سەزادۇر ھەسەدى،
ھەقدىن بولغان يامان قەزادۇر ھەسەدى.
ئۆز جانىغە يەتكۈنچە بەلادۇر ھەسەدى،
بەلكىم ئاڭا بىداۋادۇر ھەسەدى.

بۇ «داۋاسى يوق دەرد» كە مۇپتىلا بولماسلىقنىڭ چارىلە-
رى نېمە؟ تىنىمسىز ھالدا روھىي يۈكسەكلىككە ئىنتىلىش.
يۈرەك كەڭلىكى، باشقىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن ئازابلە-
نىپ تولغانماسلىق، پەسقى پىلانلاردىن يىرگىنىش، پاك
مەقسەتلەر بىلەن ياشاش، ئۆز ئىشىنى سۆيۈش، شەخسىي
بەسلىشىشلەرگە پەرۋا قىلماسلىق ـ بۇلار ھەسەتكە قارشى
ئۈنۈملۈك چارىلەردۇر. ئەڭ ئاساسلىقى ئاق كۆڭۈل بو-
لۇش. كۆڭۈل قارىلىقى پۈركىنىشكە باشلىدىمۇ، دېمەك، بۇ
ھەسەتنىڭ باشلانغانلىقىدىن دالالەت. ئۇ چاغدا ئادەمدىن
ئىقبالمۇ، ئامەتمۇ ۋە ئېتىبارمۇ قاچىدۇ. بۇ ھالدا سىزگە ھال
ـ ئەھۋالىڭىزنى كۆرۈپ، كۆزىتىپ يۈرگەن بىرەر ئاقىل زات
بەلكى نەۋائىنىڭ مانا بۇ مىسرالىرىنى ئوقۇپ بېرەر:

ھەر كىمكى ھەسەد خىسلەتىدۇر ۋاي ئاڭا،
ئىقبال ئىلىفەرق فەلەكساي ئاڭا.
ھېچ ئافەتدىن بولمىش پەرۋاي ئاڭا،
ھەم ئۆز ھەسەدى ئافەتدىن ۋاي ئاڭا.

«ھەسەت ـ قەلب ئوغىسى». يۈرىكى زەھەرلەنگەن كىشى-
نىڭ ئەھۋالى «ۋاي» بولۇشى شۈبھىسىز. ئۇ روھىي شاد-
لىق دېگەننى بىلمەيدۇ. ئۇنىڭ خاتىرىسى ئاداۋەت ۋە دۈش-
مەنلىكلەر بىلەن تولغان قۇتىدىن باشقا ھېچنەرسە ئەمەس.
ھەسەتخور دۇنياغا ھوشيار ئەقىل ۋە سۈزۈك ئىدراك بىلەن
خالىس نەزەر تاشلالمايدۇ. ئۇ ئەيىبلەيدۇ، غەزەپلىنىدۇ،
ئەمما زەررىچە خاتىرجەملىككە ئېرىشەلمەيدۇ.

ھەسەتنىڭ ئادەمنى ئىزدىن چىقىرىدىغان يەنە بىر
ھەيبارلىقى بار. ئۇ بەزىدە زورۇقۇپ ئۆلگەن كىشىلەرنى
ئۇلۇغلايدۇ. بۇ چاغدا ھەسەتخور تىرىكلەرنى يەنى ئۆزىگە
ياقمايدىغان پاك ۋە دىيانەتلىك زاتلارنى ھاقارەتلەۋاتقان

بولىدۇ. ھەسەتخور ھېسابات ماشىنىسىدەك كەمچىلىكلەرنى سانايدۇ، ئادەملەردىكى قۇسۇر ۋە نۇقسانلارنى ھېسابلايدۇ. لېكىن كىشىلەردىكى ياخشى ئىنسانىي سۈپەتلەرنى كۆرمەيدۇ. نەۋائى ئېيتقان: «ئادەملەرنىڭ قىلمىشلىرىدىن ئەيىب ئاختۇرغان ئادەمنىڭ ئۆزى ئەيىبسىز بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ھەممە نەرسىگە يامان كۆز بىلەن قارىغۇچى كىشى ھەسەلنىمۇ زەھەر ئورنىدا كۆرىدۇ.» ھەسەتخور «ئاددىي تاشنى ياقۇت دەپ بىلىدۇ، سەدەپنىڭ ھەر قانداق سۇنۇقلىرىنى ئۈنچە ھېسابلايدۇ. بۇنداق ئادەم بىراۋنىڭ داستىخىنىدا بىر يۇملاق كاكچا كۆرسە ئۇنى ئاسمان سەھنىسىدىكى تولۇن ئاي، دەيدۇ. ئادەملەرنىڭ ئاقىنىدا پەيدا بولغان قاداقنى كۆرسە، ھەسەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئۈنچە، گۆھەرنى تۇتۇپ تۇرۇپتۇ، دەيدۇ. تۈن قاراڭغۇلۇقىنى تاڭ يورۇقى دەيدۇ. بىر ئادەم گۈل ھىدلىسا، ئۇنىڭ بەدىنىگە تىكەن سانجىلغاندەك بولىدۇ. ئەگەر شادلىق بولسا ئۇنىڭ دەردى كۆچىيىدۇ. ھالال بايلىقنىڭ ئاپىتى ئوغرى بولغىنىدەك ياخشىلار مۇشۇنداق ھەسەتخورلاردىن ئازار يەيدۇ.» خەلقىمىز «دەرەخنىڭ قوۋزىقىنى قۇرت يەيدۇ» دەپ نىھايىتى توغرا ئېيتقان. بىچارە ھەسەتخورلارنىڭ بېغىرىنىمۇ قۇرت تىنىپ، ئۇلارنى ئازابلايدۇ. لېكىن ئۇلار شۇنداق ئېچىنىشلىق ھالىتىدىمۇ يۈكسەك پەزىلەتلىك، ئالىيجاناب ئادەملەرنىڭ قەلبىگە نەشتەر سانجىشنى قەستلەيدۇ. مىرزا بىدىل بىر شېئىرىدا: «ھەممە ئىچى قارا ئادەملەرنىڭ ئادىتى بىرلا، ئۇ بولسىمۇ ھەسەت. ئۇلارنىڭ خۇنۇك نەزەرى پاكلار تۆھمىتىگە قارىتىلغان، سەن بۇنىڭدىن ھەيران قالما. ئاپئاق پىلتىنى ئۆيۈكنىڭ تەكچىسىگە قويغىن ـ دە، ئاستىدىن شام ياق، شامنىڭ تۈتۈنى يۈكسەكتىكى ئاشۇ پىلتىغا قاراپ ئۇچىدۇ. بىرىنچى بولۇپ ئۇنى قارايتىدۇ» .

نېمىدېگەن بۈيۈك ھېكمەت! دېمەك ۋىجدانى پاك ئادەم ئۇ ياكى بۇ خىلدا ھەسەت تۆھمەتلىرىگە يولۇقۇشى مۇمكىن. جاھالەت ـ ھەددىدىن ئاشقان نادانلىق. نېمىشقىدۇر جاھىل نادانغا قارىغاندا ۋەھشىيدۇر. ئۇنىڭ ئارامى ـ قوپاللىق، قەھرى ياۋۇزلۇق. جاھالەتكە ھەسەت قوشۇلغاندا، نېمىلەرنىڭ يۈز بېرىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن. بۇنىسى بەكمۇ دەھشەتلىك!

ئابدۇللا قاھار ھېكايىلىرىنىڭ بىرىدە مۇنداق رىۋايەت كەلتۈرىدۇ: خىزىر سەھرادا بىر كورنى كۆرۈپ، رەھمى كېلىپتۇ ـ دە: «ئەي خۇدانىڭ بەندىسى، تىلىكىڭنى تىلە» دەپتۇ. كور خۇدادىن كۆزىگە نۇر تىلەشنىڭ ئورنىغا «ئەي خىزىر، خۇدادىن تىلەپ بەرگىن، ھەممە ئادەملەرنىڭ كۆزى كور بولسۇن ـ دە، مېنىڭ ئەلىمىم بېسىلسۇن» ، ـ دېگەن ئىكەن. جاھىل ھەسەتچى دەل شۇ كورنىڭ ئۆزىدۇر. ئۇ شۇنچىلىك يىرتقۇچ ۋە شۇنچىلىك شەپقەتسىز. بولمىسا ئۇ ئەل كۆزىدە نۇر كۆرۈپ كۆزى قاراڭغۇلاشقىنى يەتمىگەندەك جەۋرى ستەم تىغى بىلەن ئەل كۆزىنى ئويۇپ ئېلىشقا ئىنتىلەرمىدى؟ ئەل كىم، سەن كىم؟ بۇ دەل نەۋائىنىڭ رۇبائىيسىدىكى «ھەسەتخور ئۆز كۆزىنى ئۆزى ئويىدۇ» دېگىنىنىڭ خۇددى ئۆزى ئەمەسمۇ؟

شۇنداق، ھەسەت ئەڭ يىرگىنىشلىك تۇيغۇ. دانالارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىچە، نەپرەت، ساتقۇنلۇق ۋە پىتنە پىساتلار ھەسەت بايرىقى ئاستىدا ۋايىغا يېتىدىكەن. بەزىبىر ئەقىللىقلار ھەسەتخورلارنىڭ ئەتراپىغا ئونلاپ غەيۋەتخور، چېقىمچى، ساتقىن ۋە پىتنە پاساتچىلارنىڭ توپلىنىشى تاسادىپىي ئەمەس.

قېچىردەك چايانلار، پىل ئوخشاش مويلار،
بەدىنىڭدىن سۇرەر قانىڭ، غەيۋەتچى.

غەيۋەتخور توغرىسىدا كۆپ ئاڭلىغانمىز، ئوقۇغانمىز، ئەمما غەيۋەتخورنىڭ «قېچىردەك چوڭلۇقتىكى چايانلار»نى ئۆز قېنى بىلەن سەمرىتىپ يۈرىدىغانلىقىنى ھېچقاچان خىيالىمىزغا كەلتۈرمىگەنمىز، مەختۇمقۇلىنىڭ يۇقىرىقى تەسۋىرى غەيۋەت ئەھلىنىڭ ئېغىر جازالارغا مەھكۇملۇقىدىنلا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ «قېچىردەك چايانلار»نىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. پەسىق ۋە غەيۋەتخورلار ئۆمۈرلىرىنى سەرپ قىلىپ ئۆزگىلەرنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنى «كوچا ـ كويلاردا تارقىتىدىغان» ، ھۆرمەتكە مۇتلەق مۇناسىپ بولمىغان ئازغۇنلاردۇر. نەۋائى ئۇلارنى زادى ھۆرمەت قىلماسلىققا ئۆگىتىدۇ. تىلىمىزدا «راھەت» دېگەن سۆز بار. ئەپسۇسكى، بىرمۇنچە ئادەملەر بۇ سۆزنىڭ مەزمۇنىنى بەكمۇ بىر ياقلىما، يۈزە چۈشىنىدۇ. «راھەت» ـ ئىنساننىڭ ئىچكى پىكرى پاراغەت، كۆڭلىنى پاكلاپ روھقا يۈكسەك ھۇزۇر بېغىشلايدىغان تۇيغۇ ۋە ھالەتلەرنىڭ يىغىندىسى.

نەۋائىنىڭ «ھەر كىمسە ھوسۇد بولسا، راھەتسىز ئۆلۈر» ، سۆزلىرى پەسىق ۋە غەيۋەتخورلارغىمۇ تېگىشلىكتۇر. ھەسەت، پىتنە غەيۋەت ـ بۇلار «يامان خىسلەتلەر»نىڭ يامىنىدۇر. بۇلار ئىنساننى بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ئىچى بوش جەسەتكە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ ۋە بۇ جەسەت كىشىلەرنى پەقەت ئوغا تارقىتىش بىلەنمۇ ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلىدىغان جىنايەتلىك يولغا باشلايدۇ. مانا شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھەسەتخور قاتىلدىنمۇ زەھەرلىكتۇر.

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: مەھەممەت پولات

# دىنىي مەسىلىلەرنى توغرا ھەل قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتەيلى

رىزۋانگۈل نىياز

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ دىنغا قاراتقان ئاساسىي سىياسىتى — دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى. بۇ دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا ئېنىق بەلگىلەنگەن. پۈتۈن مىللەت بويىچە ياكى ئاساسىي جەھەتتىن پۈتۈن مىللەت بويىچە دىنغا ئېتىقاد قىلغان ئەھۋالدا، ئاساسىي قانۇنىدا بەلگىلەنگەن دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى توغرا ئىجرا قىلىش — شۇ مىللەتنىڭ كەڭ كادىرلىرى ۋە خەلق ئاممىسىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشقا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلە.

پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنى دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىمۇ بولىدۇ. دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىمۇ بولىدۇ. بۇ ئىككى خىل ئەركىنلىك ئوخشاشلا ھۆرمەتلىنىشى ۋە قوغدىلىشى لازىم. ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۇنىڭ قايسى بىرسىگە سەل قاراش خاتادۇر. ئۇنىڭ قايسى بىرىگە سەل قارايدىكەن، ئۇ ھالدا پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئەتراپلىق ۋە توغرا ئىزچىللاشتۇرغىلى ۋە ئىجرا قىلغىلى بولماي قالىدۇ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا زىيان يېتىدۇ. مۇقىملىق ۋە تەرەققىياتتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. بىر قىسىم كىشىلەر پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى باھانە قىلىپ، دىنىي تونغا ئورۇنىۋېلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ۋە تىنچلىق-مۇقىملىق مۇھىتىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ. بىز بۇنداق ھەرىكەتلەرگە قەتئىي قارشى تۇرۇپ يول قويماسلىقىمىز لازىم. چۈنكى بارلىق دىنىي پائالىيەتلەر ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار ۋە سىياسەت يول قويغان دائىرە ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلە بىللە يەنە دىنىي زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلا تەربىيە بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشىنى ئۆستۈرۈش ئاساسىدا، ئۆزلىرىنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقىغا دەخلى يەتكۈزىدىغان قالاق دىنىي قائىدە-ئادەتلىرىنى ئاڭلىق تۈردە ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئۆزگەرتىشكە يېتەكلىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندا، پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىك سىياسىتىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

دىنىي ساھەدىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنى قولغا كەلتۈرۈش، ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش ۋە ئۇلارغا تەربىيە بېرىش — دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، دىنىي مەسىلىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنىڭ ئاچقۇچى.

دىنىنىڭ جەمئىيەتتىكى رولى دىنىي تەشكىلاتلار، دىنىي كەسپداشلار ۋە ئېتىقادچىلار ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى يۇقىرى قاتلام زاتلارنى قولغا كەلتۈرۈش، ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش ۋە ئۇلارغا تەربىيە بېرىش — دىنىي خىزمەت، بىرلىكسەپ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىم تەرىپى. شىنجاڭدا پۈتۈن مىللەت بويىچە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەردىن ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، قىرغىز، تاجىك، تاتار، ئۆزبېك قاتارلىق يەتتە مىللەت بار ئىدى. ھازىر دۇڭشياڭ، سالا، باۋئەن قاتارلىق مىللەتلەر قوشۇلۇپ جەمئىي ئون مىللەتكە يەتتى. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ سانى يىلدىن يىلغا كۆپىيىۋاتىدۇ. لاما دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار ئاساسلىقى موڭغۇل ۋە زاڭزۇلاردىن ئىبارەت. بۇ ئىككى دىنىنىڭ مىللىيلىكى ۋە ئاممىۋىيلىكى ناھايىتى روشەن. بۇ ئەھۋالدا، مىللەت بىلەن

www.uyghurkitap.com



دىننى بىر قىلىپ ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە ۋە ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تەڭلىك بەلگىسى سىزىپ قويۇشقا بولمايدۇ. مىللەت بىلەن دىننىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق مۇناسىۋەت يوق دەپ دىننى مەسىلىگە يەككە - يېگانە دەپ قاراپ، دىننىڭ مىللەتكە بولغان تەسىرى ئىنكار قىلىنسا، بۇمۇ توغرا بولمايدۇ. مىللەت بىلەن دىن ھەر ئىككىلىسى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، مىللەت بولسا تارىختا شەكىللەنگەن كىشىلەرنىڭ تۇراقلىق ئورتاق گەۋدىسى. ئۇ ئورتاق تىل، ئورتاق تېررىتورىيە، ئورتاق ئىقتىسادىي تۇرمۇش ۋە ئورتاق مىللىي مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىدە ئىپادىلىنىدىغان پسىخىك روھىي ھالەتكە ئىگە بولغان كىشىلەرنىڭ ئورتاق گەۋدىسى. دىن بولسا بىر خىل ئىدېئولوگىيە بولۇپ، ئۇ ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ كىشىلەر مېڭىسىدىكى خاتا ئىنكاسى. مىللەت بىلە دىننىڭ بارلىققا كېلىش، تەرەققىي قىلىش، يوقىلىش قانۇنىيىتى بار. لېكىن پۈتۈن مىللەت بويىچە ياكى ئاساسىي جەھەتتىن پۈتۈن مىللەت بويىچە بىر خىل دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئەھۋالدا، دىن بىلە مىللەتنىڭ مۇناسىۋىتى قويۇق بولۇپ، دىنىي ئاڭ كۆپ ھاللاردا شۇ مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ روھىي ھالەت ئالاھىدىلىكىنىڭ مۇھىم ئىپادىلىرىدىن بىرى بولۇپ شەكىللىنىپ، شۇ مىللەتنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا ۋە مۇئەييەن دەرىجىدە جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا شىنجاڭدا دىنىي خىزمەتنىڭ مىقدارى زور، دائىرىسى كەڭ. شۇڭا ئۇلارغا بولغان خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش ۋە مۇقىملىقنى ساقلاشتا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

40 نەچچە يىلدىن بۇيان، پارتىيىمىز ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسىدە شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلىرىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنىڭ قولغا كەلگەنلىكىنى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ دىنىي ساھەدىكى زاتلارغا قارىتقان قولغا كەلتۈرۈش، ئىتتىپاقلىشىش ۋە تەربىيە بېرىش خىزمىتىنىڭ ئۈنۈملۈك بولغانلىقىدىن، شۇنداقلا دىنىي ساھەدىكى زاتلارنىڭ تىرىشىپ ھەمكارلاشقانلىقىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. دىنىي ساھەدىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنىڭ سوتسىيالىستىك ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئىجابىي رولىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك. دىنىي ساھەدىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلار كۆپ يىللاردىن بۇيان، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش، بولۇپمۇ خەنزۇ مىللىتى بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشتە بىر قەدەر زور خىزمەت كۆرسەتتى. دىنىي ساھەدىكى زاتلار ئىچىدىن بىر تۈركۈم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى نەمۇنىچىلىرى مەيدانغا كېلىپ، ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەر بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تەقدىرلەش يىغىنلىرىغا قاتناشتى. دىنىي ساھەدىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلار يەنە ئاساسىي قاتلاملاردىكى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئۆز خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلىشىگە پائال ھەمكارلىشىپ، ئېتىقاتچى ئاممىنى ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشى ئېلىپ بېرىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، چارۋىلارنى ھۆددىگە ئېلىش ياكى بىرەر مەخسۇس كەسىپ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىنىش ياكى بوز يەر ئېچىش، ئورمان بىنا قىلىش، باغۋەنچىلىك ياكى باشقا قوشۇمچە كەسىپ ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىنىشقا رىغبەتلەندۈرگەن. بۇ خىل ئەمگەك ۋە خىزمەتلەر داۋامىدا ھەرقايسى جايلاردا دىنىي ساھەدە كۆرۈنەرلىك بولغان بىر تۈركۈم ۋەتەنپەرۋەر زاتلار ئائىللىرى مەيدانغا كېلىپ، كەڭ ئېتىقاتچى ئامما ئىچىدە ئىجابىي تەسىر كۆرسەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن دىنىي ساھەدىكى زاتلارغا قارىتىلغان قولغا كەلتۈرۈش، ئىتتىپاقلىشىش ۋە تەربىيە بېرىش فاڭجېنىنى داۋاملىق ئىزچىل ئىجرا قىلىشىمىز لازىم. ھازىر بار بولغان دىنىي كەسپلەرنىڭ ئىجابىي رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىللە يەنە دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ ھەم بىرقەدەر يۇقىرى دىنىي بىلىمگە ئىگە، ھەم ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدىغان، پارتىيە رەھبەرلىكىنى، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ھىمايە قىلىدىغان يېڭى ئەۋلادلىرىنى پىلانلىق تۈردە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش جەھەتلەردە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز لازىم.

دىنىي مەسىلىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىن ئايرىلالمايدۇ.

شىنجاڭ ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى. شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرى ۋەتىنىمىزنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشقان. ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشتا مۇھىم رول ئوينىغان. مۇقىملىق ۋە مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەپ، ۋەتىنىمىزنى قوغداشتا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم. پارتىيىمىز ئىتتىپاقلىق مەسىلىسىنى ئەزەلدىن ئېلىمىز سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىنىڭ راۋاج تېپىش ياكى توختاپ قېلىشىغا، غەلىبە قىلىش ياكى مەغلۇپ بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك زور سىياسىي مەسىلە دەپ قاراپ كەلدى. ئېلىمىزدىكى مىللەتلەر ئىناق، ئىتتىپاق ئۆتكەندە جەمئىيىتىمىز ئامان، خەلق خاتىرجەم بولىدىغانلىقىنى، ئەگەر مىللىي مۇناسىۋەتتە مەسىلە كۆرۈلسە، ئورتاق ئىش زىيانغا

ئۇچرايدىغانلىقىنى قايتا - قايتا ئىسپاتلىدى. شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش تۇرلۇك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئاچقۇچى. بۇنىڭدىن ئايرىلغاندا، مەملىكىتىمىزدە ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ. مىللىي ئىتتىپاقلىق مەسىلىسى پۈتۈن مەملىكىتىمىز ۋە ئاپتونوم رايونىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، دۆلىتىمىزنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلە، بىز بۇنى ھەر ۋاقىت ئېستە تۇتىشىمىز لازىم. مىللىي باراۋەرلىك مەسىلىسى ماركسىزملىق مىللەت قارىشىنىڭ تۈپ نۇقتىسىنەزىرى بولۇپ، بۇرژۇئازىيە تەشەببۇس قىلغان باراۋەرلىك بىلەن زادىلا ئوخشىمايدۇ. ماركسىزم مىللەت مەيلى چوڭ بولسۇن ياكى كىچىك بولسۇن ھەممىسىنىڭ باراۋەر بولۇشىنى، ھەرقانداق مىللىي زۇلۇم، مىللىي كەمسىتىشكە قارشى تۇرۇشنى، مىللەتلەرنىڭ قانۇنى باراۋەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش بىلەنلا قالماي، ھەر خىل چارە-تەدبىرلەردىن پايدىلىنىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. مىللىي باراۋەرلىك ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى ۋە يەرلىك ئىشلارنى باشقۇرۇشتا باراۋەرلىك ئاساسىدا قاتنىشىشىدىن ئىبارەت. سىياسىي باراۋەرلىك مىللىي ئاپتونوم جايلارنىڭ دۆلەت قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە، ئۆز جايىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرى ۋە پەن-مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرىنى ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇشتىن ئىبارەت. ئىقتىسادىي ۋە پەن-مەدەنىيەت جەھەتتىكى باراۋەرلىك، تىل-يېزىق باراۋەرلىكى، شۇنىڭدەك ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ساقلاش ياكى ئىسلاھ قىلىش ئەركىنلىكى، دىنىي ئېتىقاد قاتارلىق تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئېلىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ بۇ باراۋەرلىك ھوقۇقلىرى ھەم مەجبۇرىيەتلىرى دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنى ۋە باشقا قانۇنلىرىدا ئېنىق بەلگىلىنىپ، قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان.

مىللىي ئىتتىپاقلىق — ماركسىزمنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى تۈپ پرىنسىپى. ئىتتىپاقلىق — كۈچ، ئىتتىپاقلىق — غەلىبە. پەقەت ئىتتىپاقلىق بولغاندىلا مىللەتنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. مىللىي باراۋەرلىك بىلەن ئىتتىپاقلىق ئۆز ئارا دىيالېكتىكىلىق مۇناسىۋەتتە. بۇلارنىڭ بىرى يەنە بىرىنىڭ بولۇشىنى شەرت قىلىدۇ، بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ھەقىقىي باراۋەرلىك بولمىسا، ھەقىقىي ئىتتىپاقلىق بولمايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، مىللىي ئىتتىپاقلىق، ئۆز نۆۋىتىدە، مىللىي باراۋەرلىكنى تولۇق ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ زۆرۈر شەرتى بولىدۇ.

3. بىز پارتىيىنىڭ دىنغا قاراتقان فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى توغرا ئىجرا قىلىپ، تاكتىكىغا ئەھمىيەت بېرىپ، خىزمەت ئۇسۇلىغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. دىنىي مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئاساسىي قانۇن، قانۇن ۋە سىياسەتنى مىزان قىلىش، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، ئىدىيىۋى خىزمەتنى ئىنچىكە ئىشلەش، قولغا كەلتۈرۈشكە ۋە ئىتتىپاقلىشىشقا بولىدىغان بارلىق كىشىلەرنى ئەڭ كەڭ دائىرىدە قولغا كەلتۈرۈش ۋە ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇشىمىز لازىم ۋە بۇنىڭ مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا، مىللەتلەرنىڭ ئالغا بېسىشى ۋە ئورتاق بېيىشىغا، سوتسىيالىستىك ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا پايدىلىق بولۇشىنى كۆزلىشىمىز لازىم. ھەرگىزمۇ بىر قىسىم كىشىلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، يەنە بىر قىسىم كىشىلەردىن ئايرىلىپ قالىدىغان ئەھۋال يۈز بېرىپ قالماسلىقى لازىم.

كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلىرىغا ماركسىزم-لېنىنىزم، ۋە پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتى توغرىسىدا ئۈزلۈكسىز تەربىيە بېرىش؛ كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلىرى، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرىي كادىرلار دىننىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش ۋە يوقىلىشىدىكى ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتنى چوڭقۇر چۈشىنىشى، ھەم مەملىكىتىمىزدە سوتسىيالىستىك دەۋردىكى دىنىي مەسىلىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكى، مۇرەككەپلىكى ھەمدە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دىنىي مەسىلىنىڭ مىللىيلىقى، ئاممىۋىلىكى ۋە خەلقئارالىقىنى تولۇق تونۇشلىرى دىننىڭ ماھىيىتى ۋە ئىجتىمائىي رولىنى ھەقىقىي چۈشىنىۋېلىشى پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ ماھىيىتىنى ۋە دىنىي مەسىلىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىنى ھەقىقىي ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشى لازىم.

بىز ماركسىزمنىڭ ھەقىقەتكە ۋە پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنىڭ توغرىلىقىغا قەتئىي ئىشىنىشىمىز لازىم.

ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ئىچىدىكى دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار بىلەن ئېتىقاد قىلمايدىغانلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى تۈپ مەنپەئەتىنىڭ بىردەكلىكىگە قەتئىي ئىشىنىشىمىز، دىنىي ساھەدىكى زاتلار بىلەن كەڭ ئېتىقاتچى ئامما ئىچىدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىغا، سوتسىيالىستىك ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدىغانلىقىغا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە مۇقىملىقىنى ساقلاشتا ئۆزلىرىنىڭ تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشىدىغانلىقىغا ئىشىنىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندا، دىنىي مەسىلىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشكە كاپالەتلىك قىلالايمىز.

www.uyghurkitap.com



# ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدا تەھلىل

ھىمىت ھۇشۇر

مىللىي مەسىلە ــ چوڭقۇر مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىقتىسادىي تەرەققىيات مەسىلىسى. يولداش جياڭ زېمىن 1992 - يىلى مەركەز چاقىرغان مىللەر خىزمىتى يىغىنىدا: «ھازىرقى باسقۇچتىكى ئېلىمىزدىكى مىللىي مەسىلە بىر قەدەر مەركەزلىك ھالدا ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسات، مەدەنىيەت جەمئىيەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنى جىددىي تەلەپ قىلىشىدا ئىپادىلىنىۋاتىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ يەنە «يېڭى تارىخىي مەزگىلدە مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتىكى يادرولۇق مەسىلە ــ پائال تۈردە شەرت شارائىت يار ـ ىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت ۋە مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇ ھەم ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلاردىكى خەلق ئاممىسىنىڭ جىددىي تەلىپى شۇنداقلا سوتسىيالىستىك مىللىي سىياسىتىمىزدىكى تۈپ پرىنسىپ» دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يېقىندىن يار يۆلەكتە بولۇشى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ كەبىياتى ۋە ئىجتىمائىي قىياپىتىدە زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. ماددىي تۇرمۇش زور دەرىجىدە يۇكسىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىشلىرىمىزدا كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. لېكىن تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى دۆلەت ئىچىدىكى باشقا رايونلارنىڭ كىگە سېلىشتۇرغاندا، ناھايىتى چوڭ پەرق قىلىدۇ، بۇ خىل پەرق كۆپەيگەنسېرى كېڭىيىپ بارماقتا، مەسىلىلەرمۇ كۆپەيمەكتە. شۇڭا بۇ ئاللىقاچان ئادەتتىكى ئىقتىسادىي مەسىلە بولۇپلا قالماستىن، روشەن سىياسىي مەسىلىگە ئايلىنىپ قالماقتا. شۇڭلاشقا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، مۇۋاپىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش لازىم. بۇ بىزنىڭ ئالدىمىزغا قويۇلغان مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى.

ئالدى بىلەن، ئىدىيىنى تېخىمۇ ئازات قىلىپ، تونۇشنى ئۆزگەرتىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. ئىدىيىنى ئازات قىلىش، كالىلىنى سەگەك تۇتۇش — ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئاچقۇچ.

بۇ تارىخىي ئەمەلىيەت تەرىپىدىن ئىسپاتلانغان. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنىڭ ئارقىدا قېلىشىدا تارىخ ۋە تەبىئەت قاتارلىق ئوبيېكتىپ سەۋەبلەردىن باشقا، يەنە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەن بولۇشى، ئىدىيىنى ئومۇميۈزلۈك ئازات قىلىش ئىشلىرىنىڭ يېتەرسىز بولۇشى قاتارلىق مەسىلىلەرمۇ مەۋجۇت. مەسىلەن: ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ستراتېگىيىسىدە قانداق قىلىپ ئۆز ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات سۈرئىتىنى تېزلىتىش ئۈستىدە ئىزلىنىش چوڭقۇر بولماۋاتىدۇ. ئۇسۇللار ئاددىي، يېڭىلىقلار ئاز، كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، بەزى كىشىلەر تا ھازىرغىچە «سوتسىيالىزم» مۇ ياكى «كاپىتالىزم» مۇ دەپ گاڭگىراپ يۈرۈۋاتىدۇ، ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىشتە ئىچكى رايونلار بىلەن بىرلىشىپ سىرتقا چىقىرىشتا زىيان تارتىشتىن، ئالدىنىپ قېلىشتىن، كەمتۈكۈزۈپ قويۇشتىن قورقۇشتەك كونا تەپەككۇر شەكىللىرى يەنىلا مەۋجۇت، تۈرلۈك سىياسەتلەرنى ئىجرا قىلىشتا دائىم يۇقىرى نېمە دېسە، ھۆججەتتە نېمە يېزىلغان بولسا، باشقىلار قانداق قىلغان بولسا شۇنىڭغا قارىغۇلارچە چوقۇنىدىغان ئەھۋاللار يەنىلا ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت. ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەيدىغان يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى ۋە ئۇنىڭ روھىنى ئىجادىي ھالدا قوللىنىش ئانچە يېتەرلىك بولماۋاتىدۇ، شۇڭلاشقا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بىلەن تەرەققىي قىلغان رايونلارنىڭ تەرەققىياتى ئوتتۇرىسىدا پەرق مەۋجۇت دېيىلسە مېنىڭچە، ئاساسلىقى، ئىدىيە جەھەتتىكى پەرقتىن ئىبارەت. شۇڭا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «سول» چىل ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىنى يېڭىپ، قالاق ئەنئەنىۋى قاراشلارنى تۈپتىن تۈگىتىپ، كونا تەپەككۇر شەكىللىرىنى ئۆزگەرتىپ،

ئىدىيىنى يەنىمۇ ئازات قىلىپ، نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنىڭ جىددىيلىكىنى تەخىرسىزلىكىنى ئوبدان تونۇپ يېتىكەندىلا، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرغىلى، ئىشىكنى تېخىمۇ كەڭ ئېچىپ، ئىقتىسادنى ئۈنۈملۈك تېز تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن قالسا، دۆلەتنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ۋە ئىلغار رايونلارنىڭ ئاكتىپ ياردەم بېرىشى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم شەرت ـ شارائىت ھېسابلىنىدۇ. بەزى يەر شەكلىنىڭ ناچار بولۇشى، ئاساسىي شارائىتنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى تۈپەيلىدىن، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئارقىدا قالغان، ئاساسىي ئاجىز، دۆلەت مالىيىسىگە يۆلىنىۋېلىش ئېغىرراق، ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئىقتىسادىي نىسبەتەن ئاجىز. شۇڭا بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا رىقابەتلىشىش ئىقتىدارى كەم بولماقتا، شۇڭا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتە قەدەم باسقۇچلۇق ھالدا، تەرەققىي قىلغان رايونلار بىلەن بولغان پەرقىنى كىچىكلىتىپ، قەدەممۇ ـ قەدەم ئومۇميۈزلۈك تەرەققىياتقا ماسلاشتۇرۇپ، ئالغا كەتكەن ئىلغار رايونلارنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ۋە ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم.

بىرىنچىدىن: ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ يېرى كەڭ، بايلىقى مول، كەڭ ئېچىش ئىستىقبالىغا ئىگە، مۇھىمى مەبلەغ يېتىشمەيدۇ. ئېچىشقا كۈچ يېتەرلىك ئەمەس، دۆلەت بۇ رايونلارغا كۆپلەپ مەبلەغ سېلىش لازىم. بىر قىسىم تۈرلەرنى كۆپلەپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، مىللىي ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم. بۇ تۈرلەرنى ئېچىشتا باشقا رايونلارغا ئوخشاش تەلەپ قويماسلىق كېرەك. چۈنكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى بىلەن تەرەققىي تاپقان رايونلارغا سېلىنىدىغان مەبلەغ ئىشلىرىدا ھەر قانداق ۋاقىتتا ئۇلارنى ئوخشاش ئورۇنغا قويۇشقا بولمايدۇ. شۇڭا دۆلەت ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغامەبلەغ سالغاندا ئىمكان قەدەر كۆپرەك ئويلىنىپ، كۆپرەك قوللاپ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنىڭ مۇقىم راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

ئىككىنچى: ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ قاتنىشى قولايسىز. ئالاقە ئەسلىھەلىرى ناچار بولغانلىقتىن، دۆلەتنىڭ كۈچ چىقىرىپ ئاساسىي ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە ياردەم بېرىشكە، تېزدىن مەبلەغ سېلىش مۇھىتىنى ئۆزگەرتىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇپ، سىرتنىڭ مەبلىغىنى كۆپلەپ كىرگۈزۈپ تاغلىق رايونلارنىڭ مەبلىغىنى ئېچىپ ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە، بۇ رايونلارنىڭ تاۋارلىرىنى كۆپلەپ دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارا بازارلارغا كىرگۈزۈپ، ھەقىقىي بايلىق ئەۋزەللىكىگە ئايلاندۇرۇشقا مۇھتاج.

ئۈچىنچى: ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مالىيە كۈچى ھەم ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارى ئاجىز بولۇپ، بىگى مالىيە تۈزۈلمىسى، پۇل ـ مۇئامىلە تۈزۈلمىسى، مەبلەغ سېلىش تۈزۈلمىسىنىڭ ئىسلاھاتى داۋامىدا، بۇ رايونلار كۆپلەپ ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىگە مۇھتاج. ئەسلى ئاساسىي ئاجىز بولۇشتەك ھالەتنى تۈگىتىپ، ياخشى سۈپەتلىك تەكرارلىنىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم.

تۆتىنچى: ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ بازار ئىگىلىكى يەنىلا دەسلەپكى باسقۇچتا تۇرىۋاتىدۇ. تېخى مۇكەممەللەشكىنى يوق. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى بەرپا قىلىش جەريانىدا بۇ رايونلارنىڭ بازار مېخانىزمىدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى تولۇقلاپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

بەشىنچى: تەرەققىي قىلغان رايونلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا بېرىدىغان ياردىمىنى ئۈزلۈكسىز قولغا كەلتۈرۈپ ۋە ئاكتىپ تەشكىللەپ، بازار ئىگىلىكىنىڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق بېيىش تەلپىگە بىنائەن، كۆپ تەرەپتىن مەبلەغ سېلىش، بايلىقلارنى ئېچىش، بىرلىشىپ كارخانا قۇرۇش ياكى ئادەم ئەۋەتىپ يۇقىرى پەن تېخنىكىلىق سانائەت رايونلىرىنى قۇرۇش ئارقىلىق ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئۆز ـ ئارا تولۇقلاشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە ياردەم بېرىش لازىم.

كادىرلارنى يېتىشتۈرۈشنى تېزلىتىپ، پەن ـ مائارىپنى چىڭ تۇتۇش — ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئالدىنقى مۇھىم ھالقا. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى تەرەققىياتىنىڭ ئاستا بولۇشىدىكى مۇھىم بىر سەۋەب مەبلەغ كەمچىل بولۇش، ئىقتىساسلىقلارنى كەمچىل بولۇش دېگەندەك سۆزلەر دائىم ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتىدۇ. مېنىڭچە، ئىقتىساسلىق كىشىلەر بىلەن تېخنىكا ئەڭ مۇھىم. ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئىقتىساسلىقلار ئاچقۇچلۇق رول ئوينايدۇ.

«پەن ـ تېخنىكا ـ بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى» بۇ ھالقا چىڭ تۇتۇلۇپ ياخشى ئېلىپ بېرىلسا قانداق قىيىنچىلىق ھەم يېتىشسىزلىكنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى قىلغىلى، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى، ئۈنۈمنى ئاشۇرغىلى، سۈرئەتنى تېزلەتكىلى بولىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، ھەر قانداق شارائىتنىڭ تولۇق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ. شۇڭلاشقا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ

ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن چوقۇم ئىقتىساسلىقلارنى تەربىيىلەشكە زور دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، كادىرلار مەسىلىدە ساقلىنىۋاتقان، كادىرلار سانىنىڭ ئاز بولۇشى، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەن بولۇشى، قۇرۇلمىسىنىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقى قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئۆزگەرتىشى لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن پەن - تېخنىكىغا يۇقىرى دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئىلىمگە ھۆرمەت قىلىش، ئىقتىساسلىقلارنى ھۆرمەت قىلىشتەك كەيپىياتنى پەيدا قىلىش لازىم. ھەم يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىقات ئورۇنلىرى، مەكتەپ ئورۇنلىرى ۋە تەرەققىي قىلغان رايونلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىش لازىم. پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىشتا پەن تېخنىكىدىن پايدىلىنىشى ھەم كەڭ دائىرىدە خىزمەت قىلدۇرۇشنى تېزلىتىشى كېرەك.

تالانتلىق خادىم پەن - تېخنىكىدىكى مۇھىم ھالقا بولۇپ، ماارىپ بۇنىڭ تۈپ يىلتىزى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ «مەركىزىي كومىتېت ماارىپنى ئىنتايىن زور تىرىشچانلىق بىلەن تۇتۇشنى، تۇتقاندىمۇ باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپتىن باشلاپ تۇتۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ - ستراتېگىيىلىك نەزەر بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىر تەدبىر. ئەگەر پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئالدىغا ھازىر مۇشۇنداق ۋەزىپە قويۇلمىسا، چوڭ ئىشقا دەخلى يېتىدۇ، تارىخىي جاۋابكارلىققا تارتىلىشقا توغرا كېلىدۇ» دەپ ئېنىق كۆرسەتكەندى. بۇنىڭدىن، ئالدى بىلەن، ماارىپنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

يەنە شۇنىڭ بىلەن بىرگە، جاپالىق كۈرەش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىش — ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى يوشۇرۇن كۈچ. يولداش لى پېڭ «ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتە ئاساسلىقى بىرىنچىدىن، دۆلەتنىڭ يار - يۆلەكتە بولۇشقا تايىنىشقا، ئىككىنچىدىن، ئىقتىسادىي بىر قەدەر تەرەققىي تاپقان رايونلارنىڭ سىستېمىلار بويىچە ياردەم بېرىشىگە: ئۈچىنچىدىن، ئاز سانلىق مىللەت ۋە مىللىي رايونلارنىڭ ئۆزىنىڭ كۈرەش قىلىشىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئۈچ جەھەتنى بىر تۇتاش پىلانلاپ، ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈپ، بىرلەشمە كۈچ ھاسىل قىلىش كېرەك. پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئۇنىڭ رولىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

بىراق، تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا، يەنىلا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، ئۆز-ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ» دەپ ئېنىق كۆرسەتكەندى. زىددىيەت نۇقتىئىنەزەرىدىن قارايدىغان بولساق، شەيئىلەرنىڭ ئۆزگىرىش شارائىتى تاشقى سەۋەب، ئاساسلىقى ئىچكى سەۋەب، تاشقى سەۋەب ئىچكى سەۋەب ئارقىلىق رول ئوينايدۇ. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا تاشقى سەۋەب ئىنتايىن مۇھىم. بۇ خىل قارار قىلىش ئامىلى يەنىلا كىشىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ تىرىشچانلىقىغا باغلىق. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ھازىرقى باسقۇچتا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى بىلەن تەرەققىي قىلغان رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات پەرقىنىڭ چوڭىيىپ كېتىشى ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت بولۇپ، ئاللىقاچان جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي دىققىتىنى قوزغىدى. پارتىيە مەركىزى كومىتېت، گوۋۇيۈەن بۇ مەسىلىگە ئەھمىيەت بېرىپ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ياردەم بېرىۋاتىدۇ. ئۇزۇن مەزگىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق پەرقنى كىچىكلىتىش لازىم.

دۆلەتنىڭ يار - يۆلەكتە بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلغان رايونلارنىڭ ياردىمى مۇھىم. تېخىمۇ مۇھىمى جاپالىق كۈرەش قىلىش، ئۆز كۈچىگە تايىنىش، جاسارەت بىلەن قولغا كەلتۈرۈش ۋە ئۆز - ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش روھى ئارقىلىق ھەقىقىي تۇتۇپ، ئەمەلىي ئىش قىلىشتەك خىزمەت ئىستىلى بولۇشى كېرەك. ئەگەر كاللىمىزنى سەگەك تۇتماي، قارىغۇلارچە ئىش كۆرسەك، ئۇ چاغدا ھەرقانداق يار - يۆلەك ھېچنېمىگە دال بولالمايدۇ. پەقەت ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغىغاندىلا ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغاندىلا، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئېچىشنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئاكتىپلىق بىلەن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى پائال تېزلەتكىلى بولىدۇ.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار

1. «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 2-، 3-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى.
2. «تارىخىي ئېقىم» ئۇيغۇرچە نەشرى.
3. «سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى دېگەن نېمە» خەنزۇچە نەشرى.
4. «پارتىيە 14-نۆۋەتلىك 5-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارى»

# دۆلىتىمىزدە زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكى توغرىسىدا

ئۆمەر بەكرى

قانداق قىلغاندا زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلغىلى بولىدۇ؟ . زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىشنىڭ ئاساسىي يولى ـ كارخانا مۈلۈك ھوقۇقى مۇناسىۋىتىنى راۋانلاشتۇرۇپ، مۈلۈك ھوقۇق تۈزۈمىدە يېڭىلىق يارىتىشتىن ئىبارەت. نۆۋەتتە، مۈلۈك ھوقۇقى مۇناسىۋىتىنى راۋانلاشتۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك شەكلى ياكى مال-مۈلۈكنى تەشكىللەشنىڭ ئاساسىي شەكلى — ھەسسىدارلىق تۈزۈمىنى يولغا قويۇش. ھەسسىدارلىق تۈزۈمى (ھەسسىدارلىق شىركىتى) ئىلمىي بولغان مال-مۈلۈك تەشكىللى شەكلى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ۋە خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك قاتارلىق ئىقتىسادىي كاتېگورىيىلەرگە ئوخشىمايدىغان ئوتتۇرا قاتلامدىكى ئۇقۇم. شۇڭا، ھەسسىدارلىق تۈزۈمى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگىمۇ پۈتۈنلەي ماس كېلىدۇ، بۇ خىل تۈزۈمنى يولغا قويغاندا قانۇن ۋە تۈزۈم جەھەتتىن، دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلارنىڭ مۇستەقىل ئاۋار ئىشلەپچىقارغۇچى ۋە تىجارەت قىلغۇچىلىق ئورنىغا ئاساس سېلىپ، بايلىقنىڭ بازار ئارقىلىق تەقسىم قىلىنىشى ۋە ئادىل رىقابەت ئېلىپ بېرىلىشىنى بېكىتىپ، ئۈنۈملۈك ھەرىكەت مېخانىزمى بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئەنئەنىۋى مۈلۈكچىلىك شەكلىنىڭ بازار ئىگىلىكى بىلەن ماس كەلمەيدىغان زىددىيەتلىرىنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ. كونكرېت ئېيتقاندا، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش، بولۇپمۇ خەلق ئىگىلىكىنىڭ تۈۋرۈكى بولغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ-ئوتتۇرا كارخانىلاردا زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش تۆۋەندىكىچە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بىرىنچى. ئەنئەنىۋى كارخانا تۈزۈمىنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى بىلەن زىت كېلىدىغان ئەھۋالىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش كېرەك. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي قانۇنىيەت بويىچە ئىش كۆرۈشنى، يەنى قىممەت قانۇنىيىتى بويىچە ئىش كۆرۈشنى تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش پرىنسىپى بويىچە ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ، لېكىن، ئېلىمىزنىڭ رېئال ئىقتىسادىي تۈزۈلمە شارائىتىدا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ مۈلۈك ھوقۇقى بىر چوڭ سىستېما خۇسۇسىيىتىنى ئالغانلىقتىن، دۆلەت دۆلەت ئىلكىدىكى مال-مۈلۈكنىڭ بىردىنبىر مۈلۈكچىلىك گەۋدىسىگە ئايلىنىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن، دۆلەت ئىلكىدىكى مال-مۈلۈك تۈزۈمى قىممەت قانۇنىيىتىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا ۋە تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش پرىنسىپلىرىنىڭ ئىزچىللىشىغا پايدىلىق بولمايدۇ، كارخانىلار قارىماققا، بازاردا تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش پرىنسىپى بويىچە ئاۋار ئالماشتۇرىدىغان، ئۆزلىرى قىممىتىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان بولسىمۇ، لېكىن، بۇ پەقەت شەكىل جەھەتتىكى تەڭ قىممەتتىكى ئالماشتۇرۇش بولۇپ، ئالماشتۇرۇش تاماملانغاندىن كېيىن ئىگە بولىدىغان پايدىنى يەنە مالىيە سىستېمىسى تەڭشەش ئېلىپ بارىدۇ، ئەگەر بىر كارخانىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ياخشى بولۇپ، ياراتقان پايدىسى كۆپ بولسا، دۆلەت مالىيىسىگە تاپشۇرىدىغىنى كۆپ بولىدۇ، ئەكسىچە، ئەگەر كارخانىنىڭ تىجارىتى ياخشى بولماي، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى تۆۋەن بولغاندا دۆلەت تۈرلۈك مالىيە يوللىرى ئارقىلىق ئۇلارنى ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ياخشى بولغان كارخانىلارنىڭ كىرىمىگە ئىگە قىلىدۇ. نېمە ئۈچۈن ئىقتىسادىي ئۈنۈمى تۆۋەن بولغان رايونلار، تارماقلار، كارخانىلارنىڭ بازاردا رىقابەت ئىقتىدارى بولمىسىمۇ، لېكىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگانلار يەنىلا كۆپلەپ مەبلەغ سالىدىغان ھادىسىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈزۈلمەيدۇ؟ بۇنىڭدىكى تۈپ سەۋەپ، كارخانا تۈزۈمى مۇكەممەل ئەمەس. شۇڭا، ياخشىلىرى تاللىنىپ، ناچارلىرى شاللىنىپ كېتىدىغان رىقابەت مېخانىزمى — زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش لازىم.

ئىككىنچى، ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ مۇۋاپىق ھەرىكەت قىلىش ھەمدە ئۈنۈملۈك ھالدا بىرلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش كېرەك. نۆۋەتتە، كارخانىلاردىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مال ـ مۈلۈكلەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى دۆلەتكە مەنسۇپ بولىدىغانلىقتىن، يەرلىك ھۆكۈمەت بىلەن تارماقلار ئوتتۇرىسىدا مۈلۈك ھوقۇقىنى ئوڭۇشلۇق ھالدا ئۆتۈنۈپ بەرگىلى بولمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، باھا سىستېمىسىنىڭ نامۇۋاپىقلىقى تۈپەيلىدىن (خام ئەشيا ماتېرىياللىرىنىڭ باھاسى تۆۋەن، پىششىقلاپ ئىشلەنگەن سانائەت ماتېرىياللىرىنىڭ باھاسى يۇقىرى) خام ئەشيا ئىشلەپچىقىرىدىغان جايلاردا پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلۇپ، تېخنىكىسى قالاق بولسىمۇ، ئاساسىي بىر قەدەر ياخشى بولغان سانائەت كارخانىلىرى بىلەن خام ئەشيا تالىشىدىغان رايونلار ئارا قامال قىلىدىغان ئەھۋاللار ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا كەلدى. بۇ مەسىلىلەرنىڭ يىلتىزى ئېلىمىزدە بىر چوڭ سىستېما مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمى مال-مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمىنىڭ نورمال ھەرىكەت قىلىشىغا شارائىت يارىتىپ بەرمىگەنلىكتىن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ ئۈنۈملۈك بىرلىشىشكە توسقۇنلۇق قىلدى. شۇڭا، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ئىچكى تەلىپى بويىچە زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش كېرەك.

ئۈچىنچى، مەبلەغ سېلىشنىڭ پاخاللىشىشىنى ۋە سالغان مەبلەغ ئۈنۈمىنىڭ تۆۋەن بولۇشىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش كېرەك. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىدە مەبلەغ سالغۇچىلار مەبلەغ سېلىش ئىستىقبالىغا مۆلچەر ئېلىپ بارىدۇ. (تەننەرقى ۋە ئالىدىغان پايدىسىنى تەھلىل قىلىدۇ) مۆلچەرلەنگەن پايدىسى بانكا پۇل ئامانەت ئۆسۈمىدىن يۇقىرى بولغان چاغدا، ئۇلار ئۆز ئىختىيارى بويىچە مەبلەغ سالىدۇ. چۈنكى مەبلەغ سېلىشنىڭ خېيىم-خەتىرى بولىدۇ. ئۇ بازاردىكى قىممەت قانۇنىيىتىنىڭ ئىدارە قىلىنىشىغا ئۇچرايدىغان بولغاچقا تىجارىتى ياخشى بولمىغاندا ۋەيران بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنداق خەتەرنى باشقىلار ئۆز ئۈستىگە ئالماستىن، بەلكى مەبلەغ سالغۇچىلار ئۈستىگە ئالىدۇ. بۇنداق مەبلەغ سېلىش خېيىم-خەتەر مېخانىزمىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، مەلۇم دەرىجىدە، مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ پائالىيىتىنى چەكلەپ، مەبلەغ ئۈنۈمى يۇقىرى ھەم توغرا بولۇشىنى ئۆستۈرىدۇ. ھازىر دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلاردا مەبلەغ سالغۇچىلار (مەركەزدىكى تارماقلار، جايلار ۋە كارخانىلار) نىڭ ئەمەلىي مال-مۈلۈك ھوقۇقى بولمىغانلىقتىن، كارخانىلارنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتىنى ئېتىبارغا ئالماي، ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىدۇ، نۇرغۇن مەبلەغ تۈرلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانمايدىغان ئەھۋاللار خېلى ئېغىر بولغاچقا، ئۇلارنىڭ چەكلەش مېخانىزمى بولمىغانلىقتىن، خېيىم-خەتەرنى ئۈستىگە ئالمايدۇ، شۇڭا، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش لازىم.

تۆتىنچى، كارخانىلار بىلەن سىستېمىلار ئايرىۋېتىلىدىغان ئەھۋالنى ھەل قىلىش ئۈچۈن زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش كېرەك. ئىسلاھات ئېلىپ بارغان 15 يىلدىن بۇيان، ھەر قايسى جايلار، تارماقلار ھەممە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ئوتتۇرىسىدا تارماقلار بىلەن سىستېمىنى ئايرىۋېتىدىغان ھادىسىلەردە چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولمىدى. بۇنداق بولۇشتىكى مۇھىم سەۋەبلەر يەنى خەلق ئىگىلىكىدە بىر چوڭ سىستېما مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغاچقا تارماقلار بىلەن ئىستېمالچىلارنىڭ مال-مۈلۈكنى باشقۇرۇش ھوقۇقى بولۇپ، مال-مۈلۈكنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى ئېنىق بولمىغانلىقتىن بولغان. بۇ خىل ھادىسىنى ئۆزگەرتىپ، مال-مۈلۈكنىڭ ئىگىسى كۆپ سىستېما بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش تارماقلار، كارخانىلار، جايلار ئوتتۇرىسىدا مال-مۈلۈككە ئۆزئارا پاي قوشىدىغان، مەبلەغ سالىدىغان، مۈلۈك ھوقۇقى تېخىمۇ راۋانلىشىدىغان يېڭى ۋەزىيەتنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ، تارماقلار، جايلار ۋە كارخانىلار بىر-بىرىنى قامال قىلىدىغان ئەھۋالنى ھەقىقىي يوسۇندا ھەل قىلىش ئۈچۈن زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش لازىم.

بەشىنچى، ھەسسىدارلىق تۈزۈمىدىكى كارخانىلارنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەسسىدارلىق تۈزۈمىدىكى كارخانىلار مۈلۈك ھوقۇقىنى پاي قىلىپ قوشىدىغان، بىرلىشىپ تىجارەت قىلىپ خېيىم-خەتەرنى ئورتاق ئۈستىگە ئالىدىغان، پايدا زىيانغا ئورتاق ئىگە بولىدىغان بىر خىل مال-مۈلۈك تەشكىللى شەكلى، ئېلىمىزدە 1985-يىلدىن بۇيان ھەسسىدارلىق تۈزۈمى سىناق تەرىقىسىدە كارخانىلار ئىچكى قىسمىدا ئىشچى خىزمەتچىلەر پاي قوشۇشنى سىناق قىلىشتىن تارتىپ، جەمئىيەتتىن پاي توپلانغۇچە كېڭەيتىلدى. كىچىك تىپتىكى كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى كارخانىلاردىن دۆلەت ئىلكىدىكى چوڭ-ئوتتۇرا كارخانىلارغا كېڭەيتىلدى. ئىشلەپچىقىرىش، تېخنىكا ھەمكارلىشىشنى بەلگە قىلغان توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي ئالاقىدىن مەبلەغ، مال-مۈلۈكنى بىرلەشتۈرۈشكە تەرەققىي قىلىپ، چوڭ تىپتىكى ھەسسىدارلىق شىركەتلىرى مەيدانغا كەلدى. بۇنداق يېڭى ۋەزىيەت مال-مۈلۈك تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، مۈلۈك ھوقۇق مۇناسىۋىتىنى راۋانلاشتۇرۇشقا نىسبەتەن يېڭى تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدى. چۈنكى پاينىڭ مال-مۈلۈككە قاتنىشىشى پاي مىقدارىنى ئاساس قىلىدۇ، مال-مۈلۈككە پاي سالغانلار دۆلەت، كوللېكتىپ ئورۇنلار، كارخانا گۇرۇھلىرى، پۇل-مۇئامىلە ئورۇنلىرى، ئىشچى-خىزمەتچى شەخسلەردىن تارتىپ چەت ئەل مۇھاجىرلىرىغىچە بولغاچقا، ئۇ مۈلۈكچىلىك، كەسپلەر ۋە جايلار ئوتتۇرىسىدىكى چېگرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، بىر خىل يېڭى تىپتىكى مۈلۈك ھوقۇق مۇناسىۋىتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا، ئەسلىدىكى مال-مۈلۈك تۈزۈمىگە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش لازىم.

ئالتىنچى، ئەمگەك كۈچى بىلەن مال-مۈلۈكنىڭ ئايرىم شەكىلدە بۆلۈنىشىنى ۋە ئەمگەك كۈچى بازىرىنىڭ پەيدىنپەي بارلىققا كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ تەشەببۇسكارلىقى، ئاكتىپچانلىقى ۋە ئىجادكارلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش كېرەك. دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى كارخانا تۈزۈمىنىڭ ئەڭ چوڭ نۇقسانلىرىدىن بىرى ئەمگەك كۈچى بىلەن مۈلۈك ھوقۇقى بىر-بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ ئەمگەكچىلەرنىڭ كىرىمى ئەمگەك كىرىمىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماستىن، بەلكى بىر قىسىم دۆلەت مال-مۈلۈك كىرىمىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمگەكچىلەر كارخانىلارنىڭ بىر قىسىم مال-مۈلكىنى باشقىلارغا ئۆتكۈنۈپ بېرىشكە بولمايدىغان ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ، بۇ ھوقۇق ئەمگەكچىلەرنىڭ كارخانىنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىلىرى بولۇشتىن ئىبارەت سالاھىيىتىگە مۇناسىپ كېلىدىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىككى ھوقۇق ئېنىق بولمىغان ئەھۋال كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى چەكلەش مېخانىزمى ئاجىزلىشىدىغان، ئىش ھەققى كارخانىنىڭ پايدىسىنى ئىگىلەيدىغان، دۆلەت ئىلكىدىكى مال-مۈلۈكتىن ھەقسىز پايدىلىنىشقا ئېلىپ بېرىپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئەمگەك كۈچى بازىرىدا ئەركىن ھەرىكەت قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. بازارنىڭ ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئېچىش، پايدىلىنىش ۋە ئۇنى مۇۋاپىق

تەقسىملەشنى ئېلىپ بېرىشقا پايدىسىز بولىدۇ. سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ تىكلىنىشى ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندۇردى. بۇنىڭ بىلەن، ئەمگەكچى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ بىرلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇردى. شۇڭا ئومۇمىي كەۋدىدىن ئېيتقاندا، ئەمگەكچىلەر بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ئەلۋەتتە ئايرىلماسلىقى لازىم. لېكىن ھەر بىر ئەمگەكچى شەخسلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەھۋال ئوخشىمايدۇ. ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ كارخانا ئىشچى-خىزمەتچىلىرى بولۇش سۈپىتىدە، كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ قىسمەن ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشى، ئەمەلىيەتتە، پۈتكۈل جەمئىيەت ئەمگەكچىلىرىنىڭ ئومۇمىي كەۋدىدىكى مۈلۈكچىلىك ھوقۇقىنى ئىنكار قىلىدۇ. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ئەمگەك كۈچى بايلىقىنى بازار ئارقىلىق تەقسىملەشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى شەخسلەر بىۋاسىتە ئىگىلەشتىن قوتۇلدۇ-رۇپ، ئەمگەكچىلەرنى بازارغا كىرگۈزۈپ، ئۈنۈملۈك تەقسىم قىلىدۇ. دېمەك، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئومۇمىي كەۋدىدىكى خوجايىنلىق ئورنىنى ساقلاشنى (ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك خاراكتېرىنى ساقلاشنى) شەرت قىلغان ئاساستا، ئەمگەكچىلەر بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش كېرەك.

ئەتتىنچى، ھازىرقى زامان كارخانىچىلار قوشۇنىنى، يەنى دىرېكتورلار قوشۇنىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش كېرەك. كارخانىلاردا مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى بىلەن باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئايرىش ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلار ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش مۇناسىۋىتىدىن ئايرىلالمىدى. كارخانىلار ئۆز ئالدىغا تىجارەت قىلالمىدى. ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنىڭ ئۆزگىرىشى كارخانىلارنى مەمۇرىي ئورگانلارغا تايىنىۋېلىشتىن قۇتۇلدۇرۇپ، كارخانا دۆلەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەبلەغ چىقارغۇچىلارنىڭ مەبلەغ سېلىشى بىلەن شەكىللەنگەن ئومۇمىي قانۇنىي ئىگە مال-مۈلۈك ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپ، ھەق-تەلەپ ھوقۇقىغا ئىگە بولغان ھەق-تەلەپ مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان قانۇنىي گەۋدىگە ئايلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كارخانىلاردا مۈلۈكدارلار، تىجارەت قىلغۇچىلار بىلەن ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئوتتۇرىسىدا بىر خىل يېڭىچە مۇناسىۋەت مەيدانغا كېلىپ، رىغبەتلەندۈرۈش بىلەن چەكلەش ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلگەن ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمى شەكىللىنىدۇ. مۈلۈكدارلار ئەمدى كارخانىنىڭ تۈرلۈك كۈندىلىك ئىشلەپچىقىرىش-تىجارەت پائالىيەتلىرىگە بىۋاسىتە ئارىلاشمايدىغان كارخانىچىلار قوشۇنى ياكى دىرېكتورلار قوشۇنىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش لازىم.

سەككىزىنچى، دۆلەت ئىلكىدىكى مال-مۈلۈكنى بازارغا كىرگۈزۈپ، بازار ئارقىلىق ئۈنۈملۈك تەقسىم قىلىش ئۈچۈن زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش كېرەك. نۆۋەتتە، دۆلەت ئىلكىدىكى مال-مۈلۈك تىرىليون يۈەندىن كۆپ بولسىمۇ لېكىن قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ زور مىقداردىكى مال-مۈلۈك بىكار تۇرۇپ قالىدىغان، ئىسراپ بولىدىغان، پايدىلىنىش ئۈنۈمى تۆۋەن بولىدىغان ئەھۋال خېلى ئېغىر. چۈنكى، سانائەت قۇرۇلمىسىنى ھۆكۈمەت ئورگانلىرى مەمۇرىي ۋاستىلار ئارقىلىق تەڭشەش، قوشۇۋېتىش ۋە تارقىتىشنى ئېلىپ بارغانلىقتىن مال-مۈلۈكنىڭ قايتا تەقسىم قىلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان نورمال مېخانىزم شەكىللەنمىدى. ھەسسىدارلىق شىركىتى دۆلەت ئىلكىدىكى مال-مۈلۈكنىڭ ھەسسىدارلىشىشى، ئاكسىيىلىشىشى ۋە ئاۋارلىشىشى ئارقىلىق دۆلەت ئىلكىدىكى مال-مۈلۈكنى بازارغا كىرگۈزۈپ، بازار ئارقىلىق ئۈنۈملۈك تەشكىللەيدۇ. بۇ ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي جەھەتتىن تەقسىم قىلىشىنىڭ قارىغۇلۇقىنى كېمەيتىپ، تەقسىم قىلىش داۋامىدا چىقىم قىلغان سەرپىياتلارنى ئازايتىپ، سانائەت قۇرۇلمىسىنىڭ ئەلا بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان بازار مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ سانائەت قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق بولماسلىق ئەھۋالىنى ئۈنۈملۈك ھالدا ھەل قىلىش ئۈچۈن زامانىۋى كارخانا باشقۇرۇش تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش لازىم شۇنىڭ بىلەن بىللە، دۆلەت ئىلكىدىكى مال-مۈلۈكنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش كېرەك. ھەسسىدارلىق شىركىتى ئۆزىنىڭ پاي چېكى باھاسىنى، كارخانىلارنىڭ ئەمەلىي مال-مۈلكىنىڭ كەلگۈسى مۆلچەرلەنگەن پايدىسىنى ھازىرقى بازار قىممىتى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، كارخانىلانىڭ كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىشقا سالغان كاپىتال ھەممە ئۈنۈمىنى پاي چېكى بازار باھاسىنىڭ ئۆزگىرىشى ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بۇ ھال ئىلگىرى دۆلەت ئىلكىدىكى مال-مۈلۈك ھوقۇقىنىڭ ئېنىق بولمايدىغان ئەھۋالىنى ھەل قىلىپ، مال-مۈلۈك-نى باھالاپ ياكى مۆلچەرلەپ كارخانا قانۇنىي ئىگىسىنىڭ مال-مۈلۈك ئىگىلەش مىقدارىنى نەقلەشتۈرۈش، دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلارنىڭ مال-مۈلۈككە بولغان نازارەت قىلىش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، كارخانىلارنىڭ دۆلەت ئىلكىدىكى مال-مۈلكىنىڭ قىممىتىنى ساقلاش ۋە قىممىتىنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، كارخانىلارنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش لازىم.

قىسقىسى، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش ــ مۇشكۇل ۋە مۇرەككەپ ۋەزىپە. تەجرىبىلەرنى توپلاپ، شەرت-شارائىت يارىتىپ تەدرىجىي ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

# مەملىكىتىمىزنىڭ گۈزەللىك تونۇرسىدىكى قەدىمكى ئىزدىنىشلىرى

سەنئەت ھوشۇر

ئېلىمىزنىڭ گۈزەللىكنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدىكى قەدىمكى ئىزدىنىشلىرى غەربنىڭكىگە ئانچە ئوخشىشىپ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. گۈزەللىكنى ياخشىلىققا بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىش

ئۇلۇغ ئالىم، شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ يازغان «قۇتادغۇبىلىك» (بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرگۈچى بىلىم) ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى داڭلىق ئەسەر، «قۇتادغۇبىلىك»تە گۈزەللىك بىلەن ياخشىلىق ئوخشاش ئىدى. ئىككىسىنى بىرلەشتۈرۈپ قارايتتى، شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ پەزىلەتلىك ئادەملەر ئاقكۆڭۈل بولىدۇ، ياخشىلىق بىلەن گۈزەللىك بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ دەپ قارايتتى، ئۇنىڭ ئېستېتىكىلىق قاراشلىرى ئىچىدە گۈزەللىكنىڭ مەنبەسى ئەقىل بىلەن بىلىم ئىدى، ياخشىلىقمۇ ئەقىل بىلەن بىلىمنى مەنبە قىلاتتى، ئۇ: «بارلىق ياخشىلىق ئەدراكتىن كېلىدۇ، ھەممە ياخشىلىقلار ئىلىمنىڭ پايدىسىدىندۇر» دەپ يازغانىدى. بىلىم ۋە گۈزەللىك مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ھەم ياخشىلىقمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئىدى، ئۇ يەنە «دۇنيا ئۆتۈپ كېتىدۇ، ياخشى ئىش ھەرىكەت مەڭگۈ قالىدۇ. ياخشى قىلىق بىلەن ياخشى ئادەت يوقالمايدۇ»، «ياخشىلىق قېرىمايدۇ، ئۇنىڭ ئۆمرى مەڭگۈلۈك، كىمكى ياخشىلىق بىلەن ھەرىكەت قىلسا تىرىك ياشىغان بولىدۇ، كىمكى يامانلىق بىلەن ھەرىكەت قىلسا، تىرىك تۇرۇپ ئۆلگەن بولىدۇ.» دېگەنلەرنى يازغان.

جۇڭگودا ئالدىنقى چىن دەۋرىدىلا گۈزەللىكنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا نۇرغۇن مۇلاھىزە بولغان، گۈزەللىك بىلەن ياخشىلىقنى بىر-بىرىگە چەمبەرچەس باغلانغان دەپ قاراش شۇ چاغدىكى گۈزەللىك تەتقىقاتىنىڭ ئۆزگىچىلىكى ئىدى.

«‹دۆلەت تىلى› جۇتىلى» ناملىق كىتابتا «ۋۇجۇنىڭ گۈزەللىك توغرىسىدىكى بايانلىرى» خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ۋۇجۇنىڭ قارىشىچە، «ئاۋامغا پايدىلىق نەرسىلەر گۈزەلدۇر، ئاۋامغا پايدىسىز بولغانلىرى يەنى ئاۋامنى ‹يالاڭتۆش› قىلىۋاتقانلىرى گۈزەل ئەمەستۇر»، ۋۇجۇ گۈزەللىك بىلەن ياخشىلىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان يەنى گۈزەللىك - ياخشىلىق دېمەكتۇر، ياخشىلىقتىن مۇستەسنا گۈزەللىك مەۋجۇت ئەمەس، ھەر خىل مۇناسىۋەتلەرنىڭ گارمونىك بىرلىكى گۈزەللىكنىڭ يادروسىدۇر.

موزى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 480—420-يىللىرى ياشىغان) ئۇنىڭ ئاساسلىق ئەسىرى «موزى»دا گۈزەللىكنى مەنپەئەت بىلەن ياخشىلىقنىڭ بىرلىكى دەپ چۈشەندۈرىدۇ.

كوڭزى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 551—497-يىللىرى ياشىغان) كوڭزىمۇ گۈزەللىكنى ياخشىلىققا باغلاپ چۈشەندۈرگەن، ئۇ مۇنداق دېيدۇ: «ئىچكى دىيانەت-گۈزەللىك دېمەكتۇر»، «گۈزەللىككە ئىنتىلگىنكى، قاباھەتنى قوغلاشما». بۇ يەردە گۈزەللىك-دىيانەت ۋە ياخشىلىقا مەنداش ئىشلىتىلگەن، كوڭزى يەنە «گۈزەللىك — مەزمۇن، ئىنسان خاراكتېر گۈزەللىكى — ياخشىلىق» دېگەن.

مېڭزى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 390—305-يىللىرى ياشىغان) مېڭزى، كوڭزى ئىدىيىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، گۈزەللىك چۈشەنچىسىدە «مۇكەممەللىك — گۈزەللىكتۇر، پەقەت چىنلىق — ياخشىلىق، مۇكەممەللىك بىرلەشتۈرۈلگەندىلا گۈزەللىك بولىدۇ.» دېگەن قاراشنى تەكىتلىگەن. يەنى كىشىلەرنىڭ ئەخلاقىي-پەزىلىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويغان، ئۇنىڭ قارىشىچە، ئادەم ياخشىلىق، ئادەمگەرچىلىك، ئەدەپ، ئەقىل - پاراسەت قاتارلىق پەزىلەتلەرگە ئىگە بولغاندىلا تاكامۇللاشقان بولىدۇ. گۈزەل بولۇش ئۈچۈن تاكامۇل بولماق ھاجەت، بۇ يەردىمۇ گۈزەللىكنى ياخشىلىق بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرگەن.

شۈنزى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 230 ـ 313-يىللىرى ياشىغان) «ۋەزچىلىك» دېگەن ئەسىرىنىڭ «مۇكەممەللىك» بىلەن «سازلىق» بابىدا كامالەتكە يەتكەنلەرلا گۈزەل بولىدۇ دېگەن قاراش ئارقىلىق گۈزەللىكنىڭ ئەخلاق ۋە ياخشىلىق بىلەن بولغان باغلىنىشىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىزاھلىغان.

2. گۈزەللىكنى سەنئەتكە بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىش

11-ئەسىردە بىرلا ۋاقىتتا دېگىدەك پۈتۈن دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان ئىككى پارچە گىگانت ئەسەر ۋۇجۇدقا كەلدى. بۇنىڭ بىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ 1070 — 1069-يىللىرى قەشقەردە تاماملىغان پەلسەپىۋى شېئىرى دىراما «قۇتادغۇبىلىك»؛ يەنە بىرى، ئۇيغۇر تىلشۇناسلىق ئالىمى مەھمۇت قەشقىرى 1074 ـ 1072-يىللار ئارىلىقتا باغداتتا يېزىپ تۈگەتكەن قامۇس شەكىللىك چوڭ ھەجىمدىكى «تۈركى تىللار دىۋانى» ئىدى، بۇ ئىككى پارچە گىگانت ئەسەرنىڭ دۇنياغا كېلىشى ئەينى چاغلاردىكى شەرق ئەدەبىيات مۇنبىرىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. بۇ ئىككى كىتاپ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭلا گۆھىرى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ غۇرۇرى بولۇپلا قالماي، بەلكى جاھان مەدەنىيەت غەزىنىسى ئۈچۈنمۇ ئۆزگىچە ھۆسن قوشتى.

جۇڭگودا ئالدىنقى چىن سۇلالىسىدىن كېيىن گۈزەللىكنى پەلسەپە نۇقتىسىدىن سىستېمىلىق تەتقىق قىلغان ئەسەرلەر ئاز، ھالبۇكى، گۈزەللىكنى بەدىئىي ئىجادىيەت، بەدىئىي زوق نۇقتىسىدىن مۇھاكىمە قىلغان ئەسەرلەر ناھايىتى مول، جۇڭگو — سەنئەت پادىشاھلىقى، يېڭى تاش قورال دەۋرىدىكى رەڭلىك ساپال بۇيۇملار، يىن-شياڭ سۇلالىرى دەۋرىدىكى مىس قوراللار، چۇنچيۇ — جەنگو دەۋرلىرىدىكى مىس قوراللار، چۇنچيۇ جەنگو دەۋرلىرىدىكى مۇزىكا، چىن دەۋرىدىكى ساپال ھەيكەللەر، خەن سۇلالىسىنىڭ تاش ئويمىلىرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى تاڭ-سۇڭ شېئىرلىرى، نەغمىلىرى، مىڭ-چىڭ دەۋرلىرىدىكى ھېكايىلار، كىرىيە خارابىسىدىكى تامغا سىزىلغان يالىڭاچ قىزنىڭ رەسىمى، قىزىل مىڭ ئۆي تاملىرىغا سىزىلغان رەسىملەردە ئىپادىلىنىپ تۇرغان ئادەم بەدىنىنىڭ گۈزەللىككە بولغان مەھلىيالىق قىياپىتى، تۇرپان ئىدىقۇت تام رەسىملىرى، بۇنىڭدىن باشقا ھەيكەلتاراشلىق جەھەتتىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسەتتى، شىنجاڭدىن قەندىھار (Kandihar) مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئاز بولمىغان بۇتلار تېپىلدى، بۇ بۇتلار بۇدۇرچاچ، قاڭشارلىق، چوڭقۇر كۆزلۈك بۇتلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھالىتىدە گېرىكلارنىڭ شجائىتى ۋە روھىي قىياپىتى بارئىدى. يۇقىرىدىكىلەرنىڭ مەزمۇنى مول، تارىخىي ئۇزۇن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزگىچە مىللىي ئۇسلۇپقا ئىگە بولۇپ، ئۇلار ئۇزاق بەدىئىي ئەمەلىيەت ئاساسىدا، جۇڭگونىڭ قەدىمكى ئېستېتىكا ئىدىيىسىنى شەكىللەندۈردى. غەرب ئېستېتىكا تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن بەزى كاتېگورىيەلەرنى ياراتقان.

قەدىمكى جۇڭگو سەنئەتكارلىرى سەنئەتتىكى ئومۇمىي روھنى گۈزەللىكنىڭ ئۆلچىمى قىلاتتى، ئومۇمىي روھ دېگىنىمىز — سەنئەتكار بەدىئىي ئەسەردە ياراتقان سۇبيېكتىپ ئىدىيىۋى ھېسسىيات، ئېستېتىك ھۆسن ۋە تەبىئەت مەنزىرىسىنىڭ يۇغۇرۇلمىسىدۇر.

جۇڭگونىڭ قەدىمكى سەنئەتكارلىرى مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەكىتلەپ «روھلۇق ۋە تەسىرلىك بولۇش»نى ئوتتۇرىغا قويغان. تاڭ دەۋرىدىكى رەسسام جاڭ يېنيۈەن: «روھ تولۇق بولمىسا، قۇرۇق شەكىل بولۇپ قالىدۇ، گەپ ھەقدادىغا يەتكۈزۈلمىسە، تەمسىز بولۇپ قالىدۇ» دېگەن.

جۇڭگو قەدىمكى ئېستېتىكىسىنىڭ مۇزىكىغا قويغان تەلىپى «جانلىق ھەم ھېسسىياتلىق» بولۇشتىن ئىبارەت، شەكىل سەنئىتىدە بولسا «شەكىل بىلەن روھنى تەسۋىرلەش» تەكىتلەنگەن. جۇڭگو قەدىمكى ئېستېتىكىسىدا ئۇسلۇپ گۈزەللىكىگىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن، لى بەي سەنئەتتىكى «روشەنلىك ۋە چىنلىق»نى ئۆزىنىڭ ئېستېتىك غايىسى قىلغان. قەدىمكى بەدىئىي تەقرىزلەر جۈملىدىن «شېئىرىيەت»، «رەسساملىق»، «خەتتاتلىق» قاتارلىقلاردا گۈزەللىك بەدىئىي ئۇسلۇپ نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىنغان، ئالايلى: تاڭ دەۋرىدىكى سى لۇڭتو «نەزمىنىڭ يىگىرمە تۆت ئالاھىدىكى» دېگەن ئەسىرىدە شېئىرىيەتتىكى ئۇسلۇپ گۈزەللىكىنى «جۇشقۇن، نۇس، ساز، ساغلام، تەبىئىي، خۇپپيانە» قاتارلىق يىگىرمە تۆت تۈرگە ئايرىغان.

3. گۈزەللىكنى رېئاللىققا بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىش

جۇڭگو تارىخىدا گۈزەللىكنىڭ مەنبەسى توغرىسىدىكى ئىزدىنىشلەر ھەمىشە رېئال گۈزەللىككە چېتىلىدۇ، مەسىلەن ،جەنۇبىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى لىيۇچىڭ تۈزگەن «ئالەم توغرىسىدىكى يېڭىچە بايان »دا ئادەملەر توغرىسىدا باھا خاتىرلەنگەن بولۇپ، بۇمۇ گۈزەللىك توغرىسىدىكى مۇكەممەل بايانلار قاتارىغا كىرىدۇ. شۇنداقلا ئۇ تەبىئەت گۈزەللىكى توغرىسىدىمۇ نۇرغۇن بايانلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. لىيۇزۇڭيۈەن (773 ـ 819—)مۇ گۈزەللىك — تەبىئەتتە دېپ

قارىغان. ئۇنىڭ سەيلى-ساياھەت خاتىرىلىرىگە مەشھۇر تاغ-دەريالارنىڭ گۈزەللىكى توغرىسىدىكى تەسۋىرلىرىلا ئەمەس، يازغۇچىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىمۇ سىڭگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ياشىغان يې شيې (1627 — 1703) رېئال گۈزەللىكنىڭ ئوبيېكتىپلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «جىمى مەۋجۇدات يارىلىشىدىنلا گۈزەلدۇر، گۈزەللىك ئەزەلىلىكتۇر، ئەزەلىلىكنىڭ ئۆزى گۈزەللىكتۇر»، «گۈزەللىك — ئوبيېكتىپ بولىدۇ، ئۇنىڭدىن پەقەت ئىنسانلار بەھىر ئالالايدۇ»، «گۈزەل مەۋجۇداتلار ئالەمگە تولغان، ئۇنى بىلىش ئادەمنىڭ ئەقىل-پاراسىتىگە باغلىق». دېمەك ئۇ مەلۇم ئىقتىدارغا ئىگە ئادەمنىڭلا گۈزەللىكنىڭ ئەھمىيىتىنى بىلەلەيدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن، لېكىن ئۇنىڭ گۈزەللىك «ئەزەلىي» بولىدۇ دېگىنى، ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيىتىدىن چەتنىگەن بولۇپ، كونا ماتېرىيالىزمنىڭ بىۋاسىتە تەسىرى ئارىلىشىپ قالغان.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، شۇنى كۆرۈش مۇمكىنكى، جۇڭگونىڭ ئېستېتىكا تارىخىدا گۈزەللىكنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدىكى ئىزدىنىشى غەربنىڭ گۈزەللىكنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدىكى ئىزدىنىشلىرىگە نۇرغۇن جەھەتتىن ئوخشىمايدىغان ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىچە:

غەربنىڭ ئېستېتىكا تارىخىدا گۈزەللىكنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدىكى ئىزدىنىشكە كۆپرەك پەلسەپە ۋە يۈكسەكلىك ئاساس قىلىنغان بولۇپ، ئۇ زور دەرىجىدە دەستەكچىلىك تۈسىنى ئالغان، جۇڭگودا بولسا گۈزەللىكنى پەلسەپەگە ئازراق باغلاپ، كۆپىنچە بەدىئىي ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، كۆرسەتمىلىك، تەجرىبىچىلىك، سادىدىلىق خاراكتېرىنى ئالغان، ئۇنىڭدا غەربنىڭكىدەك ئابستراكت دەستەكچىلىك تۈسى كەم بولسىمۇ، ئۆزىگە خاس جانلىقلىققا ۋە مول مەزمۇنغا ئىگە، ئۇنىڭدىن باشقا جۇڭگو ئېستېتىكا تارىخىنىڭ تۈتقان يولى غەربنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭدىكى نۇرغۇن ئېستېتىك كاتېگورىيىلەر غەرب ئېستېتىكا تارىخىدا مەۋجۇت ئەمەس، مەسىلەن، ئومۇمىي ھالەت، جەسۇرلۇق، ئومۇمىي روھ، تەسىرچانلىق دېگەنلەر. غەربلىكلەر گۈزەللىكنىڭ ماھىيىتىنى باشقا پەنلەرنىڭ نەتىجىلىرى، جۈملىدىن تەبىئىي پەن، پسىخولوگىيە، بىئولوگىيە، جەمئىيەتشۇناسلىق، ئانتروپولوگىيە بىلىملىرى ئارقىلىق تەتقىق قىلىشقا كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ.

---

(بېشى 59-بەتتە)

چوقان ۋەلىخانوۋ ئۇستا رەسسام ۋە فوتوگراف ئىدى. ئۇنىڭ ئىلمىي پائالىيەتلىرى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، تارىخ، ئەدەبىيات، ئېتنوگرافىيە، تىلشۇناسلىق ۋە سەنئەتشۇناسلىق ساھەلىرىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقان. ئۇ شىنجاڭدا تۇرغان مەزگىللىرىدە ئۆزى قىزىققان ھەر بىر نەرسىنىڭ رەسىمىنى سىزىپ، نۇرغۇن فوتو سۈرەت ئۈلگىرىنى قالدۇرغان. ئۇنىڭ ئىچىدە — قەشقەرلىكلەر ۋە باشقا «ئالتە شەھەر» ئاھالىسىنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى، ئۆي - بىساتلىرى، ئىمارەتلەر، بازار-رەستىلەر، قىياپەتلەر قالدۇرۇلغان. بۇ ماتېرىياللار جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ 18-، 19-ئەسىرلەردىكى ئىقتىمائىي قىياپىتىنى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىي كىيىم-كېچەكلىرى، شەھەر-ئىمارەت قۇرۇلۇشى، قەشقەرنىڭ بۇنىڭدىن 150—200 يىل بۇرۇنقى شەھەر مەنزىرىسى ۋە مىمارچىلىق سەنئىتىنى ئۆگىنىشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

چوقان ۋەلىخانوۋنىڭ ئىلمىي جەھەتتىن پىششىق، ئوبيېكتىپ ئەسەرلەرنى يارىتالىشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى — ئۇنىڭ كۈندىلىك خاتىرە قالدۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرگەنلىكى بولسا، يەنە بىرى ئەينى زاماندا ئۆز ئانا تىلىدىن باشقا، قەدىمكى تۈركىي تىل ۋە رۇس تىلىنى پىششىق بىلگەنلىكىدە.

چوقان ۋەلىخانوۋ رۇسىيىنىڭ ئەينى زاماندىكى پايتەختى پېتربۇرگ شەھىرىدە ۋە كېيىنرەك موسكۋادا ياشىغان يىللىرىدا زامانىسىنىڭ مەشھۇر زىيالىيلىرى — ئالىم، يازغۇچىلاردىن مېندېلېيېۋ، پۇگنىن، چېرنىشېۋسكىي، بېلىنسكىي قاتارلىقلار بىلەن يېقىن دوستلۇق ئورناتقان ۋە ئۇلارنىڭ تەسىرىدە مەرىپەتچىلىك ۋە دېموكراتىك غايىسىنى يېتىلدۈرۈپ، رۇسىيە پادىشاھلىق تۈزۈمىنىڭ ئىللەتلىرىگە نارازىلىق بىلدۈرگەن. پايتەخت ھاياتىدىن كۆڭلى سۇ ئىچمىگەن ياش ئالىم 1862-يىلى ئانا يۇرتى - قازاقىستانغا يېتىپ كېلىپ، ئىلمىي ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرغان ھەم قازاق خەلقىنى مەرىپەت يولىغا يېتەكلەيدىغان ئەمەلىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان. ئەپسۇسكى ئەمدىلا 30 ياشقا كىرگەن، ئىلمىي جەھەتتىن يېتىلىۋاتقان ياش ئالىم 1865-يىلى جىگەر قېتىش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، ئالما-ئاتا شەھىرىدە ۋاپات بولغان.

قازاق خەلقىدىن چىققان ئۇيغۇر شۇنىلىس ئالىم چوقان ۋەلىخانوۋنىڭ شىنجاڭ ھەققىدىكى ئىلمىي ئەسەرلىرى توپلىمى رۇس ۋە قازاق تىللىرىدا تولۇق نەشر قىلىنماقتا.

ئۆتكەن يىلى قازاقىستان خەلقى ئالىم تۇغۇلغانلىقىنىڭ 160 يىللىقىنى خاتىرىلىدى.

# تەتقىقات ئۇچۇرلىرى

## ئۇيغۇر مۇقاملىرىدىكى چاچما ئۇدارلىق ئاھاڭلارنىڭ نامى-ئىسمى توغرىسىدا

يۇسۇپجان توختى

ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ھەر بىرىنىڭ تەركىبىدە چاچما ئۇدارلىق ئاھاڭدىن باشقا يەنە تەزە، نۇسخا، جۇلا، سەنەم، چوڭ سەلىقە، كىچىك سەلىقە، پەشرۇ، تەكىت، 1-داستان، 2-داستان، 3-داستان، ....، 1-مەشرەپ، 2-مەشرەپ، 3-مەشرەپ... دېگەن ناملاردا ئاتىلىدىغان 20 نەچچىدىن نەغمە-ئاھاڭلار بار بولۇپ، بۇ نەغمە-ئاھاڭلارنىڭ ناملىرى-ئىسىملىرى ئۇزاق تارىختىن بويان ئۆزلىرىگە خاس ئەنئەنىۋى ئىسىم بولۇپ كەلمەكتە. لېكىن مۇقام نەغمىلىرىنىڭ گۈلتاجىسى بولغان چاچما ئۇدارلىق ئاھاڭلارنىڭ ھازىرغىچە مۇقىم نامى-ئىسمى بولمىغانلىقتىن ئېلىمىزدە ياكى چەت ئەلدە بولسۇن مۇقام بېشى، مۇقامنىڭ باشلىنىشى، مۇقامنىڭ بىرىنچى قىسمى، باشلانما، مۇقام، غەزەل، مۇقەددىمە دېگەنگە ئوخشاش ھەر خىل ناملاردا ئاتىلىپ كەلمەكتە. قارىماققا بۇ ئىسىملاردا چاچما ئۇدارلىق ئاھاڭلارغا نىسبەتەن بەلگىلىك ئۇقۇم بېرەلمەي قالىدىغان ئەھۋاللار بولمىسىمۇ، بىراق ئاغزاكى ياكى رادىئو، تېلېۋىزىيە، مەتبۇئاتلاردا ھەر خىل ئاتىلىپ، كىشىلەرنىڭ بۇ ئاھاڭلارنىڭ نامىغا بولغان چۈشەنچىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ قويىۋاتىدۇ.

ھەربىر مۇقامدىكى چاچما ئۇدارلىق ئاھاڭنىڭ تارىخىي بىرقەدەر ئۇزۇن بولغان، يەنى بۇ ئاھاڭنىڭ دۇنياغا كېلىشى بىلەن تەڭ «مۇقام» دەپ قويۇلغان ئەنئەنىۋى ئىسمى بولغانىدى. يەنە «غەزەل» دېگەن ئىسىم بىلەنمۇ ئاتىلىپ كەلگەنىدى. مەلۇم تارىخىي سەۋەبلەر بىلەن ئىستېمالدىن يوقۇلا قېلىپ قالغان «مۇقام»، «غەزەل» دېگەن ئىسىملار قۇمۇل، دولان، تۇرپان يەرلىك مۇقاملىرىدا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە، مەسىلەن: «قۇمۇل مۇقاملىرىدا دەسلەپ يالغۇز غىجەكنىڭ تەڭكەش قىلىنىشى بىلەن قىسقا مۇقام ئېيتىلىدۇ، ئاندىن يېنىك ھەم ئاستا ئېيتىلىدىغان مەشرەپ ناخشىلىرىغا ئۆزگىرىدۇ، ئارقىدىن شوخ، قىزغىن كەيپىياتقا تولغان سەنەم ناخشىلىرى باشلىنىپ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلىدۇ» («قۇمۇل نەزمىلىرى توپلىمى 5-بەت). دولان مۇقاملىرىدا «دولان مۇقاملىرىنىڭ ھەربىرى بەش بۆلەكتىن تەركىب تاپقان. مەسىلەن: مۇقام، چېكىتمە، سەنەم، سەلىقە، سىرىلمىدىن ئىبارەت» («شىنجاڭ سەنئىتى» 89-يىل 4-سان، 49-بەت). قۇمۇل، دولان مۇقاملىرىدا دېيىلىۋاتقان «قىسقا مۇقام» ياكى «مۇقام» بولسۇن ھەر ئىككى ئىسىم قۇمۇل، دولان يەرلىك مۇقاملىرىدىكى چاچما ئۇدارلىق ئاھاڭنىڭ دەل ئۆزى. مەن 1976-يىلى 12-ئايدا تۇرپان يەرلىك مۇقاملىرىنى پىچان ناھىيىسىنىڭ لۈكچۈن يېزىسىدا ئۈنئالغۇ لېنتىسىغا ئالغانىدىم. لېنتىغا ئېلىش جەريانىدا، پېشقەدەم مۇقامچىلاردىن: «بۇ تەرمىتە چاچما ئۇدارلىق ئاھاڭلارنىڭ نامىنى «غەزەل» دەپ ئاتايدىكەنسىلەرغۇ؟» دەپ سورىغىنىمدا، ئۇلار (ھەربىر مۇقامنىڭ پۈتۈن قىسمىنى «مۇقام» دەپ ئاتايمىز، مۇقام تەركىبىدىكى ئاھاڭلارنى ئايرىم ھالدا «غەزەل» ، «بېش چېكىت» ، «توققۇز چېكىت» ، «يالاڭ چېكىت» ، «قوش چېكىت» ، «جۇلۇ» (جۇلا) ، «سەلىقاتى» (سەلىقە) ، «سابا چېكىتى» ، «مۇقام چۈشۈرگۈسى» دېگەن ناملاردا ئاتايمىز، ئەينى زاماندا مۇقامنى ئۆگەنگەندە مۇقام تەركىبىدىكى ھەربىر بۆلەك نەغمىلەرنى يۇقىرىقى ئىسىملاردا ئاتاپ، پەرقلەندۈرۈپ ئۆگەنگەنىدۇق») دېگەن جاۋابنى بەرگەنىدى. مۆجىزىنىڭ «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» ىدا بەرگەن ئۇچۇرىدىن قارىغاندا چاچما ئۇدارلىق ئاھاڭلارنىڭ «مۇقام» ، «غەزەل» دەپمۇ ئاتىلىشىنىڭ مەلۇم ئاساسلىرى بارلىقىنى بىلەلەيمىز. «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» رىسالىسىنىڭ كىرىش سۆزىدە «مۇقام» ئاتالغۇسى 15-، 16-ئەسىرلەردە ھەتتا ئۇنىڭدىن كېيىنكى مەلۇم دەۋر ئىچىدە، پەقەت تار مەنىدىلا قوللىنىلىپ، چاچما ئۇدارلىق نەغمە-ئاھاڭ ئۇقۇمىنى ئىپادىلىگەن، كېيىنكى دەۋرلەردە چاچما ئۇدارلىق ئاھاڭلارنىڭ يۈرۈشلەشكەن نەغمىلەرگە باشلىنىش مۇزىكىسى قىلىنغانلىقى بىلەن كەڭ مەنىدە – يۈرۈشلەشكەن چوڭ نەغمە مەنىسىدىمۇ قوللىنىلىدىغان بولغان («تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» 18-بەت) . «غەزەل» ئەدەبىياتقا ئائىت ئاتالغۇ بولۇپ، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا كەڭ تارقالغان لىرىك ژانىر، شېئىرىيەتتىكى غەزەل شەكلىدە يېزىلغان ئېسىل شېئىرلار ئەينى زاماندا مۇقامدىكى چاچما ئۇدارلىق ئاھاڭلارغا تاللاپ تېكىست قىلىنىدىغانلىقى كىشىلەرنىڭ دىققىتى مۇزىكىدىن كۆرە كۆپرەك تېكىستكە مەركەزلەشكەنلىك سەۋەبلىك چاچما ئۇدارلىق ئاھاڭلار «غەزەل» نامى بىلەنمۇ ئاتىلىپ كەلگەن، بۇ بىر تارىخ. دېمەك، قۇمۇل، تۇرپان يەرلىك مۇقاملىرىدىكى چاچما ئۇدارلىق ئاھاڭلارغا بېرىلگەن «مۇقام» ، «غەزەل» ناملىرىنى ئاتالغۇلار بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ ئومۇملىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندىمۇ قوللىنىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمىسا كېرەك.

www.uyghurkitap.com



چاچما ئۇدارلىق ئاھاڭلارنىڭ ئەنئەنىۋى ناملىرى دەۋرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىزگە يېتىپ كەلگەندە، تار مەنىدىن كەڭ مەنىنى بىلدۈرىدىغان ھالەتكە كېلىپ، ئەنئەنىۋى ئىپادىلەش ھالىتىدىن ئاساسىي جەھەتتىن قېپقالغان. شۇ سەۋەبتىن بۇ ئاھاڭلارغا دەۋرىمىزدە ھەركىم ئۆزى خالىغان ئىسىملارنى قويغان. بىراق بۇ ئىسىملار خەلق ئارىسىدا ھازىرغىچە ئومۇملىشىپ كېتەلمىدى، بىرلىككە كەلمىدى، مۇقەددىمە ئاتالغۇسى ئاساسەن رادىئو-تېلېۋىزىيە، مەتبۇئاتلاردا ۋە بىر قىسىم كەسىپ ئەھلىلىرى دائىرىسىدىلا قوللىنىلىۋاتىدۇ، مۇزىكا ئۇقۇمى جەھەتتىن كىشىلەرگە تازا سىڭىشىپ كەتكىنى يوق. بۇنداق بولۇشى «مۇقەددىمە» ئاتالغۇسى بۇندىن بۇرۇن ئاساسىي جەھەتتىن ئەدەبىيات ساھەسىدە قوللىنىلىپ كېلىنگەن بولۇپ، مۇزىكا ساھەسىگە بولۇپمۇ مۇقام نەغمىلىرىنىڭ ئىسىملىرى قاتارىغا كىرگىنىگە ئانچە ئۇزۇن بولمىغانلىقىدىن دېسەك بولىدۇ. («مۇقەددىمە» ئاتالغۇسى رادىئو-تېلېۋىزىيە ساھەسىگە 1980-يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىن باشلاپ، مەتبۇئاتلاردا 1995-يىلى ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىغا ئاتاپ نەشر قىلىنىدىغان 12 مۇقامنىڭ 12 نوتا كىتابىدىن باشلاپ قوللىنىلغان.

ھازىر بىرئاز كېچىككەن بولساقمۇ «ئون ئىككى مۇقام» نوتا ۋە تېكىستلىرىنىڭ بۇ قېتىمقى قايتا نەشر قىلىنىش پۇرسىتىنى غەنىمەت بىلىپ، ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى روشەن ئىپادىلەيدىغان، خاسلىقتا ئىگە، چاچما ئۇدارلىق ئاھاڭلارنىڭ جىسمىغا لايىق، كېلىشكەن-ياراشقان ئىسمىدىن بىرنىلا مۇقىملاشتۇرغىنىمىز تۈزۈك. مېنىڭچە مۇزىكىلىق پۇرىقى كۈچلۈك ھەم خاسلىقتا ئىگە بولغان «بىلش نەغمە» دېگەن نامنى مۇقىملاشتۇرساق بۇندىن كېيىن كىلاسسىك «12 مۇقام» ياكى ئىلى، قۇمۇل، تۇرپان، مەكىت، مارالبېشى، ئاۋات ... قاتارلىق جايلاردا تارقىلىپ يۈرگەن يەرلىك مۇقاملاردىكى، جۈملىدىن ئىجادىي مۇقام «رۇخسارى» دىكى چاچما ئۇدارلىق ئاھاڭلارنى ئايرىم ئاتاش توغرا كەلگەندە «بىلش نەغمە»، مۇقام نامى بىلەن قوشۇلۇپ كەلگەندە «راك مۇقامىنىڭ باش نەغمىسى»، «چەبىيات مۇقامىنىڭ باش نەغمىسى»، ... دەپ ئاتىساق.

ئاھاڭ كۆي دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان ئەرەبچە «نەغمە» ئاتالغۇسى مۇزىكىغا خاس ئاتالغۇ بولۇش سۈپىتى بىلەن مىليونلىغان ئۇيغۇر خەلقىگە تارىختىن بۇيان بىردەك تونۇش بولغان، خەلقىمىز بىردەك چۈشىنىدىغان، بىردەك ئىشلىتەلەيدىغان لۇغەت تەركىبىدىكى يادرولۇق ئاتالغۇدۇر.

مۇقام تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان، مۇقام ئىشقىدا كۆيۈپ پىشۋاتقان، مۇقامغا ھەۋەس قىلىۋاتقان ئالىم، مۇتەخەسسىس ۋە ئىزباسارلارنىڭ بۇ قارىشىمنى ئويلىشىپ كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## مىكرو ئېلېمېنتلار ۋە كۆرۈش قۇۋۋىتى

مىكرو ئېلېمېنتلار بەدىنىنىڭ ئالتە چوڭ ئوزۇقلۇق ئامىلىنىڭ بىرى بولۇپ، بەدەنگە نىسبەتەن ئالاھىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە سىنىك، سېلېن، مىس، كالتسىي، ماگنىي، خروم، كوبالت قاتارلىقلار كۆز بىلەن ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

سىنكنىڭ كۆزدىكى مىقدارى پۈتۈن بەدەن بويىچە ئەڭ يۇقىرى بولىدۇ. ئادەم كۈنىگە 16 ـ 12 مىللىگرامغىچە سىنىك ئىستېمال قىلىدۇ. ئەگەر سىنىك يېتىشمىسە، تور پەردە پىرامىدا ھۈجەيرىلىرىنىڭ سەزگۈرلىكى تۆۋەنلەپ، بەزى كۆرۈش نېرۋىلىرى يىرىگلەيدۇ. سىنىك ئادەمنىڭ قاراڭغۇغا ماسلىشىش ئىقتىدارى ۋە قېرىش خاراكتېرلىك كۆز گۆھىرى دۇغلىنىش (ئاق چۈشۈش) كېسىلى بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك. تاماكا، ئىسپىرتتىن زەھەرلەنگۈچىلەردىمۇ سىنىك كەمچىل بولىدۇ. شۇڭلاشقا، تەركىبىدە سىنىك مول بېمەكلىكلەردىن گۆش، جىگەر، تۇخۇم، كالا سۈتى، بېلىق، مۇلى قۇلۇلىسى، سېرىق پۇرچاق ھەم سەۋزە قاتارلىقلارنى كۆپ يېسە، سىنكنى تولۇقلاشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

بۆركۈت كۆزىنىڭ چەكسىز ئۆتكۈرلىكى، ئۇنىڭدىكى سېلېن مىقدارىنىڭ يۇقىرىلىقىدىندۇر، ئادەم كۆزىدىكى سېلېننىڭ مىقدارى ئۇنىڭ 10 دىن بىرىچىلىكىلا كېلىدۇ. ئادەمنىڭ كۆزىدىكى سېلېننىڭ مىقدارى يېتىشمىسە، يېقىننى كۆرەلمەسلىك ۋە كۆز گۆھىرى دۇغلىنىش (ئاق چۈشۈش) پەيدا بولىدۇ. ئادەمدە سىنىك بىلەن سېلېننىڭ مىقدارى يېتىشمىسە، قاپاقلىرى قارىيىش، كۆز قورغاقلىشىش ۋە كۆرۈش قۇۋۋىتى تۆۋەنلەش پەيدا بولىدۇ. ئەلا سۈپەتلىك كەتىرە، موگۇ، سامساق، بىلىق پىياز، جىگەر، ئۆپكىلەرنىڭ تەركىبىدە سېلېن كۆپ بولىدۇ.

مىسنىڭ مادىدا ئالمىششىدىكى توسالغۇلار ۋىلسون كېسىلىنى پەيدا قىلىدۇ، كىلىنكىلىق ئىپادىسى مۈگگۈز پەردە گىرۋىكىنىڭ ئىچىدە مىس دېتى رەڭگىدىكى كايزىرفلېيشېر ھالقىسى دېيىلىدىغان پىگمېنتلىق ھالقا پەيدا بولۇشتىن ئىبارەت. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كۆز گۆھىرى ھەم كۆز مۇسكۇلى قاتارلىقلارنىڭ زەخىملىنىشىنىمۇ پەيدا قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن جىگەر، بۆرەك، قاراكۆش قاتارلىقلارنى دائىم يېسە، كۆزگە پايدىسى بولىدۇ، ئۆسۈملۈك مايلىرىدىكى مىسمۇ بەدەنگە ئاسان قوبۇل قىلىنىدۇ ۋە ئىشلىتىلىدۇ.

كالتسىي بەدەندە مىكرو ئېلېمېنت ھېسابلانمىسىمۇ، لېكىن كۆزدە مىكرو ئېلېمېنتقا كىرىدۇ، ھەمدە بىر كېچە -

كۆندۈزدە قانۇنىيەتلىك ئۆزگىرىش پەيدا قىلىپ تۇرىدۇ. كالتسىينىڭ يېمەكلىكلەردىكى مەنبەسى مول بولۇپ، سۈت، پۇرچاق، چېكىسەي، راك، كۇنجۇت، دولان مۇئىسى، چىلان قاتارلىق يېمەكلىكلەردە كالتسىي كۆپ بولىدۇ. بۇ يېمەكلىكلەرنى بالىلار ئۆسۈش مەزگىلىدە، ئاياللار ھامىلدارلىق، ئېمىتىش مەزگىلىدە كۆپ يېيىشى لازىم.

خروم تەندىكى ئىنسۇلىن (ئاشقازان ئاستى بېزى ئارالچىلىرىدىن ئاجرىلىپ چىقىپ قانغا بىۋاستە قويۇلىدىغان ھورمۇن)نىڭ ماددا ئالمىشىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. خروم كەم بولسا، ئىنسۇلىننىڭ رولى تۆۋەنلەپ، شېكەرنىڭ قوبۇل قىلىنىشى توسالغۇغا ئۇچراپ، قان شىرىسىنىڭ سىزغىپ ئۆتۈش بېسىمى ئېشىپ كېتىپ، كۆز گۆھىرى بىلەن كۆز يېشىنىڭ سىزغىپ ئۆتۈش بېسىمىغا تەسىر قىلىپ، شۇ سەۋەبتىن كۆز گۆھىرى ئۇلتۇرۇشۇپ، نۇر سۇندۇرۇش ئىقتىدارى كۆچىيىپ كېتىپ، يېقىننى كۆرەلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. يۇيۇلمىغان گۈرۈچ، ئۇرۇق گۆش، پۇتۇن راك، ھەر خىل تۇخۇم، قۇلۇلە، تېرىق، قوناق، لوبۇ، كۆك پۇرچاق، پىسسى پۇرچاق قاتارلىقلارنىڭ تەركىبىدە خروم مول بولىدۇ.

تلش مۇھەممەت رىھىم تەرجىمىسى

# باش قېيىش كېسىلىنى ئۆزى داۋالاش ئۇسۇلى

باش قېيىش كېسىلى كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەل بولۇپ، ئادەمنى ئىنتايىن بىئارام قىلىپ، خىزمەتكىمۇ ۋە دەم ئېلىشقىمۇ تەسىر يەتكۈزىدۇ.

ئېرۋا ئېلمى يېتەكچىلىكىدىكى بلش قىسمىدىكى پەللە بىلەن ئۆزىنى داۋالاش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا، ئەمەلىيەت جەريانىدا قانائەتلىنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۇسۇلى: ئىككى قولنىڭ ئوتتۇرا بارمىقىنى باشنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى باش قېيىش پەللىسگە توغرىلاپ، ھەر قايسىدا 36 قېتىم ئايلاندۇرسىلا بولىدۇ. باش قېيىش پەللىسى دەل قۇلاق ئۇچىنىڭ 1.5 سانتىمېتر يۇقۇرىسىدا، ئالدى ـ كەينى ئىككى تەرىپكە 2 سانتىمېتر يەرگىچە بارىدىغان گورىزونتال سىزىق ئۈستىدە بولىدۇ. ئەگەر بىمارنىڭ كېسەل ئالامەتلىرى ئىنتايىن ئېغىر بولسا، ئايلاندۇرۇشنى 100 قېتىمغا يەتكۈزسە بولىدۇ. ئاز بولغاندا بىر قانچە سىكونت، كۆپ بولسا يىگىرمە مىنۇتتىلا ئۈنۈمى كۆرۈلىدۇ. قىلىپ بولغاندىن كېيىن كۆز روشەنلىشىپ، مېڭە سەگەكلىشىپ، ئەتىگەندە تۇرغاندىكىدەك ھوزۇرلۇق ھېس قىلىدۇ ئادەتتە 3 ـ 1 گىچە قېتىمدىلا ساقىيىدۇ.

تلش مۇھەممەت رىھىم تەرجىمىسى

# ناچار ئوزۇقلىنىش ئادەتلىرى ئۆت تېشى كېسىلىنى پەيدا قىلىدۇ

تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، بەزى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر خىزمەتتە جىددىيلىشىپ، دائىم ئەتىگەنلىك تاماقنى يېيەلمەي، ئۇزۇن ۋاقىت ئاچ قورساق يۈرگەنلىكتىن، ئۆت سۇيۇقلۇقىنىڭ تەركىبى ئۆزگىرىپ، ئۆت سۇيۇقلۇقىدىكى خولېستېرىن ئۆت خالتىسىغا چۆكۈپ قېلىپ، مەلۇم دەرىجىدە يىغىلغاندا تاشقا ئايلىنىدۇ. ھالبۇكى تاتلىق يېمەكلىكلەرنى يېيىشنى بىر تەرەپلىمە ياخشى كۆرىدىغان ئادەت بولسا، قەنت زىيادە كۆپ قوبۇل قىلىنغانلىقتىن، ئىنسۇلىن (ئاشقازان ئاستى بېزى ئارالچىلىرىدىن ئاجرىلىپ چىقىپ قانغا بىۋاستە قويۇلىدىغان ھورمۇن)نىڭ ئاجرىلىپ چىقىشى ئېشىپ كېتىپ، ئۆت سۇيۇقلۇقى تەركىبىنىڭ نىسبىتى تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپ، خولېستېرىننىڭ چۆكۈپ تاشقا ئايلىنىشىنى پەيدا قىلىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، ئۇن، گۈرۈچ جەۋھەرنى ئۇزۇن مۇددەت يېسە ھەم مايلىق يېمەكلىكلەرنى زىيادە كۆپ يېسىمۇ، ئۆت سۇيۇقلۇقىنىڭ تەركىبىدىكى ئۆت بويىقى (ئۆت سۇيۇقلۇقى تەركىبىدىكى رەڭ ماددىسى) ۋە خولېستېرىننىڭ مىقدارى ئېشىپ كېتىپ ھەم چۆكۈش پەيدا قىلىپ، تەدرىجىي تاش پەيدا قىلىدۇ. تەتقىقاتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، يېمەكلىك تازىلىقىغا ئەھمىيەت بېرىلمىگەنلىكتىن يۇقۇملىنىدىغان سازاڭ مەددە كېسىلىمۇ ئۆت تېشى كېسىلىنى پەيدا قىلىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى. مۇبادا سازاڭ مەددە ئۆت يولىغا كىرىۋالسا، قۇرۇت تەنچە ياكى تۇخۇملىرىنىڭ ھەممىسى ئۆت تېشى يادروسىغا ئايلىنىشى مۇمكىن.

شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇتەخەسسىسلەر شۇنى كىشىلەرنىڭ سەمىگە ئالاھىدە سالىدۇكى: ۋاقتىدا، مۇۋاپىق ئوزۇقلىنىپ، كۆكتاتلارنى كۆپ يەپ، يېمەكلىك قۇرۇلمىسىنى مۇۋاپىق قىلىپ، ياخشى ئوزۇقلىنىش ۋە تۇرمۇش كۆچۈرۈش ئادىتىگە ئادەتلىنىدىغانلا بولسا، ئۆت تېشى كېسىلىدىن تامامەن ساقلانغىلى بولىدۇ.

تلش مۇھەممەت رىھىم تەرجىمىسى

# ئالاھىدە كىشىلەر ۋە ئالاھىدە تۆھپە

## — سۇن جوڭشەن، ماۋزېدۇڭ ۋە دېڭ شياۋپىڭ

### جۇڭگو

«خەننامە. سىماشاڭرۇ ھەققىدە قىسسە»دە: «دۇنيادا ئالاھىدە كىشىلەر بارلىققا كەلمەي قالمايدۇ، ئاندىن كېيىن ئالاھىدە ئىش ۋۇجۇدقا چىقىدۇ، ئالاھىدە ئىش بولغاندىلا، ئالاھىدە تۆھپە ۋۇجۇدقا چىقىدۇ» دېگەن مۇپەسسەل بايان بار.

ئۇلۇغ زاتلارنىڭ كۈچى ئۇلارنىڭ ئىدىيە، سۆز، ئىش-ھەرىكىتى ئارقىلىق دەۋرگە تەسىر كۆرسىتىپ، دەۋرنى ئۆزگەرتكەنلىكىدە ياكى بىر دەۋرنى يېڭىباشتىن قۇراشتۇرۇپ بارلىققا كەلتۈرۈپ، تارىخنىڭ چاقىنى يېپيېڭى يولغا چۈشۈرگەنلىكىدە؛ جۇڭگولۇقلارنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، شىددەتلىك دولقۇنلارنى يېرىپ، دەۋر چاقىنى بۇرىغانلىقىدا.

جۇڭگونىڭ 100 يىلدىن بۇيانقى تارىخىدا ئالاھىدە تۆھپە ياراتقانلاردىن ئۈچلا ئادەم بار، ئۇلار سۇن جوڭشەن، ماۋزېدۇڭ ۋە دېڭ شياۋپىڭ. سۇن جوڭشەن ئەپەندى ئۈچ مەسلىك ئىدىيىسىنىڭ قۇدرىتى بىلەن شىنخەي ئىنقىلابىغا رەھبەرلىك قىلىپ، جۇڭگودا نەچچە يۈز يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان چىڭ سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، نەچچە مىڭ يىللىق فېئودال خاندانلىق تۈزۈمىگە خاتىمە بېرىپ، جۇڭخۇا مىنگونى قۇردى. ماۋزېدۇڭ ماركسىزم-لېنىنىزمنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئاجايىپ تالانتى، جاسارىتى ۋە جاپالىق ئىنقىلاب ئەمەلىيىتى ئارقىلىق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە جۇڭگو خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، بىرىنچى قېتىملىق ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش، ئىككىنچى قېتىملىق ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش، سەككىز يىللىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ۋە ئۈچ يىللىق ئازادلىق ئۇرۇشىنى باشتىن كەچۈرۈپ، جياڭ جيېشى ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ 9 مىليون 600 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان تۇپرىقىمىزدا زوراۋانلىق قىلىش، خەلقنى قۇل قىلىۋېلىش تارىخىغا خاتىمە بېرىپ، يېڭى دېموكراتىك ۋە سوتسىيالىستىك يېڭى جۇڭگونى بەرپا قىلدى؛ جۇڭگو خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش جەھەتتە يېڭى ۋە دادىل ئىزدىنىشنى ئېلىپ باردى. دېڭ شياۋپىڭ خەلق رايىغا ماس ئىش كۆرۈپ، دۆلەتنى، خەلقنى بېيىتىدىغان ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىدىيىسى ئارقىلىق «ئەمەلىيەت ھەقىقەتنى ئۆلچەيدىغان بىردىنبىر ئۆلچەم» دېگەننى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «پەن-تېخنىكا بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى» نەزەرىيىسى ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆزى بىۋاسىتە قول سېلىپ ۋە قوماندانلىق قىلىپ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ پىلاننى تۈزۈپ ۋە يولغا قويۇپ، ئۇزاق مۇددەت بېكىنمە ھالەتتە تۇرغان دۆلەت دەرۋازىسىنى ئېچىۋېتىپ، جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى نەچچە ئون يىل داۋاملاشقان سوتسىيالىستىك پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ئىزىغا سالدى. دولقۇن يېرىش، دەۋر كېمىسىنى پۇختا باشقۇرۇش، دەۋر چاقىنىڭ يۆنىلىشىنى بەلگىلەش دۆلەتنى، خەلقنى قۇتقۇزىدىغان ئالاھىدە ئىش. بۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتا ئالاھىدە تۆھپە قوشقان ئۈچ شەخس ئالاھىدە كىشىلەردۇر، بۇنى دۇنيادا ئېتىراپ قىلىدۇ.

سۇن جوڭشەن رەھبەرلىك قىلغان ئىنقىلاب تارىختا ئايلىنىپ قالدى. ماۋزېدۇڭ باشلاپ بەرگەن سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش داۋاملاشماقتا. دېڭ شياۋپىڭ ياراتقان دەۋر بارغانسېرى گۈللىنىپ ياشنىماقتا.

دېڭ شياۋپىڭ سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ گۇاڭئەن ناھىيىسىدىن بولۇپ، ئۇ 16 يېشىدىلا فرانسىيىگە بېرىپ بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن ئوقۇدى. 18 يېشىدىن باشلاپ كوممۇنىستىك غايە ۋە دۆلەت، خەلقنى قۇتقۇزۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشقا ئىرادە باغلاپ، ئۆمۈر بويى مۇشۇنىڭ ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ كەلدى. لېكىن ئۇ 70 نەچچە يىللىق ئىنقىلابىي ھاياتىدا توپتوغرا ئون يىلنى تەيخاڭ تېغىدا ئۆتكۈزدى. تەيخاڭ تېغى ۋە ئۇنىڭ شەرقىي-جەنۇب

تەرەپلىرىدە — جەنۇبىي خېبېي، غەربىي خېبېي ۋە شىمالىي خېنەندىكى ھەربىر تاغدا، ھەربىر ئېرىق-ئۆستەڭ، ئازگاللاردا ئۇنىڭ ئىزى بار. تەيخاڭ تېغىنىڭ سۆكلىرى، كاۋشلىرى ئۇنى يېتىلدۈردى، بۇ ئۇلۇغ زات ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ياشلىق باھارى بىلەن تەيخاڭ تېغىنى قۇتۇلدۇردى، گۈللەندۈردى. تەيخاڭ تېغى ئۇنىڭ ئابىدىسى ۋە سىمۋولى.

بۈگۈنكى كۈن ئۆتمۈشنىڭ داۋامى، تۈنۈگۈنكى كۈن بۈگۈن ۋە ئەتىنىڭ باشلىنىشى. بۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالغا بېسىشىدىكى قانۇنىيەت. بىر ئۇلۇغ زاتنىڭ كۆرمىشچان ھاياتىدا ئون نەچچە يىلنى بىر يەردە ئۆتكۈزۈشى ئاز كۆرۈلىدىغان ئەھۋال. دېڭ شياۋپىڭنىڭ تەيخاڭ تېغىدىكى تارىخى شۈبھىسىزكى ئەسلەشكە، خاتىرىلەشكە ۋە ئالاھىدە تەرىپلەشكە ئەرزىيدىغان تارىخ، ئۇ كىشىلەرگە ئىلھام بەخش ئېتىدۇ ۋە ئۇلارغا تەربىيە بېرىدۇ. دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەينى چاغدىكى ئىش-ئىزلىرىنى ئىپادىلەپ بېرىش، ئۇنىڭ ياشلىق باھارى، قان-تەرى بىلەن يېزىپ قالدۇرغان بۇ تارىخى ئۈستىدە ئىزدىنىپ كېيىنكىلەرگە يول ئېچىش بىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتىمىز. مۇشۇنداق مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن يازغۇچى ۋاڭ دۇگمەن دېڭ شياۋپىڭ ئەينى چاغدا ماڭغان يوللارنى بېسىپ تەيخاڭ تېغىغا چىقىپ، ئۇنىڭ تۇرغان جايىنى ئىزدىدى، يولبويى كىشىلەرنى، جايلارنى زىيارەت قىلىپ ماتېرىيال كۆردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە نۇرغۇن تارىخىي ماتېرىياللار ۋە ئەسلىمىلەرنى ئاختۇرۇپ تولۇپ-تاشقان ھۆرمەت بىلەن بىزگە «بارلىقىنى پارتىيىگە بېغىشلاش — دېڭ شياۋپىڭ تەيخاڭدا» دېگەن كىتابنى دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەينى يىللاردا تەيخاڭ تېغىدا ئېلىپ بارغان پائالىيىتىنى شەرھىيلەش ئارقىلىق 8-ئارمىيىنىڭ شەرقتە خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ، شىمالغا قوشۇن تارتىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ئاتلانغانلىقى، تەيخاڭ تېغىدا ئىنقىلابىي تايانچ بازا قۇرۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرى بىلەن قانلىق جەڭ قىلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرى تەسلىم بولغاندىن كېيىن لىيۇبوچېڭ، دېڭ شياۋپىڭ قوشۇننى باشلاپ خېنەن ئارقىلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە چۈشۈپ، ئازادلىق ئۇرۇشىغا ئاتلانغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. بۇ كىتابنىڭ مەزمۇنى مول، تارىخىي چىنلىقى يۇقىرى بولۇپ، ئۇ بىر تارىخىي دەۋردىكى مۇھىم ئۇرۇش ۋە سىياسىي ۋەقەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، شۇڭا ئۇنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىق قىممىتى يۇقىرى. بۇ كىتاب ئەدەبىي ئاخبارات شەكلىدە يېزىلغاچقا، ئۇنىڭدا ھەقىقىي ئادەم، ھەقىقىي ۋەقەلەر ئىپادىلىنىپ، تارىخىي قىياپەت ھەقىقىي ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؛ ئەدەبىيات ئەسەرلىرىگە ئوخشاش ئوبرازلىق، جانلىق ئىپادىلىنىپ، چىن ۋە ياخشى يېزىلغان، شۇڭا ئۇ مۇئەييەن ئەدەبىي قىممەتكىمۇ ئىگە.

پۈتۈن مەملىكەت خەلقى جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىۋاتقان پەيتتە، «بارلىقىنى پارتىيىگە بېغىشلاش — دېڭ شياۋپىڭ تەيخاڭدا» دېگەن كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ.

تالانت دېگەن ئاللىقانداق سۆزمەنلىك، سۇنئىي بىلەرمەنلىك بولماستىن، بەلكى، ئادەمنىڭ تۇغما ئەقلىي قابىلىيەت ئاساسىدىكى تۈرلۈك ئەقلىي قابىلىيەتلىرىنىڭ يۈكسەك تەرەققىي قىلىشى ۋە ئەقىل قۇرۇلمىسىغا مۇكەممەل دەرىجىدە بىرىكىشىدۇر. كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان تالانت يېتىشتۈرۈش، ئۇلۇغ ئىلىم-پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يارىتىش ھورۇنلارنىڭ قولىدىن مەڭگۈ كەلمەيدۇ. تالانت پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۈستىكارلىق قىلىدىغان كىشىلەر-نىڭ دەرۋازىسىغا قاراپمۇ قويمايدۇ. تالانت — ئەمگەكنىڭ جۇغلانمىسى، جاپالىق ئەمەلىي تىرىشچانلىقنىڭ جۇغلانمىسى. ئۇنىڭ تۆرىدە جۈرئەت تۇرىدۇ.

«ئەقىل ۋە پەزىلەت» دىن

# زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر

گۈلنار ئىسمايىل، مېھرىگۈل ھەسەن

دۇنيا تارىخىدا تۈركىي مەدەنىيەتنىڭ ئۆچمەس چولپانلىرىدىن بولغان زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر (1483—1530) «XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ھىندى يېرىم ئارىلىنىڭ شىمالىدا بىلش كۆتۈرگەن ئىسلام دۆلىتى»[①] ھىندىستان ئۇلۇغ موغۇل ئىمپېرىيىسىنى قۇرغۇچى بولۇپ، ئاتا جەمەت تەرىپتىن خاقان تېمۇرلەڭ (ئاقساق تېمۇر)نىڭ ئالتىنچى نەۋرىسى ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ ئوغلى ئىدى. ئانا جەمەت تەرىپتىن يەكەن سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ تۇنجى خانى سۇلتان سەئىدخان ۋە مەشھۇر «تارىخى رەشىدى»نىڭ يازغۇچىسى مىرزا ھەيدەر قەشقەرى بىلەن بىر نەۋرە تۇغقان ئىدى: سۇلتان سەئىدخان موغۇلىستان خانلىرىدىن ئۇۋەيسخاننىڭ ئوغلى — موغۇلىستان خانلىقىنىڭ توققۇزىنچى خانى ئۇستاد يۇنۇسخاننىڭ نەۋرىسى ئەخمەتخاننىڭ ئوغلى ئىدى. بابۇرنىڭ ئانىسى قۇتلۇق نىگار خانىم بىلەن مىرزا ھەيدەر قەشقەرىنىڭ ئانىسى خۇيىنىگار خانىملار ئەخمەتخاننىڭ قېرىندىشى، سۇلتان سەئىدخاننىڭ ھامىسى ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار بىر نەۋرە ئاكا-ئۇكىلار ئىدى (تارىخىي مەنبەلەردە سۇلتان سەئىدخان بىلەن بابۇر ۋە مىرزا ھەيدەر قەشقەرىنىڭ قېرىنداش ئىكەنلىكى ھەمدە ئۇلارنىڭ ھەربىي يۈرۈشلەرگە بىللە قاتناشقانلىقى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ دۆلەت قۇرۇلۇشىدا قانداق ھەمكارلاشقانلىقى قەيت قىلىنىدۇ). ئۇلارنىڭ ئىچىدە مىرزا ھەيدەر تارىخچى ئالىم بولسا، سەئىدخان بىلەن بابۇر كاتتا پادىشاھلاردىن ئىدى. بابۇر بولسا ھەممىسىدىن ئىستېداتلىق ئالىم ھەم خاقان ئىدى. ئۇ پەقەت 48 يىل ئۆمۈر كۆردى، ئەمما، ئىلىم-پەندە مۆجىزە يارىتىشتىن تارتىپ كاتتا ئىمپېرىيە قۇرۇشقىچە ئاجايىپ نەتىجىلەرنى يارىتىپ، دۇنيا تارىخىدا ئۆچمەس ئىز قالدۇردى.

ئۇنىڭ مۇنداق مۆجىزە بەرپا قىلالىشى شۇ چاغدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇمىي گۈللىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. IX ئەسىردىن XII ئەسىرگىچە ھۆكۈم سۈرگەن قاراخانىلار سۇلالىسى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت تارىخىدا زور يۈكسىلىش ھاسىل قىلىپ، قەشقەر، بالاساغۇن، سەمەرقەنت قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىدە كارامەت مەدەنىيەت ئوچاقلىرىنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ چاغلاردا نۇرغۇن ئالىملار، پەيلاسوپلار، ئاسترونوملار، يازغۇچىلار، شائىرلار، تىلشۇناسلار يېتىشىپ چىقتى، مەھمۇد قەشقەرى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك ئۇلۇغ تىلشۇناس، بۈيۈك مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ ۋە شائىرلارنىڭ ئەلمەشھۇر ئىلمىي ئەمگەكلىرى دۇنيانىڭ شەرق ۋە غەربلىرىنى ھەيران قالدۇرىدىغان سەۋىيىگە يەتتى. XII ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىدا چىڭگىز قوشۇنلىرىنىڭ ئىستىلاسى بىلەن پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيانى جاھالەت بۇلۇتلىرى قاپلاپ كەتكەن بولسىمۇ، XIV ئەسىرگە كەلگەندە چاغاتاي ئەۋلادلىرى ئۇستۇن مەدەنىيەتلىك ئوتتۇرا ئاسىيادا تۈركلىشىپ، تۇغلۇق تېمۇرخانلار دەۋرىگە كەلگەندە ھەتتا ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمانلىشىپ كەتتى. ئاقساق تېمۇرلەر دەۋرىگە كەلگەندە بولسا، ئوتتۇرا ئاسىيادا موڭغۇل قاسىرقىنى پۈتۈنلەي تاشلىۋەتكەن تۈركىي مەدەنىيەت ئومۇمىيۈزلۈك 2-قېتىملىق گۈللىنىشكە كىردى. شۇ چاغدىكى بۇ گۈللىنىش ئىسلام دۇنياسىدىكى ئەرەب، پارس، تۈرك تىللىرىنىڭ بەيگىسىدە «چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر تىلىنىڭ يۈكسەك قۇدرىتى بىلەن بەيگىنىڭ ئالدىغا كىرىۋالدى ۋە دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان ئەمەلىي تۆھپىلىرى بىلەن پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلدى. بۇنداق مەدەنىيەتلىك جايدىن چىققان خان-خاقانلار ھەم ھۆكۈمران، ھەم ئالىم بولۇپ چىقتى. بابۇر ئەنە شۇنداق ئەلمەشھۇر ھۆكۈمران ھەمدە خەلقئارالىق ئالىمدۇر.

بابۇر ھەققىدە مەھمۇد جوراس ئۆزىنىڭ «تارىخىي رەشىدى» دېگەن ئەسىرىنىڭ «بابۇر پادىشاھنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى» دېگەن قىسمىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بابۇر — پادىشاھ ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ ئوغلى، ئۆمەر شەيخ مىرزا-ئەبۇ سەئىد مىرزىنىڭ ئوغلى، ئەبۇ سەئىد مىرزا مۇھەممەت مىرزىنىڭ ئوغلى، مۇھەممەت مىرزا-مىرانشاھ كوراگاننىڭ ئوغلى، مىرانشاھ ئەمىر تېمۇرنىڭ ئوغلى ئىدى.» دېمەك، بابۇرنىڭ ئۆزى ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى موڭغۇل

---

① «دۇنيا تارىخىدىن ساۋات قوللانمىسى» خەنزۇچە 36-بەت

ئەمەس، تۈرك ئىدى. لېكىن، XII ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيا موڭغۇل ئىمپېراتورلۇقىنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتكەندىن تارتىپ موڭغۇللار ئىستىلاچىلىق بىلەن شانۇ شەۋكەتلىك بولۇپ كەتكەچكە، بابۇر چاغرىق قىلىشقا پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن ئۆزىنى ۋە ئۆزى قۇرغان ئىمپېراتورلۇقنى موغۇل نامىدىمۇ ئاتىدى، موغۇل سۆزى موڭغۇل سۆزىنىڭ ئاشۇ زاماندىكى تۈركىي خەلقنىڭ تىلىغا ئۆزلەشكەن ئاھاڭى ئىدى. بۇنىڭلىق بىلەن بابۇر موڭغۇل، ئۇ قۇرغان ئىمپېرىيە موڭغۇل ئىمپېرىيىسى بولۇپ كەتمەيدۇ.

بابۇر 1483-يىلى 2-ئاينىڭ 14-كۈنى ئەنجاندا، موغۇلىستانغا قاراشلىق پەرغانە ئۇلۇسىدا دۇنياغا كەلدى. ئۇنىڭ ئاتىسى ئۆمەر شەيخ مىرزا پەرغانە ئۇلۇسىنىڭ پادىشاھى ئىدى. بۇ چاغدا، 1348-يىلى تۇغلۇق تېمۇر قۇرغان موغۇلىستان تېمۇرلار سۇلالىسى ئاقساق تېمۇرگە قارام بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئاقساق تېمۇر ۋە ئۇنىڭ ئوغلى شاھرۇھ، نەۋرىسى ئۇلۇغبەگلەردىن كېيىن يەنە باش كۆتۈرۈپ، موغۇلىستاننى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىيالىدا بولۇۋاتاتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، تېمۇرلەڭ ئەۋلادلىرى بىلەن ئۆزبېك ئاتامانى شايبانىخانلار ئوتتۇرىسىدا كۈرەش كەسكىن ئىدى. پەرغانە بولسا، مۇستەقىل سۇيۇرغاللىق ئىدى. مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە، 1494-يىلى ئۆمەر شەيخ ۋاپات بولدى، ئەمدى 12 ياشقا كىرگەن بابۇر ئاتىسىنىڭ ئورنىغا شاھ بولدى.

بابۇر ئەنە شۇنداق پادىشاھ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەچكە، ئەقلىگە كەلگەندىن باشلاپلا ئەۋزەل شارائىتلاردا، ئانا تىلى بولغان تۈرك تىلىنى تىرىشىپ ئۆگەندى. ئۇ تۈركچە شېئىر يېزىشنى ئۆگىنىش بىلەنلا قالماي، پارسچىنىمۇ ئىگىلىدى ھەمدە كىچىكىدىن باشلاپلا ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىش، سەپ تۈزۈپ جەڭ قىلىش قاتارلىق ماھارىبە ئىشلىرىنىمۇ ئۆزگىچە بېرىلدى. پادىشاھلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان كۈندىن باشلاپ كۈندىلىك خاتىرە يېزىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، بىلىم سەۋىيىسىنى تېزلىكتە ئۆستۈردى؛ پادىشاھلىقنىڭ ئەلمى-تەلىمىنى پۇختا ئىگىلەپ، يىلنى تورۇپلا كۆڭلىگە ھەممە تۈركلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ مەركەزلەشكەن ئىمپېرىيە قۇرۇش خىيالىنى پۈكتى. ئۇنىڭ دەسلەپكى پادىشاھلىق سۈپەتلىرى ۋە ئىستېداتلىرى توغرىسىدا مەھمۇد جوراس يۇقىرىقى ئەسىرىدە يەنە مۇنداق يازىدۇ: «بابۇر پادىشاھ مۇسۇلمان ۋە ئادىل، شەپقەتلىك، پاكىز، دىنپەرۋەر، كەمتەر خاراكتېرلىك بولۇپلا قالماي، خۇش تەبىئەت، چىرايلىق سۆزلۈك، پارس، تۈركىي شېئىرلارنى ياخشى يازىدىغان شائىر كىشى ئىدى». شۇنداق بولغاچقا، ئۇ پادىشاھلىق سەلتەنىتىنى باشقا ھەرقانداق تۇغقانلىرىدىن ئۈستۈنرەك جەۋلان قىلدۇرۇپ، تېمۇرلەڭ ئىمپېرىيىسىدىكى بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى جازالاشقا كىرىشتى. ئۇ پەرغانە ۋىلايىتىنى قوغداش بىلەنلا قالماي، 1499-يىلى ۋە 1501-يىلى تېمۇرلەر سۇلالىسىنىڭ قەدىمى پايتەختى سەمەرقەنتنى ئىككى نۆۋەت ئىگىلىۋالدى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى تېمۇرلەڭ ئەۋلادلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىمپېرىيىنىڭ پايتەختى سەمەرقەنتنى تالىشىش كۈرىشىگە كۈچلۈك زەربە بولدى. ئەمما، ئۇ ئۆزبېكلەر ئاتامانى شايبانىخان بىلەن قەبىھ دۈشمەنلىشىپ قالدى. بۇ چاغدا، شايبانىخان باشچىلىقىدىكى كۆچمەنچى ئۆزبېكلەر ماۋەرائۇننەھرانى ئىگىلەش ھەرىكىتىنى بارغانسېرى جىددىيلەشتۈرمەكتە ئىدى. بابۇردىن ئىبارەت كەلگۈسىنى كۆرىدىغان بىلىملىك پادىشاھنىڭ كۈچىيىپ كېتىشى ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ زور تەھدىت ئىدى. شۇڭا، شايبانىخانلار بارلىق ئۆزبېكلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، 1501-يىلى سەرىپۇل دېگەن جايدا يىلش بابۇرغا ئوت ئاچتى. بابۇرنىڭ ئۆزى ئەقىللىق بولسىمۇ، دۆلەت كۈچى ئاجىزلاپ قالغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تېمۇرلەڭنىڭ ئەۋلادلىرى ئوتتۇرىسىدا مال-دۇنيا ۋە مەنسەپ تالىشىش ئۆسۈپ كەتكەنىدى. شۇ تۈپەيلى ئۇلار بابۇرغا ياردەم بېرەلمىدى. شۇڭا، جەڭ شايبانىخانلارنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشتى. بابۇر قوشۇنلىرىنى تاشكەنتكە چېكىندۈردى ۋە تېمۇرلەڭنىڭ ئەۋلادلىرىنى بىرلىشىپ شايبانىخانغا قارشى كۈرەش قىلىشقا چاقىردى. لېكىن، ئۇلار بابۇرنىڭ ئىشەنچىسىنى ئاقلىيالمىدى. ئەكسىچە، ئايرىم ھاللاردا بابۇرغا خىيانەت قىلىپ ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن بابۇر ئۈچ يىلغىچە ئارسالدى بولۇپ قالدى. بەزى تارىخچىلار بابۇر بۇ چاغدا سەرگەردان بولۇپ چىقىپ كەتتى، دېيدۇ، بۇ يالغان، ئۇ جەڭ تەييارلىقىدا ئىدى. 1504-يىلى شايبانىخانلار پەرغانىنى قولغا ئالدى. بۇنىڭ بىلەن بابۇر ئافغانىستانغا قاراپ يول ئېلىشقا مەجبۇر بولدى. بابۇرنىڭ غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرالماي ياقا يۇرتقا يۆزلىنىشى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقى ئۈچۈن بەختسىزلىك ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قوشۇنىنى تېمۇرلەڭ تېررىتورىيىسىدىكى تۈركلەر بىلەن تولۇقلاپ ھوجۇمغا ئۆتۈپ، كابۇل ۋە بەدەخشانلاردا ئۆز ھاكىمىيىتىنى ئورناتتى ھەمدە بىرنەچچە مەرتىۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا قايتىش ئۈچۈن ئورۇنۇپ كۆردى. لېكىن، ئۆزاققا بارمايلا شايبانىخانلار كابۇلغىمۇ بېسىپ كەلدى، بابۇر جەنۇبىي ئاسىيا تەرىپىگە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. دەل مۇشۇ چاغدا، شايبانىخانلار-نىڭ تەۋەلىكىدە توپىلاڭ كۆتۈرۈلگەنلىكتىن، شايبانىخانلار كابۇلدىن سەمەرقەنتكە قايتتى. بابۇر شۇ ھامان قوشۇنلىرىنى كابۇلغا باشلاپ كىرىپ، ئۆزىنى پادىشاھ دەپ جاكارلىدى، 1506-يىلى خوراسانغا بېرىپ ھىراتنى زىيارەت قىلدى ۋە

سۇلتان ھۈسەيىن ئوغۇللىرىنى بىرلەشتۈرۈپ بىرلىكتە شايبانىخانغا تاقابىل تۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ كۆردى، لېكىن، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى. 1510-يىلى شايبانىخان قوشۇنلىرى ئىران قوشۇنلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ بولدى، شايبانىخانمۇ ئۆلتۈرۈلدى. بابۇر ئىرانلىقلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيانى قولغا ئېلىشقا كىرىشتى. 1511-يىلى ئىسمايىل شاھنىڭ ياردىمى بىلەن ھىسار، بۇخارا، سەمەرقەنت، تاشكەنت قاتارلىق جايلارنى ئالدى. لېكىن، ئۇشئە مەزھىپىنىڭ داھىسى ئىسمايىل شاھ بىلەن بىرلەشكەنلىكى، ھەتتا ئۇنىڭغا بېقىندى ھېسابلانغانلىقى ئۈچۈن ئاۋامنىڭ ھىمايىسىگە ئېگە بولالمىدى. ئاخىرى ئۆزبېكلەرنىڭ شىددەتلىك قارشىلىقىغا ئۇچراپ، ياندۇرقى يىلى كابۇلغا قايتىپ كېلىپ، 1516-يىلىدىن 1519-يىلىغىچە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىراننىڭ ئوقيا، قىلىچ ۋە ئوت ئالغۇچ قوراللىرى بىلەن قوراللانغان ئاتلىق ۋە پىيادە قوشۇنلىرىنى داۋاملىق مەشق قىلدۇرۇپ، جەنۇبىي ئاسىيا تەرەپكە ھۇجۇم قىلدۇرۇش ھەمدە ھىندىستاننى ئىگىلەشكە تەييارلاندى.

1519-يىلى، ئۇ كابۇلنى مەركەز قىلغان ھالدا ھىندىستانغا ھۇجۇم قىلدى. بۇ چاغدا، شىمالىي ھىندىستان ئافغانىستانلىقلار قۇرغان لود سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولۇپ، ئۈچىنچى ئەۋلاد پادىشاھ ئىبراھىم لود تولىمۇ زالىم بولغاچقا، لود ھاكىمىيىتى تاشقى تاجاۋۇزدىن باشقا يەنە ئىچكى نىزادىن كۆتۈرۈلگەن ئىسيانلارغىمۇ ھامىي ئىدى. شۇڭا، بابۇر قورقماستىن پەنجابقىچە باستۇرۇپ كىردى. پەنجابنىڭ لىتىپخان لود دېگەن ۋالىيسى ئىبراھىم لودقا بولغان غەزىپى تۈپەيلى بابۇرغا ئەل بولدى. بابۇر ئۆزىنى تېمۇرلەڭنىڭ ۋارىسى دەپ جاكارلاپ پەنجابنى ئىشغال قىلدى. 1524-يىلى بابۇر راۋالپىندىگىچە باستۇرۇپ كەلدى ۋە لىتىپخان لودنىڭ ھەمكارلىقى بىلەن دېھلىغا قاراپ يول ئالدى. ئەمما، كېيىن لىتىپخان لودنىڭ يۈز ئۆرۈشى بىلەن بابۇر جەڭدە مەغلۇپ بولۇپ كابۇلغا قايتىپ كەلدى.

1525-يىلى 11-ئايدا، بابۇر 12 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن پەنجابقا ھۇجۇم قىلىپ دۆلەتخان لودنىڭ چىگرا مۇداپىئە قوشۇنلىرىنى تارمار قىلدى. 1526-يىلى ئەتىيازدا بابۇر دېھلىگە قاراپ ئاتلاندى، لود سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ئىبراھىم لود مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ جەڭگە چىقتى. ئىككى قوشۇن دېھلىنىڭ شىمالىدىكى پەنىپەت دېگەن يەردە ئۇچرىشىپ، ھىندىستان تارىخىدا مەشھۇر بولغان 1-قېتىملىق پەنىپەت ئۇرۇشىنى باشلىدى.

بابۇر ئۇزاق مۇددەتلىك جەڭلەردە چېنىققان تەجرىبىلىك، كەمتەر، جەڭگە ماھىر ئادەم بولغاچقا، ئۇرۇش باشلانغان ھامان پەنىپەت قەلئەسىنى ئىگىلىۋالدى ۋە قوشۇننى قەلئە، خەندەك بىلەن ئورمانزارلىق ئارىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، 700 جەڭ ھارۋىسى ۋە توپ ئاتىدىغان ئوغۇرلارنى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورۇنلاشتۇردى. ئىبراھىم لود تولىمۇ ھاكاۋۇر، ئۇرۇش تەجرىبىسى يوق ئادەم بولغاچقا، كۆرەڭلەپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئارمىيىسى بابۇر ئارمىيىسىنى گويا ھاپ دەپلا يۇتۇۋېتىدىغان ئەلپاز بىلەن كېلىپ، 700 جەڭ ھارۋىسىدىن ئېتىلىۋاتقان توپلارنىڭ گۈمبۈرلىگەن سادالىرى ئىچىدە خۇددى پىرقىرىتىپ قويۇپ بەرگەندەك گاڭگىراپ قالدى. پىللارمۇ ئۆپۈر-تۆپۈر بولۇپ كېتىپ تەرەپ تەرەپكە قاچتى. بابۇر شۇ ھامانلا ئىككى تەرەپتىكى قوشۇنغا بۇيرۇق بېرىپ، ئىبراھىم لودنىڭ قوشۇنىنى قورشىۋېلىپ تىرىپىرەن قىلىۋەتتى. ئىبراھىممۇ جەڭ مەيدانىدا ئۆلدى. بابۇر ھىندى زېمىنىدا ھەل قىلغۇچ غەلىبىنى قولغا ئېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، يەنى 1527-يىلى مارتتا كانۋاھادا رانا سەنگا باشچىلىقىدىكى راي ۋە راجەلەرنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇنىنى تارمار قىلدى. 1528-يىللىرى يەنە بىرنەچچە قېتىملىق جەڭدە غەلىبە قىلىپ پۈتۈن شىمالىي ھىندىستاننى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ھەمدە ئافغانىستان، پاكىستان، كەشمىر، ھىندىستان قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلغان ھالدا، تارىختا «بۈيۈك موغۇل ئىمپېرىيىسى» دەپ ئاتالغان دۆلەتنى قۇردى ۋە ئەگرىنى پايتەخت قىلىپ ئۆز نامىغا قۇتبە ئوقۇتۇشقا باشلىدى.

بابۇر بۈيۈك موغۇل ئىمپېرىيىسىنى قۇرغاندىن كېيىن، ھاكىمىيەتنى پايتەختكە مەركەزلەشتۈرۈشكە پۈتۈن كۈچى بىلەن كىرىشتى ۋە قوزغىلاڭغا ئىنتىلگەن فېئودال ئىسيانچىلارنى رەھىمسىزلىك بىلەن باستۇردى. بابۇر مەركىزىي ھاكىمىيەت تۈزۈشتە كۆپرەك قورال كۈچىگە تاياندى. ئەمما، خەلقنى ئىدارە قىلىشتا بولسا دىنىي ۋە مىللىي ئەركىنلىكنى يولغا قويۇپ، تۈرلۈك دىن، تىل ۋە مىللىي ئادەتلەرگە ھۆرمەت قىلدى. كۆپ ھاللاردا ئوخشىمىغان دىنلار ۋە مىللەتلەرنى مۇرەسسەچىلىك يولى بىلەن ئىتتىپاقلاشتۇرۇشقا كىرىشتى. ئەمما، ھەرقاچان ئۆز ھاكىمىيىتىنىڭ تۈرك نەسلىگە مەنسۇپ بولۇشىنى ئۇنۇتمىدى. ئۇ چىن مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتى بىلەن، ھىندىستان خەلقىنىمۇ خۇدا ياراتقان، بۇلارنىمۇ شاپائەتكە ئىگە قىلىش لازىم دەپ قاراپ، ئىلىم-پەن، ئەدەبىيات-سەنئەت، ئارخىتېكتورا ۋە سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردى، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىرانلاردىن ئۇلۇغ ئالىملارنى ھىندىستانغا ھۆرمەت بىلەن ئەكىلىپ ھىندى خەلقىنىڭ پەن-مەدەنىيەتتە تېز راۋاجلىنىشىغا چىن دىلىدىن يېتەكچىلىك قىلدى. ئوتتۇرا ئاسىيا شەكلىدە نۇرغۇن ئىمارەتلەر ۋە چارباغلارنى سالدۇردى، يوللار، ھامماللار، كۆۋرۈكلەر، كارۋان سارايلىرى بىنا قىلدۇردى. ئۆز ئەتراپىغا كۆزگە كۆرۈنگەن

ئالىملار، شائىرلار ۋە مۇزىكىشۇناسلارنى يىغدى، مەشھۇر تارىخچى خاندەمىر بۇ پەيتتە ھىراتتىن كەلتۈرۈلگەنىدى. ئاتاغلىق ھىندى ئالىمى شەبھارا بابۇرنىڭ ۋەزىرى ھەم مەسلىھەتچىسى قىلىپ تەيىنلەنگەنىدى. بۇنىڭ بىلەن بۈيۈك موغۇل ئىمپېرىيىسىدە ئىشلەپچىقىرىش راۋاجلىنىپ، ئىگىلىك گۈللەندى. سودا-سانائەت ئوبدانلا راۋاجلاندى، ئەگرە، دېھلى، ئىلاخاباد، پەنىپەت، كالكۇتتا، مادراس قاتارلىق نۇرغۇن شەھەرلەر ناھايىتى ئاۋاتلاشتى، قول سانائەت تارماقلىرى كۆپەيدى، ھۈنەر-سەنئەتتى ئېشىپ باردى. مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ئەينى زاماندىكى ھىندىستاندا ئىشلەپچىقىرىلغان پاختا بۆيۈملار 30 خىلغا، يىپەك بۆيۈملار 26 خىلغا، يۇڭ بۆيۈملار 23 خىلغا، كىمخاپ 19 خىلغا يەتكەن، ئۇنىڭدىن باشقا ھەر خىل رەڭلىك گىلەم-ئەدىيال، پەرىجە-تونلار ئىشلەپچىقىرىلغان. نۇرغۇن توقۇلما بۆيۈملار مەملىكەت ئىچىدىلا داڭلىق بولۇپ قالماي، يىراقتىكى ياۋروپانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغىمۇ ئاپىرىپ سېتىلغان.

نۇرغۇن شەھەرلەر ئارىلىقىدا دائىمىي خاراكتېرلىك سودا كارۋانلىرى قاتناپ تۇرغان، چوڭ يوللار تۇتاشقان جايلاردىكى يول بويلىرىدا يەنە نۇرغۇن دۇكانلار بولغان. X V I ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا غەربلىك بىر كىشىنىڭ قالدۇرغان خاتىرىسىدە يېزىلىشىچە، ئەگرەدىن پەتپۇرغىچە بولغان ئارىلىق 20 چاقىرىم كەلسىمۇ، يول بويلىرىغا زىچ سودا دۇكانلىرى جايلاشقانىكەن، بۇ ئوتتۇرىدا ماڭغان ئادەم زادىلا شەھەردىن ئايرىلماي، بەلكى ئاۋات بازاردا تۇرغاندەك ھېس قىلىدىكەن. بېنگال بىلەن غەربىي ھىندىستان ئارىلىقىدا گانگ دەرياسى ئارقىلىق نۇرغۇن مال توشۇلۇپ تۇرغان، بۇنىڭ ئىچىدە زىبۇ-زىننەت بۇيۇملىرىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئادەتتىكى شەھەر ئاھالىسىنى تەمىنلەيدىغان بۇغداي، گۈرۈچ، شېكەر قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىمۇ بولغان. شىمالىي ھىندىستاندا ئاساسەن بىر پۈتۈن بازار شەكىللەنگەن، بېنگال بىلەن گۇجاراتتا تاشقى سودا ناھايىتى راۋاجلانغان، سودا كېمىلىرى شەرقتە جۇڭگوغا، غەربتە ئافرىقىغا قاتناپ تۇرغان، نۇرغۇن ھىندى سودىگەرلىرى، ھەتتا يىراقلارغا سەپەر قىلىپ شەرقىي-جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرىگىچە بېرىپ پونكىت قۇرۇپ، خەلقئارا سودا بىلەن شۇغۇللانغان. شۇنىڭ بىلەن ھىندىستان خەلقى بابۇرلارنى چىڭ ھىمايىسىگە ئالغان، موغۇل ئىمپېرىيىسى نەسەبتە بابۇردىن ئۈزۈلمەي داۋاملاشقان. تاكى X V I I ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە داۋاملاشقان بۇ ئىمپېرىيە ھىندىستان تارىخىدا ئەرەب، پارس، ھىندى مەدەنىيەتلىرىدىكى جەۋھەرلەرنى ھىندىستانغا ئۈزلەشتۈرۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرىنىڭ تىل-ئەدەبىيات، بىناكارلىق، سەنئەتكارلىق، مۇزىكىچىلىق ماھىرلىقى ۋە جەڭگىۋارلىق قاتارلىق ئارتۇقچىلىقلارنى ھىندىستاندا جەۋلان قىلدۇرغان. مۇشۇ دەۋردە راۋاجلانغان ھىندىستاندىكى تۈركىي مەدەنىيەت ھاكىمىيەتتىن تارتىپ تاكى كىيىم-كېچەكلەرگىچە پۈتكۈل ھىندى ئارىلىغا سىڭىپ كەتكەچكە، تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە ھىندىستاننىڭ ئەمەلدارلىرى ئۈچىسىدا خۇددى بابۇرلار كىيگەنگە ئوخشاش قاتار تۈگمىلىك كىيىملەر تۇرماقتا.

بابۇر گەرچە ھىندىستاندەك ئۇلۇغ قەدىمىي دۆلەتنى ئۆزىنىڭ ھاكىمىيەت ئاستىغا ئېلىپ، دۇنيا تارىخىدا ئۆچمەس ئىز قالدۇرسىمۇ، لېكىن ئۆمۈرۋايەت ئانا تۇپراق ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىشقىدا يېنىپ تۇردى. تاكى ئۆلگىچە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كويىدا بولدى. ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى يۈكسەك غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرالمىغانلىقىغا ھەسرەت چەكتى. «بابۇرنامە»دە ئۇنىڭ ۋەتەن سۆيگۈسىنى ئىپادىلەيدىغان مۇنداق لىرىكىلار بار:

كۆپتىن بىرىكىم يەرۇ دىيارىم يوقتۇر،
بىرلەھزە، بىر نەپەس قارارىم يوقتۇر.
كەلدىم بۇ سىر ئۆز ئىختىيارىم بىلەن،
لېكىن بارىمدا ئىختىيارىم يوقتۇر.

تالىي يوق جېنىمغا بالالىق بولدى،
ھەر ئىشنىكى ئەيلەدىم خاتالىق بولدى.
ئۆز يەرنى قويۇپ ھىندىسرى يۈزلەندىم،
ياراپ نى تايىن، نى يۈز قارالىق بولدى.

دېمەك بابۇر لىرىكىلىرىدا ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەت تۇيغۇلىرى، ۋەتەندىن يىراقتا تۇرۇپ چەككەن ئازابلىرى ئىپادىلەنگەن.

بابۇر 1530-يىل 12-ئاينىڭ 26-كۈنىدە ئەگرەدە ۋاپات بولدى. جەسىتى ئەگرەدىكى ئۆزى بىنا قىلدۇرغان چارباغقا دەپنە قىلىندى، سۆڭەكلىرى ئۆز ۋەسىيىتىگە ئاساسەن كابۇل شەھىرىگە ئەكىلىپ كۆمۈلدى.

يۇقىرىدا قەيت قىلىنغىنىمىزدەك، زەھىرىدىن مۇھەممەد بابۇر ئىستىبداتلىق شائىر ۋە تارىخچى ئىدى. ئۇنىڭ شېئىرىي ئەسەرلىرى ئاساسەن غەزەللەر ۋە رۇبائىيلاردىن تەشكىل تاپقان. ئۇلار ئارىسىدا ئاز ساندىكى مەسنەۋىلەر، تۇيۇقلار، قىتئەلەر، فەردلەر ۋە مۇئەممالارمۇ بار. ئۇ لۇتفى ۋە ناۋايى بەدىيلىك دەرىجىسىگە كۆتەرگەن غەزەل ژانىرىغا ۋارىسلىق قىلدى. ئىنسان قەلبىگە خلس بولغان بارچە تۇيغۇ ۋە ھېسسىياتلارنى تولۇق ئاڭلاپ، ئۇلارنى نازۇك بەدىئىي تەسۋىرلەر بىلەن روشەن رەۋىشتە قەلەمگە ئالدى. بابۇر ئەسەرلىرى گۈزەللىك ۋە بەدىئىي زوقنى ئۇلۇغلىدى. بابۇر چاغاتاي تىلىنىڭ بارلىق بايلىقى ۋە ئوبرازلىق تەسۋىر ئىمكانىيەتلىرىنى چۈشىنىۋالغاچقا، ئۇلاردىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا پايدىلاندى.

ئۇنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەسەرلىرى ئۇنىڭ تەرجىمىھالىغا ئاتالغان ئەسىرى «بابۇرنامە»، شېئىرلار توپلىمى «دىۋان»، ئوغلى ھومايۇنغا ئاتاپ يازغان شېئىرى رىسالە «موبەيىنۇ» قاتارلىقلار بولۇپ، بۇ ئەسەرلەر بىزنى ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىسان قىلغان خەلقلەر، ئافغانىستان، ھىندىستان ۋە ئىران خەلقلىرىنىڭ تارىخى، جۇغراپىيىلىك ئورۇنلىشىشى ۋە ئېتنوگرافىيىسىگە ئائىت قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ. ھىندىستاندا يەنە بىر «دىۋان»ى بار دېيىپ ئاڭلايمىز. بۇ ئەسەرلەردىن «بابۇرنامە» 1826-يىلى ئىنگلىز تىلىدا، 1826-يىلى نېمىس تىلىدا، 1871-يىلى فرانسۇز تىلىدا، 1918-يىلى تاشكەنتتە ئۆزبېك ۋە روس تىلىدا نەشر قىلىندى. باشقا ئەسەرلىرىمۇ ھىندى-ياۋروپا تىللىرىدا، شۇنداقلا تۈرك-پارس تىللىرىدا نەشر قىلىندى. بابۇرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىيات تارىخىدا تۇتقان ئورنى ناھايىتى كاتتا بولۇپ، ئۇنىڭ لىرىك شېئىرلىرى ۋە «بابۇرنامە» سى تۈركىي خەلقلەر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرى سۈپىتىدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تونجى قېتىم سۇنۇلماقتا.

«بابۇر بۇ ئەسەردە ھەممىگە قىزىقىدىغان زېھنىلىك بىر سەيياھ ۋە ئەستايىدىل بىر ئالىم سۈپىتىدە پەرغانە، سەمەرقەنت، ھىرات، كابۇل، غەزنى، ھىندىستان قاتارلىق ئۆزى تۇرغان ۋە بارغان جايلارنىڭ تارىخى، ئىجتىمائىي ئەھۋالى، جۇغراپىيىسى، تەبىئىي شارائىتى، ئىقلىمى، ھاۋاناتلىرى، بايلىقلىرى، ئاسارە ئەتىقىلىرى، گۈزەل يەرلىرى، مەشھۇر ئادەملىرى، خەلقىنىڭ تەركىبى، مەدەنىي ھاياتى، ئەنئەنىلىرى، ئۆرپ-ئادەتلىرى قاتارلىق كۆپ جەھەتلەردىن ئىنتايىن قىممەتلىك ۋە قىزىقارلىق بىلىملەرنى بېرىدۇ. بولۇپمۇ شۇ دەۋردىكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولغان ھىرات توغرىلىق كەڭ توختىلىپ، ھىراتتىكى ئىلىم، سەنئەت ئەھلىنى ۋە ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى، ئەسەرلىرىنى، خىسلەتلىرىنى بىرمۇبىر تونۇشتۇرۇپ، ئىشلىرىغا ۋە ئەسەرلىرىگە باھا بېرىدۇ، جۈملىدىن ئۆزى خەت يېزىشقان بولسىمۇ، لېكىن يۈز كۆرۈشۈشكە مۇيەسسەر بولالمىغان ئۇلۇغ شائىر ئەلشىر ناۋايىنى زور ھۆرمەت بىلەن تەرىپلەپ، ئۇنىڭ ھاياتى، ئىجادىيەتلىرى، خىسلەتلىرى توغرىلىق مۇھىم مەلۇماتلارنى بېرىدۇ.»① ئەڭ مۇھىمى بۇ ئەسەردە بابۇر راستچىللىق بىلەن نېمە بولسا شۇنى چىن ئەكس ئەتتۈرىدۇ، ھەتتا ئۆزىنىڭ كەمچىلىكىنى، ئايرىم ناچار يەرلىرىنىمۇ ئەيىبەن يېلىش قىلىپ، دۈشمىنى بولسىمۇ ھەق راست ئىش قىلغان ئادەمنى مەدھىيىلەيدۇ. شۇنداق بولغاچقا، بۇ ئەسەرنى ئۇنىڭ مىراسخورى بولغان بىز ئۇيغۇرلار ئۇلۇغلاپلا قالماستىن، دۇنيادا بۇ ھەقتە ئىزدەنگەن ئالىملارمۇ ئۇنى ملختاپ «ئاسىيادىكى ئەسەرلەر ئىچىدە بىردىنبىرى بولمىسىمۇ، ئەڭ ئىسلى»② «دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر»③ دېيىپ تەرىپلىگەن.

پاكىستانلىق مەشھۇر ئىسلام تارىخچىسى سەئىد فاياز مەخمۇد ئۇنىڭ پائالىيەتلىرىنى خۇلاسىلاپ مۇنداق دەيدۇ: «بابۇردىن ئىبارەت بۇ قورقماس ۋە تەلەيلىك جەڭچى ئەركىن تەسەۋۋۇرچى، ئىمپېراتورلۇق قۇرغۇچى، بۈيۈك تەبىئەت ۋە ھاياتنى سۆيگۈچى ئىدى. ئەمما، ئۇ زىمپەر غالىبىيەتلىرىنىڭ مول مېۋىلىرىدىن بەھرىمەن بولالمىدى، بەك بۇرۇن ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئاز ئېچىلىدىغان خاراكتېرى ھاياتىنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە گەۋدىلىنىپ تۇراتتى. مۇلايىم، باتۇر، كەڭ قورساق، دانىشمەن ۋە ئاق كۆڭۈل ئىدى. ھەرقانداق ئۆلچەم بويىچە قارىغاندا، ئۇ ھەقىقەتەن ئۇلۇغ زات ئىدى. ئۇ نەپەستىن توختىغاندا ئاران 48 ياشتا بولسىمۇ، ئەمما ئۇ 48 يىلدا باشتىن كەچۈرگەن ئورۇشلار، ئېلىششلار، مەغلۇبىيەت ۋە غالىبىيەتلەر ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ ئۆمرىدىن ئۈچ كىشىنىڭكىنى قوشقاندىمۇ ئېشىپ كەتتى.»④

شۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتىمىزكى، بابۇرنىڭ پائالىيەتلىرى ھەربىي يۈرۈش ۋە ئىلىم-پەن ساھەسىدە ئىنسانلارنىڭ يادىدىن مەڭگۈ چىقمايدىغان مۆجىزاتتۇر. ئۇنىڭ كابۇلدىكى قەبرىسى ئۇلۇغ ئىنسان كۆڭۈلگەنلىكى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھىندى خەلقى سېغىنىپ بەيئەت قىلىدىغان يادىكارلىقلىرىمىزدىندۇر.

---

① فرافوز خىمەت تۆمۈر: «بۇلاق»، 1991-يىلى 3-سان، 100-بەت.

② «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇل تارىخى، تارىخىي رەشىدى»، خەنزۇچە نەشرى، 1-قىسىم، 3-بەت.

③ «قىسقىچە بىرىتانىيە ئېنسىكلوپېدىيىسى» خەنزۇچە نەشرى، 1-توم، 404-بەت.

④ «ئىسلام دىنىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 304-بەت.

# قازاق ئالىمى، مەشھۇر ئۇيغۇر شۇناس ــ چوقان ۋەلىخانوۋ

قادىر ئەكبەر

17-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە تارىخىنى ئۆگىنىش ياۋروپا ئەللىرىدىكى شەرقشۇناسلىق ئىلمى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئالىملار دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىغانىدى. 18-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە شەرقشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ ئۇيغۇرلار مەدەنىيىتىگە ئائىت ساھەسى روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭمۇ ئەڭ قىزغىن تەتقىقات ئېمىسىغا ئايلاندى.

روسىيىدە جۇڭگونىڭ شىنجاڭ مەدەنىيىتىنى، خۇسۇسەن ئۇيغۇرلار مەدەنىيىتى ۋە تارىخىنى ئۆگىنىدىغان بىلىم يۇرتلىرى تەسىس قىلىنىشقا باشلىدى. بۇ بىلىم يۇرتلىرىدا روسىيىدىكى قازاق، تاتار، ئۆزبېك، خاكلس قاتارلىق تۈركىي تىللىق مىللەتلەردىن ئېقتىدارلىق ئىلمىي خادىملار يېتىشتۈرۈلدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا بار تولد، رادلوۋ، مالوۋ، سىمىيون تيانشانىسكىي قاتارلىق تالانتلىق ئالىملار ئۇيغۇرلارغا ئائىت تەتقىقاتنى ئېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى.

روسىيىدە يېتىشىپ چىققان ئۇيغۇر شۇناسلار ئىچىدە ئۆزىنىڭ ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئىلمىي ئەمگەكلىرى ۋە زور تالانتى بىلەن جاھانغا تونۇلغان ئالىمنىڭ بىرى ـ قازاق خەلقىدىن چىققان ئالىم چوقان ۋەلىخانوۋدۇر.

چوقان چىڭگىز ئوغلى ۋەلىخانوۋ 1835-يىلى ھازىرقى قازاقىستانىڭ كۆكچېتاۋ ئوبلاستىدا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى مۇھەممەت خەنەفىيە، فامىلىسى ۋەلىخانوۋ بولسىمۇ ئىلمىي ئەسەرلىرىدە «چوقان» تەخەللۇسىنى قوللانغان ۋە شۇ نام بىلەن مەشھۇر بولغان. ئۇنىڭ دادىسى چىڭگىز قازاق خەلقى تارىخىدا مەشھۇر بولغان خانلارنىڭ بىرى ئابلەيخاننىڭ نەۋرىسى ئىدى. ئۇ ئوغلى چوقاننى بەش يېشىدىلا ئەينى زاماندىكى يېڭى مەكتەپلەر گە ئوقۇشقا بەرگەن. چوقان 18 يېشىدا روسىيىنىڭ ئومسكى شەھىرىدىكى ھەربىي بىلىم يۇرتىنى پۈتتۈرۈپ پورچىك ئۇنۋانىدا غەربىي سىبىرىيە گېنېرال گوبېرناتورلۇقىدا خىزمەت قىلغان.

چوقان ۋەلىخانوۋ 1856-يىلدىن باشلاپ ئىلمىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشقا كىرىشكەن. 1856-يىلى روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىغا تەتقىقات خادىمى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغان ۋە شۇ يىلى جۇڭگو شىنجاڭ-ئوتتۇرا ئاسىيا ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكىگە قاتنىشىپ، يەتتە سۇ، ئىلى ۋە ئىسسىق كۆل قاتارلىق جايلاردا بولغان. بۇ يەرلەردە ئۇ قازاق-قىرغىز خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بايلىقلىرىنى توپلاپ، قىرغىز خەلقىنىڭ «ماناس» داستانى ۋە قازاق خەلقىنىڭ «قوزى كۆرپېش-بايان سۇلۇ» قاتارلىق داستانلىرىنى يېزىقچا ئالغان ھەم رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلغان. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرىدىن «نۇزۇگۇم» داستانى ۋارىيانتلىرىنى ۋە «تارانچى قوشاقلىرى» نى يېزىقچا ئالغان.

1858-يىلىنىڭ مارت ئېيىدا چوقان ۋەلىخانوۋ «روسىيىلىك سودىگەر» قىياپىتىدە قەشقەرگە كېلىپ 1859-يىلىنىڭ ئۆكتەبىر ئېيىغىچە قەشقەر شەھىرىنى مەركەز قىلغان ھالدا يېزا ۋە ناھىيىلەرنى ئايلىنىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، ئۆرپ-ئادىتى ۋە ئېتنوگرافىيىسىنى ئەتراپلىق ئۆگىنىشكە باشلىغان، خەلق قوشاقلىرىنى توپلىغان.

1860-يىلى ئاتۇش، ئوچتۇرپان، ئۇلۇغچات، ئاقچى قاتارلىق جايلارنى ئايلىنىپ، قەدىمكى شىمال-جەنۇب كارۋان يولى بويىچە «مۇزداۋان» ئارقىلىق ئىككىنچى قېتىم غۇلجىغا كېلىپ، ئۇ يەردىن روسىيىگە قايتقان. 1860—1861-يىللاردا چوقان ۋەلىخانوۋ پېتربۇرگ پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ئىشلىگەن، بۇ جەرياندا ئۇ ئۆزى توپلىغان بىرىنچى قول ماتېرىياللار ۋە كۆپلىگەن تارىخىي ھۆججەتلەر ئاساسىدا كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يازغان.

ياش ئالىمنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى ئىچىدە كىشىنى ئەڭ جەلپ قىلىدىغان ۋە ئۇيغۇرلارنى ئۆگىنىشتە يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بولغان ئەسىرى «قەشقەردە ئۆتكەن كۈنلەر» ناملىق ئەسلىمىلەر توپلىمىدۇر. بۇ ئەسەر رۇس تىلىدا نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر شۇناسلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ياۋروپالىق ۋە رۇسىيىلىك ئالىملار ئۈچۈن ئۇيغۇر خەلقى ھەققىدىكى تەتقىقاتىدا مۇھىم قورال بولۇپ خىزمەت قىلدى. ۋەلىخانوۋ قەشقەر ھەققىدىكى ئەسلىمىلىرىدە يەنە «ئالتە شەھەر» ۋە «كىچىك بۇخارا» دەپ ئاتالغان قەشقەرنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا، دېگەن ئېمىدا چوڭ بىر ئىلمىي دوكلات يېزىپ، پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە تاپشۇرغان (بۇ دوكلات ئېلان قىلىنمىغان).

(ئاخىرى 48-بەتتە)

# ئامانىنساخاننىڭ سەھرادىكى يۇرتى توغرىسىدا

ئابدىقادىر داۋۇت

ئامانىنساخاننىڭ يۇرتى توغرىلىق ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام تەتقىقاتى ساھەسىدە ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەر مەۋجۇت.

كۆپچىلىك تەتقىقاتچىلار ئامانىنساخان مەكىت ناھىيىسىنىڭ غاز كۆل يېزىسى قومۇش مەھەللە كەنتىدىن دېيىشمەكتە. بۇ قاراشنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا تۆرتكە بولغان سەۋەبلەر:

(1) «تەۋارىخى مۇسقىيۇن» دىكى «سۇلتان ئۆز ۋەزىر ئەسىر ۋە لەشكەرلىرى بىلەن پايتەختتى يەركەندىن ئاتلىنىپ چىقىپ، تارىم دەرياسىنى بويلاپ تېرىك ماكان دەشتىگە شىكارغا يۈزلەندى ۋە نەچچە كۈن شۇ ئەتراپتا بولدى. سۇلتاننىڭ كېچىلىرى دېھقانچە سادىدە كېيىملەرنى كىيىپ قونۇچى، مۇساپىر سۈپىتىدە سەھرا ياقىلىرىدىكى ئۆيلەردە غېرىۋانە قونىدىغان ۋە شۇ يول بىلەن ئەمەلدارلارنىڭ رەئىيەلەرگە زۇلۇم-سىتەم قىلغانلىقىنى تەكشۈرىدىغان ئادىتى بار ئىدى. بىر كۈنى سۇلتان شۇ يوسۇندا ئەكرەم ئاتلىق بىر مەھرىمى بىلەن بىر خارابە ئۆيگە قونۇچى سۈپىتىدە كىردى، بۇ ئۆي مەھمۇت ئاتلىق ئوتۇنچىنىڭ ئۆيى ئىدى، بۇ مەلىكە بولسا شۇ مەھمۇتنىڭ قىزى ئىدى.»

مەلۇم بولدىكى: بۇنىڭدا تارىم تەرك ماكان، مەخمۇت ئوتۇنچى ۋە ئەكرەم ئاتلىق ئابدۇرىشىتخاننىڭ مەھرىمى تىلغا ئېلىنغان، بىراق ئامانىنساخاننىڭ يۇرتى توغرۇلۇق شەپىمۇ بېرىلمىگەن. يۇقارقى ئىسىملار بويىچىلا ئامانىنساخان مەھەللىسىنى بېكىتكىلى بولمايدۇ، ئىككىنچى سەۋەب: مەكىت ناھىيىسىدىكى خانكۆل ۋە خان نامازدىگەن يۇرت ئىسىملىرى، سۇلتان ئابدۇرىشىتخان ئوۋ قىلىشقا كەلگەندە قويۇلغان ھەم ئامانىنسخان ياشىغان جاي «خانىم كۆل» دەپ ئاتالدى دېيىلدى.

بۇ توغرىدا مۇنداق ئىزاھ بېرىمىز: مەكىت ناھىيىسىدە خانكۆل (ھازىرقى بىر كەنت، بىر سۇ ئامبىرى شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ) خان ناماز (ھازىر بىر كەنت شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ) دېيىلىدىغان جايلار بار. بۇ ھەقتە «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يەر جاي ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە خان كۆلگە «بۇنىڭدىن تەخمىنەن 100 يىل ئىلگىرى بىر ئەمەلدار بۇ يەردىكى زەي كۆل بويىدا بىر مەزگىل تۇرغانلىقتىن شۇ نام بىلەن ئاتالغان» دەپ، خان ناماز توغرىسىدا «ئېيتىشلارغا قارىغاندا، خان غوجا ئىسىملىك بىر باي (خان غوجا ئاپپاق غوجىنىڭ چوڭ ئوغلى غوجايەھيانىڭ ۋە ئۇنىڭ نەۋرىسىنىڭ ھۆرمەت نامى ئىدى. شۇ بولۇشى مۇمكىن ــ ئا) بۇ يەردە ناماز ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن شۇ نام بىلەن ئاتالغان» دەپ چۈشەنچە بېرىلگەن.①

تارىخىي كىتابلاردا: 1633 ـ يىلى ئابدۇللاخان تۇرپاندىن يەكەنگە شاھلىق تەختىدە ئولتۇرۇش ئۈچۈن كېلىۋېتىپ خانكۆلگە كېلىپ قونۇپ ئۆتكەن ئورۇن②،خان ناماز ئابدۇللاخان ياكى خان خوجىنىڭ ناماز ئوقۇپ ئۆتكەن جاي. چۈنكى خان ناماز ۋە خان كۆل بۇرۇنقى مارالبېشى يولىنىڭ جەنۇبى تارمىقى ئۈستىدە ئىدى (ھازىرمۇ شۇنداق) . «تارىخىي رەشىدى» (زەيلى)نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئۆرلەشتۈرۈپ ئىشلىگۈچى كىشى ئامانىنساخانى نەزەردە تۇتۇپ «خان كۆل»نى «خانىم كۆل» دەپ يازغاچقا بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتچىلارنى قايمۇقتۇرۇپ قويغان بولۇشى مۇمكىن.

ئۈچىنچى سەۋەب: 1984-يىلى مەكىت ناھىيىسىدىكى بۇ قومۇلۇقتىكى توغراق تۈۋىدىن تېپىلغان ئەر كىشىنىڭ قەدىمقى يازىلىق چاپان ۋە كۆڭلىكى، مىس پۇل، ئوقيار، ئوقدان ... قاتارلىقلارنى «ئۇ نەرسىلەر سۇلتان ئابدۇرىشىتخاننىڭ» دەپ ماتېرىياللاردا ئېلان قىلىنىشى تەتقىقاتچىلارنىڭ يەنە بىر قېتىم بېنىكلىك بىلەن پىكىر قىلىشىغا سەۋەب بولدى.

تېپىلغان ئۇ نەرسىلەردە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىك ياكى بەلگۈ، ئىسىملار يوق بولۇپ، ھاللىقراق تۇرمۇش سەۋىيىدىكى

---

① شۇ كىتاب: 360-، 367-بەتلەر.

② مىرزا مەھمۇت جوراس «تارىخىي رەشىدى» (زەيلى) قول يازما كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىدىن.

ھەر قانداق كىشى ئىشلەتسە بولىۋېرىدىغان نەرسىلەر ئىدى. نىزامىددىن ھۆسەيىننىڭ كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي ئۇچىرىنكىلىرى» ناملىق ماقالىسىدىكى «سەئىدنامە» ناملىق كىتابتىن نەقىل كەلتۈرگەن «شاھ تاتارلىق چوكان سىكىلىك خاتۇن ئامەتلىرى ئاسمانغا ئۆرلەپ رەشىل ئەزىم بىلەن ... » دېگەن ① جۈملىدىن ئامانىنساخانىنىڭ سەھرادىكى يۇرتىنى بىلىشكە مۇۋەپپەق بولدۇق.

تاتار-تارىم دەرياسى (دەريانىڭ يەكەنگە تەۋە قىسمى ھازىر يەكەن دەرياسى ياكى زەرەپشان دەرياسى ئاتىلىدۇ) نىڭ جەنۇبى، قۇملۇق (تەرك ماكان قۇملۇقى)نىڭ غەربىنىڭ شىمالىي بۆرجىكى تەرىپى ئوتتۇرىسىدىكى تۆۋەنكى بەشكەنت (ھازىرقى بەشكەن بازىرى)نىڭ غەربى، يۇقىرىقى بەشكەنت (ھازىرقى ئىنگەچى بازىرى)، تاتار (ھازىرقى قارا سۇ يېزىسى) قاتارلىق جايلارنىڭ جۇغراپىيىلىك نامى بولۇپ، بۇ يەنىقا يۇقىرىقى تاتار، تۆۋەنكى تاتار، تاتارساڭ، تاتار-قاسقىما قاتارلىق تاتار ئىسمىغا مەنىداش مەھەللىلەر بار.

شاھ تاتار (شاخ تاتار) يۇقىرىقى تاتارنىڭ ئەڭ بېشىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى، شۇ يۇرتتىكىلەر بۇ يۇرتنى شاخلىق دەپ ئاتىشىدۇ، قوشنا يۇرت، مەھەللىلەردىكى كىشىلەر «شاخ تاتار» دېيىشىدۇ. شاھ تاتار 1952-يىلى بىر سۇڭ (كەنت) بولغان. 1953-يىلى شاھ تاتار كەنتنىڭ ئىككى مەھەللىسى قاغىلىق ناھىيە جاڭگال ئەسكى يېزىسىنىڭ قارا دۆڭ كەنتىگە قوشۇۋېتىلگەن. قالغان ئۈچ مەھەللىسى يەكەن ناھىيىسى ئىنگەچى يېزىسىنىڭ شاپتۇللۇق كەنتىگە قوشۇۋېتىلگەن. ئىنگەچى يېزىسىدىن قارا سۇ (كونا تاتار) ئايرىلىپ يېزا تەسىس قىلىنغاندا قارا سۇ يېزىسىغا (تاتار يېزىسىغا) تەۋە بولغان.

قاغىلىق ناھىيىنىڭ جاڭگىلى ئەسكى يېزا قارا دۆڭ كەنتى بىلەن يەكەن ناھىيىسىنىڭ قارا سۇ يېزىسى شاپتۇللۇق يېزىسى تۇتاشقان جايدىكى ئىسمى يوقالغان شاھ تاتار مەھەللىسى ئامانىنساخانىنىڭ سەھرادىكى يۇرتىدۇر.

شاھ تاتار مەھەللىسى قاغىلىق ناھىيىسى، يەكەن ناھىيىسى، پوسكام ناھىيىسى چېگرىسى ئۈستىگە جايلاشقان، پوسكام ناھىيىسى تېزناپ دەرياسى بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. بۇ يۇرتنىڭ شىمالىي قۇملۇق بولۇپ، قۇملۇقنىڭ 7 كىلومېتىر ئىچكىرىسىدە كۆك شاھ دېگەن يۇرت بار، 51 ئائىلىلىك كىشى بار (ئەسلى بىر باينىڭ يايلىقى بولغان)، 1958-يىلدىن كېيىن كىشىلەر كۆچۈپ بېرىپ بىنام دەپ ئاتالغان، بۇ جايدىكى «شاخ» دەرەخ شېخى، دەرەخلىك مەناسىدىكى سۆز.

شاھ تاتارنىڭ ئەتراپىدىكى قۇملۇق، سازلىق، ۋە توغراقلىقلاردا توشقان، ئۆدەك، كىيىك، تۈلكە، قىرغاۋۇل، ياۋا توڭگۇز، كەكلىك، ياۋاغاز، ئۇقا، تۇرنا، بېلىق ئالغۇچ قاتارلىق ھايۋان ۋە قۇشلار بار مەھەللىسىنىڭ شىمالىدا تىزناپ دەرياسى قىش، ياز توختىماي ئېقىپ تۇرىدۇ.

شاھ تاتار (شاخ تاتار) مەھەللىسىنى ئامانىنساخانىنىڭ سەھرادىكى يۇرتى دېيىشىمىزدىكى سەۋەپ:

نىزامىددىن ھۆسەيىن «سەئىدنامە»دىن نەقىل لەكتۈرگەن شاھ تاتار مەن ئوتتۇرىغا قويغان جايدۇر. ھازىرقى شاپتۇللۇقتا ياشاپ ئۆتكەن ئابدۇللا ناسىر (يېقىندا ئۆلۈپ كەتتى)، تۇرسۇن تۇردى ساقلىغان 1919-يىلى يېزىلغان بىر ھۆججەتتە «شاخ تاتار كەنتىدىن» دەپ يېزىلغان (ھۆججەت قوشۇمچە بېرىلدى). مەلۇم بولدىكى شاخ تاتار يەكەن ناھىيىسىدىكى شاپتۇللۇق بىلەن قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ قارا دۆڭ كەنتى ئوتتۇرىسىدىكى قەدىمىي كەنت.

2. شاپتۇللۇق كەنتى بىلەن شاخ تاتار كەنتى تۇتاشقان جايدا $300m^2$ لىق بىر مەيدان بار، مەيداننىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىرەك بەش تۈپ غۇژمەك قاپاق تېرەك بار (بۇ تېرەكلەر بۇرۇنقى تېرەكنىڭ يىلتىزىدىن كۆكلىگەن)، تېرىكنىڭ شىمال تەرىپىدە يەتتە مېتىر يىراقلىقتا ئاق يانتاق بىلەن چۇمكەلگەن ياغاچ رىشاتكا ئىچىگە ئېلىنغان 5 كۋادرات مېتىر دائىرىدىكى 0.50 مېتىر ئېگىزلىكتە توپا دۆۋىسى بار، بۇ دۆۋىلۈك شېھىتلىق دېيىلىدۇ. بۇرۇنسىدا تېرەك يۇمىلاق سۇپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تېلىنغان بولۇپ، بۇ سۇپىدا 70 يىل ئىلگىرى ھەر يىلى ھىجرىيىنىڭ ھۆشۇر (مۇھەررەم) ئېيىدا (ھىجرىيە يىلىنىڭ 1-ئېيى، يىل بېشى) خوتەن، قارىقاش، قاغىلىق، پوسكام، يەكەن، قەشقەر، يېڭىسار، مەكىت، مارالبېشى ... قاتارلىق جايلاردىن ئەر-ئايال مەشھۇر سازەندە، ناخشىچى، ئۇسسۇلچىلار سازلىرىنى ئېلىپ كېلىشىپ، ئۆگەنگەن، ئىجاد قىلغان سەنئەت نومۇرلىرىنى بىر ئاي كۆرەك قىلىشقان ئىكەن، بۇ پائالىيەت ھەر يىلى ھۆشۇر ئېيىدىلا ئېلىپ بېرىلغان.

دېمەك، بۇ سەنئەت ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىنىڭ قەرەلىك، دائىم ئېلىپ بېرىلىشىدىن قارىغاندا، كۆرەكنىڭ دەسلەپكى شەكىللىنىش دەۋرىدە، ھەممە يۇرت سەنئەتكارلىرى بىردەك ئىشتىراپ قىلغان كامالەتكە يەتكەن سەنئەتكارلار

① «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 1988-يىل 4-سان.

بۇ يۇرتتا تۇرغان، مەشھۇر سەنئەتكار يۇسۇپ قېدىر [1] ئۇردىدىن كۆڭلى قېلىپ (سۇلتان ئابدۇرشىتخان پادىشاھ بولغان ۋاقتىدىكى كۆڭۈلسىز ۋاقىتلار بولۇشى مۇمكىن)، سۇفزىمچىلار ۋە ئەمەلدارلارنىڭ كۆزىدىن يىراق (پادىشاھ ئىنئام قىلىپ بەرگەن زېمىن تاتاردا ئىدى 1534-يىللىرى) ئۆز قەۋمى ئورۇنلاشقان شاخ تاتارغا چىقىپ ئورۇنلاشقان، ئۇنى شاگىرتلىرى تەرەپ-تەرەپتىن ئىزدەپ كېلىپ بۇ جاينى ناخشا-مۇقام ئوچىقىغا ئايلاندۇرغان.

مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى شېھىتلىق مازار ھەققىدە ھەر خىل گەپلەر بار.

بەزىلەر-بۇ مازار بۇرۇندىن تارتىپ باركەنمىش دېيىدۇ، بەزىلەر بىر قىسىم كىشىلەرگە ھەر خىل كېسەل چاپلىشىپ قالغاچقا بۇ جايدا شېھىت بار كەن دەپ مازار قىلغان دېيىدۇ. يەنە بەزىلەر، تۆككەن سوقۇشى بولغاندا، تۆككەن ئەسكىرىدىن بىرنى ئۇلار ئۆزى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ مۇشۇ جايغا كۆمگەن، شېھىتلىق بولغان دېيىدۇ.

ھازىر بۇ مازار ھەققىدە بىر گەپ قىلماق تەس.

3. شاخ تاتار (ھازىر شاپتۇللۇق كەنتكە تەۋە) مەھەللىسىدە ھۆسۇيۇن راۋاپ (ئىلگىرى مەكىت راۋىپى چالغانكەن) 90 ياشتىن ئارتۇق، ھېكىم مەزىن 60 يىلش، ئىمىن مۇھەممەت سىيىت 80 يىلش، ئابدۇللا ئاسىر 70 يىلش قاتارلىق 20 نەپەر مۇقامچى ۋە سازەندىلەر بولۇپ قوشنا ناھىيە، يۇرتلارغا تەكلىپ بىلەن بېرىپ ئولتۇرۇشلارغا قاتنىشىدىكەن.

قاپاق تېرەك قېشىدىكى مەيداننىڭ شىمال تەرىپىدە 50 مېتىر يىراقلىقتا تاتار ئۆستىڭى (بۇرۇنقى ھالىتى شۇنداق ئىدى)، ئۆستەڭ بويىدا تېرەكلەر بولغان (ھازىرمۇ دەرەخلەر كۆپ) شەرق تەرىپىدە مەسچىد ۋە مازارلىق بار، غەرب تەرىپىدە دېھقانلارنىڭ ئۆيى بار.

ئەھۋال تونۇشتۇرغۇچىلار ئابدۇللا نىسىر 70 يىلش، ئىمىن مۇھەممەت سىيىت 80 يىلش.

ئامانىساخاننىڭ يۇرتى، ئامانىساخاننىڭ ئىسمىنى بىلگىنىمىزدىن باشلاپلا ھەر ساھە كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتقاندى ھەم تەتقىقاتچىلارنىڭ قىزىقىدىغان تېمىسىغا ئايلاندى. «شاھ تاتار»نىڭ پايتەخت يەركەندىن قانچىلىك يىراقلىقتا ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن، شۇ زاماندىكى پادىشاھلارنىڭ قەيەرگە ئوۋغا چىقىدىغانلىقىنى تارىخ كىتابلىرىدىن ئىزدەشكە توغرا كېلىۋاتىدۇ. «سۇلتان ئەخمەتخان بەش كۈنلۈك ئوۋ قىلىش ئۈچۈن تاتارىستانغا (يەنە بىر كىتابتا تاتار تىلسىما يېزىلغان) بارغان ئىدىلەر، نەزەر مىرزا شەھەردە قالغان ئىدى. مىرزا ئابابەكرى سەھرادا بۇ نەۋەرنى ئىشتىپ كېچىسى ئىلىتا شەھەرگە كىردى. نەزەر مىرزىنى تۇتۇپ ئۆلتۈردى، تاڭ ئاتتى بۇ خەۋەر خانغا ئاڭلاندى» [2] بۇ سۆزلەردىكى «تاڭ ئاتتى، بۇ خەۋەر خانغا ئاڭلاندى» دېگەن جۈملە يەكەن شەھىرى بىلەن تاتارىستاننىڭ ئارىلىقىنىڭ يېقىنلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

يەكەن شەھرىنىڭ جەنۇبىدىكى چارباغ يېزىسى (بۇرۇن ئوتانچىلىق دېيىلەتتى)نىڭ تەۋەسىدە بارچۇق (بالچىق-پاتقاقلىق) دېيىدىغان ئوۋ قىلىشقا ئەپلىك جاي بولۇپ، بۇ جايدا بالچۇق ئۆستەڭ دېگەن بىر ئېقىننىڭ بارلىقىنى پېشقەدەملەر بىلىشىدۇ. يەنە بىر تەرىپى يەكەن شەھرىنىڭ جەنۇبىدىكى ماچاڭدىن باشلاپ دەرياغا تۇتاشقىچە توغراقلىق ئىكەنلىكىنى، پېشقەدەملەر بىلىشىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن بىلىۋېلىش مۇمكىنكى يەكەن خانلىقى ۋاقتىدا يەكەن شەھرىدىكى پادىشاھ ئەمەلدارلار ئوۋغا چىقسا تاتارغا (يەكەن شەھرى بىلەن ئارىلىقى 26 كىلومېتىر) ياكى بارچۇق (يەكەن شەھرى بىلە ئارىلىقى 9.5 كىلومېتىر) قاتارلىق جايلارغا چىقاتتى. (بۇ جايدىكى بارچۇق ـ مارالبېشى ئەمەس).

تەكشۈرۈش ئەھۋالى ۋە يازما ھۆججەتلەرگە ئاساسەن مۇقامشۇنلىس شائىرە، ئامانىساخاننىڭ يۇرتى قارا دۆڭ كەنتى بىلەن شاپتۇللۇق كەنتى ئوتتۇرىسىدىكى نامى ئۇنتۇلغان «شاخ تاتار» كەنتىدۇر دەپ قاراش پاكىتقا ئۇيغۇن ئىلمىي يەكۈندۇر. ئەپسۇسلىنىشقا تېگىشلىكى ھازىرمۇ بەزىلەر يەنە مەكىتتىكى قۇمۇش مەھەللە كەنتىنى شاھ تاتار (شاھ تارتىدۇ يەنى ئامانىساخاننى شاھ تارتىدۇ دېگەن مەنىدە تەبىر بېرىدۇ)غا ئۆزگەرتىپتۇ «دولان مۇقاملىرى-2» دېگەن كىتابقا قارالسا)، بۇنداق ئالاجوقلىقنى ئىلمىي خادىملار ئۆزىگە يۇقتۇرۇۋالماسلىقى كېرەك.

---

① بۇ ھەقتە ئايرىم بىر ماقال يازغانىدىم.

② «مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلى تەزكىرىسى»دىن.

# چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى

غەيرەتجان ئوسمان

## 1) 1759 — 1864-يىللار ئارىلىقىدىكى ئەدەبىيات

بۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ 1959-يىلى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن باشلاپ، 1864-يىلىدىكى كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىغانغا قەدەر بولغان ئارىلىقتىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ دەۋر ئەدەبىياتى جۇڭغارلار — خوجىلار ھۆكۈمرانلىقى مەزگىلىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىلەن بەزى تەرەپلەردە ئورتاقلىققا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك بۇ دەۋر ئەدەبىياتى ئىدىيىۋى مەزمۇن ۋە بەدىئىي شەكىل جەھەتتە ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە سېلىشتۇرغاندا زور دەرىجىدە بېيىغان ۋە تەرەققىي قىلدى. بۇلارنى كونكرېت بايان قىلساق مۇنداق نۇقتىلار ئارقىلىق ئۇچۇقلاشتۇرالايمىز.

بىرىنچى، ئەدىبلەر قوشۇنى زورايدى. ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىن نۇرغۇن ئاپتورلار يېتىشىپ چىقتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە مۇھەممەد سادىق قەشقەرى، ئابدۇرېھىم نىزارى، موللا نىياز، قەلەندەر، زىيائى، زوھورى، قۇسۇرى، بەرشىدى، شائىر ئاخۇن، موللا يۇنۇس يەركەندى، غېرىبى، سەبۇرى، مىسكىن، سالىھى، ئىمىنى، سەدائى، ئىبراھىم ئىبنى يۇسۇپ خوتەنى، ئىسمائىل بەگ، خىسلەت، ئەھمەد شاھ قارىقاشى، خۇشھال غېرىبى، موللا نىياز ئاشىقى، موللا قۇربان قاتارلىق كۆزگە كۆرۈنەرلىك شائىرلار بار.

بۇ دەۋردە يەنە ئەدىبلەرنىڭ ئىدىيىۋى خاھىشچانلىقىدا بىر قەدەر ئېنىق ئۆزگىرىش بولدى. كۆپچىلىك ئاپتورلار ئېزىلگۈچى ئەمگەكچى خەلق مەيدانىدا تۇرۇپ ئەسەر يازدىغان، شۇلارنىڭ مۇڭ زارىنى ئىپادىلەيدىغان گەۋدىلىك ھالدا ئىپادىلەندى.

ئىككىنچى، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ھەجمى كۆپەيدى. ژانىر، شەكىل جەھەتتە ھەر خىل بولدى. مۇشۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىي يادىكارلىقلار ئىلگىرىكى ھەر قانداق دەۋردە مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىي يادىكارلىقلارغا سېلىشتۇرغاندا سان جەھەتتە كۆپ، ھەجمى چوڭ، تېمىسى خىلمۇ خىل، مەزمۇنى رەڭگا-رەڭ ئەسەرلەر بولۇپ قالدى. بۇ دەۋردىكى يىرىك ئەسەرلەر ئىچىگە «نىزارى لىرىكىلىرى»، «غېرىبى مۇخەممەسلىرى»، «دىۋانى قەلەندەر»، «دىۋانى سەدائى»، «دىۋانى زوھورى»، «دىۋانى سەبۇرى»، «دىۋانى ئىمىرى»، «دىۋانى بىنىشان»، «دىۋانى نىيازى»، «دىۋانى تەجرىد»، «گۇللىيات خەستە» قاتارلىق لىرىك شېئىرلار توپلىمى، «مۇھەببەت داستانلىرى» («غېرىبلەر ھېكايىتى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، (بۇنىڭغا ئابدۇرېھىم نىزارى، زىيائى ۋە تۆردۈش ئاخۇن غېرىبى قاتارلىق شائىرلارنىڭ «رابىئە-سەئىدىن»، «زادۇل نەجاد»، «ھېكايەتى غېرىب»، «مەھزۇن-گۇلنىسا»، «چاھار دەرۋىشى»، «لەيلى-مەجنۇن»، «مەسئۇد-دىلئارا»، «ۋامۇق-ئۇزرا»، «مۇھزىنۇل ۋاھىزىن»، «كىتابى غېرىب»، «بەھرام گور» قاتارلىق ئون نەچچە داستان كىرگۈزۈلگەن.)، «تۆت ئىمام تەزكىرىسى»، «خوتەن قىسسىسى»، «رۇمۇزەتۇل زوھرا»، «ئىسلامنامە»، «مۇھەببەتنامە»، «جەڭنامەئى ھەزرەتى ئەلى»، «رەۋزە تۇششۇھەدا»، «مەنتىقۇتتەير»، «سالامنامە» («ئات ھەققىدە مۇخەممەس»)، «مەزلۇملار ئاھى»، «ئەررىبىەت»، «تۆتنامە»، «بازنامە»، «مەنسۇر» قاتارلىق ئەخلاقىي-پەلسەپىۋى داستانلار يېزىلدى.

ئۈچىنچى، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئىدىيىۋىلىكىدە خېلىلا ئېنىق ئۆزگىرىش يۈز بەردى. ئەسەرلەردە مىللىي ۋە سىنىپىي زۇلۇمنى، يەنى خەلق قوزغىلاڭلىرىنى ئۇخشىمىغان ئۇسلۇپ بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈش، ئېزىلگۈچى خەلقنىڭ ئىسيانكارلىق، ھۆرلۈك خاھىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە مۇھەممەد سادىق كاشغەرى، زوھورى، موللا توختى، خۇشھال غېرىبى، دىلبەر دورغە، ئابدۇرېھىم نىزارى، شائىر ئاخۇن قاتارلىقلارنىڭ جاسارىتى يۇقىرى بولدى. كۆپچىلىك شائىرلار گۇمانىزم (خەلقچىللىق)، مەرىپەتچىلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ تەسۋىرلىدى. رېئال تۇرمۇش ئىستېتىكىسى بىلەن غايىۋى ھايات مۇۋەققەلەرى چىن ھېسسىيات ۋە يۇقىرى بەدىئىي دىت ئارقىلىق ئوبرازلىق ئەكس

ئەتتۇرۇلدى.

تۆتىنچى، ئەدەبىي ئىجادىيەت مېتودىدا ئۆزگىرىش روشەن بولدى. يەنى رومانتىزم، رېئالىزم، سىمۋولىزمدىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى ئىجادىيەت مېتودى ئىزچىل ۋە ئۈنۈملۈك قوللىنىلغاندىن سىرت تەنقىدىي رېئالىزم خىلى مېتود سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى. بىر مۇنچە يازغۇچىلار، مەسىلەن، مۇھەممەد سادىق كاشغەرى، ئابدۇرېھىم نىزارى، زوھۇرى قاتارلىقلار-نىڭ ئەسەرلىرىدە بۇ نۇقتا ناھايىتى روشەن ئىپادىلەندى.

بەشىنچى، كلاسسىزملىق ئەدەبى ئېقىم بۇ دەۋردە ئاساسىي ئېقىم بولدى. بۇ يەردە كلاسسىزمنىڭ نېمە ئىكەنلىكى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىششقا توغرا كېلىدۇ. مەلۇمكى، كلاسسىزم ياۋروپا ئەدەبىي ئويغىنىش ھەرىكىتىدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن ئەدەبىي ئېقىم بولۇپ، ئۇ ئەدەبىيات-سەنئەت نەزەرىيىسى ۋە ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە قەدىمكى دەۋردىكى يۇنان-رىم ئەدەبىيات-سەنئىتىنى ئۈلگە قىلىشنى تەشەببۇس قىلغاچقا «كلاسسىزم» دەپ ئاتالغان. نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەريانىدا قەدىمكى دەۋردىن ئاشلىق يوسۇندا ئۆگىنىش كلاسسىزمنى مەيدانغا كەلتۈرگەن مۇھىم مەدەنىي ۋە تارىخىي شەرت ھېسابلىنىدۇ. كلاسسىزمچىلار ئىدىيە جەھەتتە ئەقىل-ئىدراكقا چوقۇنىدۇ؛ ئۆز-ئۆزىنى ئىدارە قىلىشنى تەكىتلەيدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە فېئوداللىق مۇستەبىتلىككە ۋە دىنىي ئەقىدىگە قارشى تۇرىدۇ؛ بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىرادىسىگە ملس كەلمەيدىغان فېئوداللىق قائىدە-يوسۇننى تەنقىد قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىدىيە جەھەتتە ئىككى ياقلىملىقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار ئىجادىيەت ۋە نەزەرىيە جەھەتتە قەدىمكىنى دوراشنى، مىللىي، يەرلىك تىلنى قوللىنىشنى، ئىجادىيەت پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى ۋە شۇ ئارقىلىق ئىستىبىتىك مۇكەممەللىككە ئىنتىلىپ، فېئودال ئاقسۆڭەكلەر ئەدەبىياتىنىڭ ياسالمىلىقىغا قارشى تۇرۇپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ مەلۇم خاھىشى ۋە ئارزۇسىنىڭ ئەگرى-توقايلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇ ئەينى دەۋردىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش قىياپىتىنى بەلگىلىك دەرىجىدە ئىنكاس قىلغان بولۇپ، رېئالىستىك ئامىلغا ئىگە.

كلاسسىزم غەربىي ياۋروپادا بارلىققا كەلگەن بىر خىل ئەدەبىي ئېقىم بولسىمۇ، لېكىن، ئىنسانىيەت ئەدەبىيات تارىخىدىكى بىر مۇنچە بەدىئىي مېتود ۋە ئەدەبىي ئېقىملار ھەر قايسى خەلقلەر ئەدەبىيات تارىخىغا نىسبەتەن ئورتاق بولغىنىدەك، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىمۇ ياۋروپا ئەدەبىياتىدىن مۇستەسنالىسىز شەكىللەنگەن ياكى بارلىققا كەلگەن كلاسسىزم ئېقىمى بار بولغان. بۇ خىل ئېقىمنى شۇ نەرسە ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇكى، جۇڭغارلار - خوجىلار دەۋرىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئالدىنقى مەزگىللىرىدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنىڭ بىر قىسمى نەۋائى قاتارلىق ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرىگە تەقلىد قىلىش، دوراش بويىچە بىر خىل ئەدەبىي ئېقىمنى شەكىللەندۈرگەن. لىرىك شېئىرلاردىن تارىخىي داستان، تەزكىرىلەرگىچە، تىل، ئۇسلۇپ، ئىدىيىۋى خاھىشلارغىچە بولغان تەرەپلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك بۇ خىل ھادىسىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، موللا فازىلنىڭ «لەيلى-مەجنۇن» ، ئا. نىزارىنىڭ «پەرھاد-شىرىن» ، «لەيلى-مەجنۇن» ، تۇردۇش ئاخۇن غېرىبىنىڭ «بەھرام گور» ، سەبۇرىنىڭ «ماقالات» ، ئىبراھىم ئىبنى يۈسۈپ خوتەنىنىڭ «مەنتىقۇتتەير» قاتارلىق داستانلىرى ئۇلۇغ شائىر نەۋائىنىڭ داستانلىرىنى ئۈلگە قىلىش ئاساسىدا يېزىلغان. ئا. نىزارى، زوھورى ۋە موللا قۇربانلار نەۋائى لىرىكىلىرىنىڭ تىل ئۇسلۇبى، شەكىل قۇرۇلمىسى ۋە ئىستېتىك غايىسىغا جىپسىلاشتۇرۇپ، تەخمىسلەر باغلاپ مۇخەممەسلەر يېزىشقان. زەلىلى، گۇمنام، نەۋائى لىرىكىلىرىنىڭ ھەر قايسى بەھرلىرىگە تەقلىد قىلىپ شېئىرلار يازغان. ئۆمەر باقى، موللا سىدىقلار «خەمسەنەۋائى» ئىچىدىكى داستانلارنى تاللاپ، نەسرىي شەكىلگە سېلىپ قايتا ئىشلەپ چىققان. موللا يۇنۇس يەركەندى شەرق مۇسۇلمان ئەدەبىياتىدىكى «يۈسۈپ-زىلەيخا» سيۇژىتى ئاساسىدا «مۇھەببەتنامە» مەۋزۇسىدا چوڭ داستان يارىتىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. دېمەك بۇ خىل ئەدەبىي ھادىسىلەرنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا خاس «كلاسسىزم ئېقىمى» دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

ئالتىنچى، بۇ دەۋردە ئەدەبىي ئىجادىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قامۇسچىلىق ئېقىمى قايتىدىن بارلىققا كەلدى. تارىختىن شۇ نەرسە مەلۇمكى، قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادا مۇھەممەد خارەزمى، بىرۇنى، پەرغانى، فارابى، ئىبنى سىنا، مەھمۇد كاشغەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاتارلىق قامۇسىي مۇتەپەككۇر ۋە بىر قاتار قامۇسىي ئەسەرلەر مەيدانغا كەلگەن. غەربىي ياۋروپادا بولسا X V I ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى فىرانسىيە ئىنقىلابى دەۋرىدە قامۇسچىلاردىن تەشكىللەنگەن بىر ئۇيۇشما بارلىققا كەلگەن. قامۇسنىڭ مەسئۇل تەھرىرى ماتېرىيالىزمچى دىدېرو ئىدى. غەربىي ياۋروپانىڭ قامۇسچىلىق ئېقىمى شۇ يەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مۇھىتى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. ئۆزىگە خاس ئىدىيىۋى سىستېمىغا ئىگە، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن. ئېنگېلس بۇ قامۇسچىلار تۇزگەن

«قامۇس»نىڭ تارىخىي ئەھمىيىتىگە باھا بېرىپ مۇنداق دەپ يازغان ئىدى. «فرانسىيە ماتېرىيالىستلىرى ئۆزلىرىنىڭ تەنقىدىنى دىنىي ئېتىقاد مەسىلىسى بىلەن چەكلەپ قويمىدى؛ ئۇلار تەنقىدىنى ئۆزلىرى ئۇچراتقان ھەر بىر ئىلمىي ئەنئەنە ياكى سىياسىي مۇئەسسەسىگىچە كېڭەيتتى؛ ئۆز تەلىماتىنى ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىشقا بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بولسا ئۇلار ئەڭ ئاسان يولنى تاللىدى؛ ئۆزلىرىنىڭ داڭقىنى چىقارغان چوڭ ئەسەر «قامۇس»تا ئۇلار بۇ تەلىماتنى بىلىمنىڭ جىمىكى ئوبيېكتلىرىغا دادىللىق بىلەن تەدبىق قىلدى. شۇنداق قىلىپ، ماتېرىيالىزم ئۆزىنىڭ ئىككى خىل شەكلىنىڭ بۇنداق ياكى ئۇنداق شەكلى — ئاشكارە ماتېرىيالىزم ياكى تەبىئەت ئىلاھچىلىقى شەكلى بىلەن، فرانسىيىدىكى بارلىق ئوقۇمۇشلۇق ياشلارنىڭ ئەقىدىسى بولدى.» [1] لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قامۇسچىلارنىڭ ھېچقايسىسى بۇرژۇئا ئىدېئولوگىيىسىنىڭ دائىرىسىدىن چىقىپ كېتەلمىدى. ئۇلارنىڭ «ئەقىل ئالىمى» غايىۋىلەشتۈرۈلگەن بۇرژۇئا ئالەمدىن باشقا نەرسە ئەمەس. قامۇسچىلار فېئوداليزم ۋە كاتولىك دىنىي جەمئىيىتىگە دۈشمەنلىك بىلەن قارىغانلىقتىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى ئۇلاردىن بىر مۇنچىلىرى جازاغا ھۆكۈم قىلىندى. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى كۆيدۈرۈۋېتىلدى فرانسىيە كومپارتىيىسى ئەكسىيەتچىلەرگە قارشى كۈرەشتە قامۇسچىلارنىڭ تارىختىكى ئىلغارلىق رولىغا ناھايىتى يۇقىرى باھا بەردى. XIX ئەسىرنىڭ ئالدى كەينىدە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بارلىققا كەلگەن قامۇسچىلىق شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي مۇھىتى، ئىدېئولوگىيە-مەدەنىيەت ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، غەربىي ياۋروپا قامۇسچىلىرىدەك نەچچە ئون، ھەر خىل كەسىپكە پىششىق ئالىملاردىن ئۇيۇشقان، ھەجىم جەھەتتە نىسبەتەن چوڭ، بىلىم تارماقلىرى كۆپ خىل، تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ بىر قەدەر ئالغا كەتكەن تەرەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان «قامۇس»لىرىغا سېلىشتۇرغاندا تەگمۇ-تەڭ سەۋىيىلىك بولالمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ غەربىي قىسىم رايونىنىڭ قومۇسچىلىق تارىخىدا كۆرۈنەرلىك ھەسسە بولۇپ قوشۇلغانلىقىدا شۈبھە يوق. بۇ دەۋردە يېتىشىپ چىققان بىر مۇنچە مۇئەللىپلەر كۆپ تەرەپلىمە بىلىم، جۈملىدىن تەبىئىي پەن، ئىلاھىيەت، ئەخلاقشۇناسلىق مائارىپشۇناس-لىق، مۇسقا (مۇزىكا) ئاسترونومىيە قاتارلىقلارنى ئۆگىنىپ، شۇ ساھەدە قامۇسى ئەسەرلەرنى يازغان. بۇنداق ئەسەرلەرگە مۇھەممەد سادىق كاشغەرى، قۇدبىدىنشاھنىڭ ئەسەرلىرى، مۇھەممەد ئېۋەز قاراقاشنىڭ «مەجمۇئەتۇلئەھكام»، مۇجىزىنىڭ «تەۋارىخىي مۇسقىييۇن»، غېرىبنىڭ «كىتابى غېرىب»، ھەيئەتنىڭ «ئەزا تاراتماقنىڭ بايانى»، ئابدۇرېھىم نىزارى زىيائى، غېرىبلەرنىڭ «غېرىبلەر ھېكايىتى» قاتارلىق كىتابلىرى ئېنىق مىسال بولىدۇ.

مۇھەممەد سادىق كاشغەرى ئۆز زامانىسىنىڭ ئېنسىكلوپېدىك ئالىمى بولۇپ، ئۇ تارىخ، ئەخلاق، دىن، پېداگوگىكا قاتارلىق ساھەلەرگە ئالاقىدار ئون نەچچە پارچە ئەسەر يازدى. قۇدبىدىنشاھ (1760 — 1866) كاتتا دىنىي ئالىم، تىۋىپ ۋە شائىر، مىسىر، ئەرەبىستانلاردا ئوقۇغان، ئۇيغۇر، ئەرەب، ئوردۇ تىللىرىنى ئىگىلىگەن. تەكلىپكە بىنائەن پاكىستان، ھىندىستان، ئافغانىستان، ئىران، ئىراق، ھىندونېزىيە، بۇلغارىيە قاتار قاتارلىق ئون نەچچە دۆلەتكە بېرىپ كېسەل داۋالىغان. ئۇ توققۇز يېشىدىن باشلاپ شېئىر يېزىشقا كىرىشكەن «رىسالەئى ئىرشادۇسسالىكىن»، «ساقىنامە»، «تىل ئىسمى ئىشق»، «ھېببىل بەھر»، «مەرىفەتكەلىمە شېرىپ»، «شېرىكنامە پەلەك» قاتارلىق كىتابلارنى يازغان، ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇنىڭ يازغان كىتابى 777 پارچىغا يەتكەن. مۇھەممەد [2] سادىق كاشغەرى ۋە قۇدبىدىنشاھ قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى يەككە ئەسەرلەر بولسىمۇ، ئۇلارنى كىرىشتۈرۈپ، سىستېمىلاشتۇرىدىغان بولسا كاتتا «قامۇس»قا ئايلىنىشىدا گەپ يوق. ئۇيغۇر قامۇسچىلىق ھەرىكىتىنىڭ ياۋروپا قامۇسچىلىق ھەرىكىتىدىن مۇنداق پەرقلىنىدىغان تەرەپلىرى بار. ئۇيغۇر قامۇسچىلىرى بىر جەمئىيەتكە ئۇيۇشالمىغان؛ يازغان ئەسەرلىرى بولسا يەككە پەندىن تەركىب تاپقان؛ ئۆزلىرى يازغان ئەسەرلەرنى قامۇس دەپ ئاتىمىغان؛ دىنىي ئەقىدىلەرگە بىۋاسىتە قارشى تۇرمۇشتىن ئۆزىنى چەتكە ئالغان.

ئۇيغۇر قامۇسچىلىرىنىڭ ئاساسلىق تۆھپىسىنى شۇنداق خۇلاسىلاشقا بولىدۇكى، ئۇلار تۆرلۈك پەنلەرنى ئىگەللىدى ۋە ئۆزلىرى يالغۇز ھەر خىل ئەسەرلەرنى يازدى؛ تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدە يېڭى كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى؛ فېئوداليزمنىڭ ئىچكى زىددىيەتلىرىنى بەلگىلىك دەرىجىدە ئېچىپ تاشلىدى. خەلقنىڭ ھۆرلۈككە ئىنتىلىش ئارزۇلىرىنى ئىپادىلەپ بەردى.

(داۋامى بار)

---

① ئېنگېلس «سوتسىيالىزمنىڭ خىيالدىن پەنگە راۋاجلىنىشى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 51-، 52-بەتلەر.

② ئا. ئالىم «قۇدبىدىنشاھ ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ھەققىدە»، «شىنجاڭ گېزىتى»، 1993-يىلى 3-ئاينىڭ 16-كۈنىدىكى سانىغا قارالسۇن.

www.uyghurkitap.com



# ئۇيغۇرلارنىڭ ئاھالە ساپاسىغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان مائارىپ ۋە ئىقتىسادىي ئامىللار ئۈستىدە تەھلىل

ئىلھام توختى

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاھالىسىنىڭ ساپاسى مەسىلىسى نۇرغۇنلىغان زاتلارنىڭ جىددىي ئېتىبارىنى قوزغىدى، ئىلىم ساھەسىدىكىلەر بۇ مەسىلىگە بولغان تەتقىقاتنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتتى، نوپۇسنى تىزگىنلەپ ئاھالىنىڭ ساپاسىنى ئۈستۈرۈش مەملىكىتىمىزنىڭ نوپۇس تەرەققىياتى ستراتېگىيىسىنىڭ يادرولۇق مەزمۇنى سۈپىتىدە سىياسەت بەلگىلەش ئورگ ـ نلىرى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلدى ھەمدە دۆلەتنىڭ توپ سىياسىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىندى، مەملىكىتىمىزدە 1982-يىلى ۋە 1990-يىلى مەملىكەت بويىچە ئىككى قېتىم ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. بۇ ئىككى قېتىملىق تەكشۈرۈشنىڭ دائىرىسى كەڭ، ستاتىستىكا قىلىنغان مەزمۇنى تولۇق بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇس مەسىلىسى ئۈز ئىچىگە ئالغان مول ماتېرىيالغا ئىگە بولدۇق. ئۇيغۇرلار مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يۈرگۈزگەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، 4-قېتىملىق ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش ماتېرىيالىغا ئاساسلانغاندا، مەملىكىتىمىزدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 7 مىليون 200 مىڭغا يەتكەن، بۇ خىل ئەھۋال بىزنى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاھالە ساپاسىنى تەتقىق قىلىشىمىز ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت بىلەن تەمىنلىدى.

ئاھالە ساپاسى دېگىنىمىز ئادەتتە كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى - ئەخلاق ساپاسىنى، بەدەن ساپاسىنى ۋە مەدەنىيەت ساپاسىنى كۆرسىتىدۇ. ئاھالىنىڭ ئىدىيىۋى-ئەخلاق ساپاسى بولسا كىشىلەرنىڭ سىياسىي پوزىتسىيىسى، ئەخلاق پەزىلىتى، ئىدىيىۋى ئېڭى، خاراكتېر جەھەتتىن تەربىيىلىنىشى قاتارلىق بىر پۈتۈن ساپاسىنى كۆرسىتىدۇ؛ بەدەن ساپاسى بولسا ئاساسلىقى بىر ياشتىن تۆۋەن (ياكى 0 ياشتىن) بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى، قاتارغا قوشۇلۇش نىسبىتى قاتارلىق كۆرسەتكۈچلەر ئارقىلىق ئۆلچىنىدۇ؛ مەدەنىيەت ساپاسى بولسا ئاساسلىقى تۇراقلىق ئاھالىنىڭ ئوتتۇرىچە تەربىيە ئېلىش يىل سانى، مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى ۋە كەسپىي بىلىم قۇرۇلمىسى قاتارلىق كۆرسەتكۈچلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

4-قېتىملىق ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش ماتېرىيالىغا ئاساسلانغان، ئۇيغۇرلارنىڭ 15 ياش ۋە 15 ياشتىن يۇقىرى بولغان ئاھالىسى ئىچىدە ساۋاتسىز، يېرىم ساۋاتسىزلار: 1 مىليون 106 مىڭ 60 كىشى بولۇپ، ئوخشاش ياشتىكىلەرنىڭ 26.6 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ، 3.76 قۇرامىغا يەتكەن ئادەم ئىچىدە بىر كىشى ساۋاتسىز دېگەنلىكتۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي ئاھالىسى ئىچىدە باشلانغۇچ، تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا، ئالىي مەكتەپ تەربىيىسىنى ئالغان ۋە ئېلىۋاتقانلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا 70.69%، 19.46%، 8.40%، 1.46 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، روشەنكى ئۇيغۇر ئاھالىسىنىڭ ساپاسى ئۆسمەكتە، ئەمما پۈتۈن مەملىكەت بىلەن بولغان پەرق چوڭ ئايماقتا. (جەدۋەلگە قاراڭ)

ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ساپاسىنىڭ تۆۋەنلىكى ئەمەلىيەتتە ستاتىستىكا سانلىرى كۆرسەتكەندىكىدىن تېخىمۇ ئېغىر. ئاپتور 1993-يىل 7-ئايدىن 9-ئايغىچە، 1993-يىل 11-ئايدىن 1994-يىل 3-ئايغىچە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تۆت ناھىيىدىكى ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشتە ئىلغار بولغان 19 يېزىدا بىر قېتىملىق ئەۋرىشكە ئېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، تەكشۈرۈش نەتىجىسى شۇنى كۆرسەتتىكى بۇ 19 يېزىدا ساۋاتسىزلىقتىن قۇتۇلۇش ئۆلچىمىگە يەتكەن قۇرامىغا يەتكەن ئەرلەر 21.37%، ئاياللار 22.5% ئىكەن. گەرچە بۇ تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمەلىيەتتىكى ساۋاتسىزلىقىدىن تولۇق خۇلاسە چىقىرىش مۇۋاپىق بولمىسىمۇ، ئەمما بۇ تۈردىكى تەكشۈرۈش ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمەلىي ساۋاتسىز ئاھالىسىنىڭ سانى ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشتە ئېرىشكەن ساندىن خېلىلا يۇقىرىلىقىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئەگەر ھازىرقى زامان ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خەت تونۇماسلىق ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشتىن سىرت، ئىقتىدار خاراكتېرلىك ساۋاتسىزلىق يەنى پەن-تېخنىكا جەھەتتىكى ساۋاتسىزلىق، كەسپىي ماھارەت جەھەتتىكى ساۋاتسىزلىق قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالسا، ئۇيغۇرلاردىكى ساۋاتسىزلىق مەسىلىسى ھازىرقى ستاتىستىكا سانىنىڭ ئىپادىلىگىنىدىن تېخىمۇ ئېغىر بولىدۇ.

ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، 1965-يىل 1-ئايدىن باشلاپ ئۇيغۇرلار لاتىن يېزىقىنى ئاساس قىلغان ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىنى ئىشلەتتى، 1984-يىلى يەنە ئەرەب يېزىقىنى ئاساس قىلغان كونا ئۇيغۇر يېزىقىنى قايتىدىن ئىشلەتتى، (ھازىر ئىشلىتىۋاتقان يېزىق). ئەمما بۇ 20 يىل ئىچىدە تەربىيىلەنگەنلەر ئارىسىدا كونا ئۇيغۇر يېزىقىنى قانات يايدۇرۇش، ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى ياخشى قانات يايدۇرۇلمىدى، نەتىجىدە ئەينى ۋاقىتتا باشلانغۇچ، تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا تەربىيىسىنى ئالغان بىر قىسىم ئۇيغۇرلار يېڭى ساۋاتسىزلاردىن بولۇپ قالدى. ئاپتورنىڭ 1993-يىل 7-ئايدىن 9-ئايغىچە

ئاتۇشنىڭ شورۇق، ۋاقۋاق، ئازغان قاتارلىق ئۈچ كەنتىدىكى تەكشۈرۈش شۇنى كۆرسەتتىكى، بۇ بىر قىسىم ئادەملەر ئارىسىدا 33% ئادەم كونا ئۇيغۇر يېزىقىنى بىلمەيدۇ، مۇنداق ئېيتقاندا ئۇلار ئۇزۇن مەزگىل كىتاب ئوقۇش پۇرسىتىدىن ياكى ئىقتىدارىدىن ئايرىلىپ يېڭى ساۋاتسىزلاردىن بولۇپ قالغان، ئەمما 4-قېتىملىق مەملىكەت بويىچە ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشتە بۇ ئالاھىدە ئەھۋال ئويلىنىلمىغان.

بەدەن ساپاسى جەھەتتە، ئۇيغۇرلار ئاھالىسىنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى يۇقىرى. ئالدىن مۆلچەرلەنگەن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش نىسبىتى تۆۋەن، ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش نىسبىتى 63.3 ياش بولۇپ خەنزۇلارنىڭ 70.4 ياش، مەملىكەتنىڭ 70.18 ياشقا قارىغاندا ئايرىم-ئايرىم ھالدا 7.1 ياش، 6.88 ياش تۆۋەن. ئۇيغۇرلار ئاھالىسىنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى يۇقىرى بولۇپ، 0 ياش، 1—4 ياشقىچە، 15—49 ياشقىچە بولغانلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى ئايرىم-ئايرىم ھالدا 75.76%، 33.98%، 102.10% بولۇپ مەملىكەتنىڭ (24.36%، 8.92%، 67.79%)كە سېلىشتۇرغاندا ئايرىم-ئايرىم ھالدا 3.11 ھەسسە، 3.8 ھەسسە، 1.5 ھەسسە يۇقىرى. ئەگەر كېسەللىك قاتارلىق سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان ئامىللارنى نەزەردە تۇتمىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ مەملىكەت ئاھالىسى بىلەن بولغان بەدەن ساپاسى جەھەتتىكى پەرقى تېخىمۇ چوڭ. ئۇيغۇرلارنىڭ بەدەن ساپاسى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا شۇنى بايقاش تەس ئەمەسكى، يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ياشلىرى بوي ۋە بەدەن ساغلاملىقى جەھەتلەردە ئۆز ئەجدادلىرىغا يەتمەيدۇ. بۇ ھالەت چوقۇم كېلەركى ئەۋلاد كىشىلىرىنىڭ بەدەن ساپاسىغا تېخىمۇ يامان تەسىر پەيدا قىلىدۇ.

ئۇيغۇرلار ساپاسىنىڭ تۆۋەنلىكى ئۇيغۇرلارنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئارقىغا سۆرىمەكتە. ھەتتا ئۇنىڭغا توسالغۇ بولماقتا. ئاھالىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتىكى ئەڭ ئالدىنقى ۋەزىپە ئاھالە ساپاسىنىڭ تۆۋەن بولۇشىدىكى سەۋەبلەرنى ئېنىقلاپ چىقىشتىن ئىبارەت، ئاھالە ساپاسىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار ئىنتايىن كۆپ، بىراق مائارىپ ۋە ئىقتىسادنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئاھالە ساپاسىغا كۆرسىتىۋاتقان تەسىرى ئەڭ گەۋدىلىك ۋە چوڭقۇر بولماقتا.

## 1. مىللىي مائارىپ ۋە ئاھالە ساپاسى

«ئادەم-مەبلەغ توپلاپ، بايلىق مەنبەسىنى ئېچىپ، جەمئىيەتنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تەشكىلاتىنى قۇرۇپ چىقىپ مىللەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. شۈبھىسىزكى، بىر دۆلەت ئەگەر ئۆز دۆلىتى خەلقىنىڭ بىلىم ۋە ئىقتىدارىنى ئىلگىرى سۈرمىسە ھەم ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادىدا ئادەم بايلىقىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانمىسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ باشقا جەھەتلەردە تەرەققىي قىلىشى مۇمكىن ئەمەس.»① ئاھالىنىڭ بىلىم ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنىڭ يوللىرى ئىنتايىن كۆپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ توپ چارە ھەر دەرىجىلىك، ھەر خىل تۈردىكى مەكتەپ تەربىيىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. دۇنيا تارىخى شۇنى قايتا-قايتا ئىسپاتلىدىكى، قايسى مىللەت ئۆز ئاھالە ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە، مائارىپنىڭ مىللەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشىدىكى ئورنى ۋە رولىغا ئەھمىيەت بېرىدىكەن، شۇ مىللەتنىڭ كەلگۈسىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن مۇقەررەر ئارقىدا قالىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ مائارىپى ئەسلىدە قالاق، خەلقىنىڭ ئىگىلىگەن بىلىمى بىلەن ئىشلىتىش سەۋىيىسى بىرقەدەر تۆۋەن بولۇپ، مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىش ئەنئەنىسى كەمچىل، نەشرىيات، رادىئو، تېلېۋىزىيە، تەرەققىي قىلمىغان. دۆلەتنىڭ مائارىپ سېلىنمىسى يېتەرلىك ئەمەس، مائارىپ كۆلىمى كىچىك، ئۆسمۈرلەرنىڭ ئوقۇش پۇرسىتى چەكلىك، ئوقۇتۇش سۈپىتى تۆۋەن، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ لاياقەتسىز بولۇش ئەھۋالى ئېغىر، ئۆرلەپ ئوقۇش نىسبىتى تۆۋەن، كۆپلىگەن ئۆرلەپ ئوقۇيالمىغان ئوقۇغۇچىلار ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ئىگىلىكىدە ئۆگىنىشتىكى ئارتۇقچىلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرالمىغانلىقى ئۈچۈن، بىر قىسىم ئائىلە باشلىقلىرى ياكى بالىلار ئىستىقبالى ئۈچۈن پايدىسىز بولغان ئوقۇشلارنى ئوتتۇرىلىقتا ئۈزۈپ قويغان، توققۇز يىللىق تۈزۈمدىكى مەجبۇرىي مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش يەنى مەملىكىتىمىز ھۆكۈمىتى ئاشكارا تۇرۇپ بېكىتكەن ئىجتىمائىي نىشانىنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدا ياشاۋاتقان ئاشۇ ئۇيغۇر دېھقان ئۆسمۈر، بالىلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بەلكىم ھېچقانداق ئەمەلىي ئەھمىيىتى بولمىسا كېرەك. ئۇيغۇر مىللىي ئامارىپىدىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە-ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇشنى تۈگەتمەيلا يېرىم يولدا ئوقۇشتىن چېكىنىشى ۋە چۈشۈپ قېلىشى بولۇپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مال باھاسىنىڭ ئۆرلىشى ۋە ئوقۇتۇش راسخوتىنىڭ ئېشىشى بىلەن بۇ مەسىلە تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ ئاقىۋەتتە كونا ساۋاتسىزلار تۈگىتىلمەيلا تۇرۇپلا يېڭى ساۋاتسىزلار ئۈزلۈكسىز كۆپەيمەكتە. ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان يېزا-كەنتلەردە بالىلارنىڭ ھازىرقى ساۋاتسىزلىق ھالىتى ئون يىلنىڭ ئالدىدىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ ئېغىر بولۇپ، مىللىي پەرق ئارقىلىق شەكىللەنگەن تىل توسقۇنلۇقىنى قوشقاندا، ئۇيغۇرلار ئاھالىسىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش تەسكە چۈشىدۇ. 1993-يىل 9-ئايدىن 11-ئايغىچە بولغان ئىككى ئاي ئىچىدە، قەشقەر شەھىرىدە يېڭىدىن تولۇقسىز بىرىنچى يىللىققا قوبۇل قىلىنغان 213 ئوقۇغۇچىنىڭ ئائىلىسى بىر يىللىق 1000 يۈەن ئوقۇش راسخوتىنى ئۈستىگە

① «3-دۇنيانىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى» (1-قىسىم) P.M تودارو 444-بەت، جۇڭگو خەلق داشۆسى نەشرىياتى، 1989-يىل 1-نەشرى.

ئالالمىغانلىقتىن بۇ 213 ئوقۇغۇچى ئوقۇشتىن چېكىنگەن. قارىقاش ① ناھىيىسىدە يەنە 16 مىڭ 800 ئوقۇغۇچى نامراتلىقتىن ئوقۇشسىز قېلىش ھالىتىدە تۇرماقتا. ئۇلار ناھىيىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ 30 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.②

قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە يەقەت 1994-يىلى ئوقۇش يېڭى باشلانغاندىلا 582 ئوقۇغۇچى نامراتلىق تۈپەيلىدىن ئوقۇشسىز قالغان. بۇ ئوقۇشسىز قېلىش خەۋپىدە تۇرۇۋاتقان بالىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.③

بۇنىڭدىن باشقا شىنجاڭ ماتارىپىنىڭ قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق ئەمەس. ئاھالىنىڭ توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىشى مىللىي ماتارىپتا بوشلۇق شەكىللىنىشنىڭ ئاساسى. ئۇيغۇرلار شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ، قىزىلسۇ، بايىنغولىن ئوبلاستى قاتارلىق جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ۋىلايەت، ئوبلاستلارغا كۆپرەك توپلاشقان. بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلار ئۇيغۇر ئاھالىسىنىڭ تەخمىنەن بەشتىن تۆت قىسمىنى ئىگىلەيدۇ، جەنۇبىي شىنجاڭ ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭمۇ بەشتىن قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنىڭ شەھەر-يېزىلارغا بۆلۈنۈش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى شەھەر، بازارلارغا قارىغاندا تېز بولغانلىقى ئۈچۈن، يېزىلاردا ياشاۋاتقان ئۆسمۈرلەرنىڭ نىسبىتى 85.24 پىرسەنتتىنى يۇقىرى بولىدۇ. ئەمما مىللىي ماتارىپنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى ئاھالىنىڭ بۇ خىل ئەھۋالى بىلەن قارىمۇ قارشى بولۇپ، يېزىلارنىڭ ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سۈپىتى، ئوقۇتۇش كۆلىمى، باشقۇرۇش سەۋىيىسى شەھەر-بازارلارنىڭكىگە يەتمەيدۇ. باشلانغۇچ ماتارىپ يېزىلاردا بىر ئۆمۈر ياشاش پېشانىسىگە پۈتۈلگەن مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىگە نىسبەتەن زۆرۈر بولغان بىلىم ۋە تېخنىكا بېرەلمەيدۇ. باشلانغۇچ ماتارىپ مىللەت ئاھالىسىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، مىللەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم رولغا ئىگە، ئەمما خەنزۇ رايونلىرىدىن ئۆز پىتىچە كۆچۈرۈپ كېلىنگەن، مەزمۇن ۋە قۇرۇلمىدا ھېچقانداق پەرق بولمىغان ماتارىپ تۈزۈلمىسىنىڭ خەنزۇلار بىلەن ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت شارائىتىغا، ئوخشاش بولمىغان تەرەققىيات تەلىپىگە ئىگە ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە ماسلىشىپ كېتەلىشىدىن ۋە ئۈنۈم بېرىشىدىن گۇمانلىنىشقا بولىدۇ. شىنجاڭدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك مەكتەپلەر شىمالىي شىنجاڭغا مەركەزلەشكەن. جەنۇبىي شىنجاڭدەك بىر مىليون كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان زېمىندا پەقەت قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدىن ئىبارەت بىرلا ئالىي مەكتەپ بار، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كۆپلىگەن ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ بۇ يۇقىرى دەرىجىلىك مەكتەپلەر بىلەن بولغان ئارىلىقى ئىنتايىن يىراق، تەخمىنەن 2000—1000 كىلومېتىر ئەتراپىدا بولغاچقا، تەسىر كۆرسىتىش رولى ئىنتايىن كىچىك بولىدۇ. مەسىلەن، ئۈرۈمچىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار يىلدا ئۆيگە بىر قېتىم قايتسا، خوتەنلىك ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان يېرىم بىلەت بويىچە ھېسابلىغاندا، پەقەت بېرىپ-كېلىشكە كېتىدىغان قاتنىلىش راسخوتىغا 160 يۈەن كېتىدۇ، ئالتە كۈنلۈك ياتاق ھەققى ۋە بېرىپ-كېلىشكە كەتكەن يەتتە كۈنلۈك تۇرمۇش راسخوتىغا ئەڭ ئاز دېگەندە ئايرىم-ئايرىم 50 يۈەن، 60 يۈەن كېتىدۇ. قەشقەرلىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ بېرىپ-كېلىشكە كەتكەن بەش كۈنگە ئەڭ ئاز دېگەندە 200 يۈەن كېتىدۇ، لېكىن شىنجاڭدىكى ھەر قايسى يولۇچى توشۇش بېكەتلىرىدە ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا كۆتۈرە بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغاچقا، ھازىر ئۇلار ئوقۇغۇچىلارغا يېرىم بىلەت سېتىپ بەرمەيدىغان بولدى، شۇڭا ئەمەلىي چىقىم تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ. بۇ 10% نامرات ئاھالىسى بار. نامراتلىق داۋاملىشىۋاتقان جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇر رايونى ئۈچۈن تالانتلىقلارنى تەربىيىلەشتە شۈبھىسىزكى يېڭىشكە تېگىشلىك بولغان يەنە بىر چوڭ توسالغۇ.

ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان ماتارىپنىڭ ئوقۇتۇش قۇرۇلمىسى ۋە كەسپىي قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق ئەمەس. ئاساسلىق ئىپادىلىرى: ۋاقىت قۇرۇلمىسى جەھەتتە ئاساسەن پۈتۈن كۈنلۈك ئوقۇتۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بولۇپ، يېرىم ئىشلەپ - يېرىم ئوقۇش تۈزۈمى، ئىشتىن سىرتقى ئوقۇش تۈزۈمى ھەمدە ۋاقتى ئوخشاش بولمىغان قىسقا مۇددەتلىك تەربىيىلەش تۈزۈمى قاتارلىق شەكىللەر بىر قەدەر ئاز ياكى يوق. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاپتورنىڭ قارىشىچە خەنزۇ رايونلىرىنىڭ 12 يىللىق ئوقۇتۇش تۈزۈمىنى (باشلانغۇچ ئالتە يىل، ئوتتۇرا مەكتەپ ئالتە يىل) ئۆز پىتىچە كۆچۈرۈپ كېلىشتەك ئوقۇتۇش شەكلى، مەيلى مىللەت ياكى ئادەم كۈچى بايلىق سېلىنمىسى جەھەتتىن قارىغاندا بولسۇن ئۇيغۇر ماتارىپ تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىگە ماس كەلمەيدۇ؛ مەكتەپ تۈرلىرى جەھەتتە سىغەن، يېزا ئىگىلىك، سىياسىي مەكتەپلەر كۆپ، تەبىئىي پەن ۋە سانائەت پەنلىرى، ئورمانچىلىق، مالىيە، تاشقى سودا، چەت ئەل تىلى، تەنتەربىيە مەكتەپلىرى ئاز ياكى يوق؛ رادىئو، تېلېۋىزور، سىرتتىن ئوقۇتۇش، ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇش قاتارلىق شەكىللەردىكى تەربىيىلەش ئاز، تەرەققىياتى ئاستا. كەسپىي ماتارىپ قۇرۇلمـ غىسى جەمئىيەتتە تـ غىل-ئەدەبىيات، سىياسەت، ماتېماتىكا، فىزىكا قاتارلىق كەسپلەر كۆپ بولۇپ، كەسپتە ئىشلىنىدىغان كەسپلەر ئاز. ئۆزگىرىۋاتقان جەمئىيەت ئېھتىياجى ۋە ئىقتىسادىي شارائىتقا بولغان چۈشەنچە كەمچىل بولغانلىقتىن، كونا، ۋاقتى ئۆتكەن ماتارىپ تۈزۈلمىسىگە بولغان ئىسلاھات كەمچىل بولغانلىق-

① «ئاساسىي ماتارىپقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك»، «شىنجاڭ گېزىتى» ئۇيغۇرچە 1994-يىل 26-فېۋرال.
② «تۇرمۇش يېتەكچىسى» گېزىتىنىڭ 1994-يىل 6-ئاينىڭ 29-كۈندىكى سانىدىن.
③ «تۇرمۇش يېتەكچىسى» گېزىتىنىڭ 1994-يىل 7-ئاينىڭ 13-كۈندىكى سانىدىن.

تىن، قاتمال ھالەت جاھىللىق بىلەن ساقلاپ قېلىنىپ ھەمدە خالىغانچە تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، زور تۈركۈمكىدىكى لاياقەتلىك، بىراق ئىشلىتىلمەيدىغان كەسىپ ئىگىلىرىنى پەيدا قىلدى، نۇرغۇن پاكىتلار بۇ خىل مائارىپ تۈزۈلمىسى مىللىي رايونلارنىڭ جەمئىيەت ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئەمەلىي تەلەپىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

مائارىپ قالاق بولغانلىقتىن، ئاھالىلارنىڭ مەدەنىيەت سۈپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلمىگەنلىكتىن، ئۇ مىللىي ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىپ، مائارىپنىڭ تەرەققىياتىنى بوغۇپ قويىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، مائارىپ مىللەتنىڭ ھەرىكەت ۋە پائالىيىتىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتتى، بۇ خىل تەسىرنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىرى تۆۋەندىكى بىر نەچچە جەھەتتىن كۆرۈلىدۇ: بىرىنچى، بالدۇر توي قىلىپ، بالدۇر پەرزەنت كۆرۈش. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پىلانلىق تۇغۇتنى باشقۇرۇش نىزامنامىسى»گە ئاساسەن ئۇيغۇر ئاياللىرى 18 ياشتىن بۇرۇن توي قىلىپ پەرزەنت كۆرسە بالدۇر توي قىلىپ، بالدۇر پەرزەنت كۆرگەن ھېسابلىنىدۇ. 4-قېتىملىق ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشتە 100% ۋە 1% بويىچە ئېلىنغان ئەۋرىشكە ماتېرىيالدا كۆرسىتىلىشىچە، 15 ياشتىن 19 ياشقىچە بولغان ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ تۇغۇش نىسبىتى ۋە پەرزەنتلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كۆپىيىش سانى ئايرىم-ئايرىم ھالدا 75.4% ۋە 0.1070 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 15—17 ياشقىچە، 18—19 ياشتىكىلەر ئايرىم-ئايرىم ھالدا 0.0577، 0.5099 بولغان، بۇ 15—19 ياشقىچە بولغان ئاياللارنىڭ بەدەن تەرەققىياتى ۋە ئائىلىنى بېقىش قابىلىيىتى تېخى تولۇق يېتىلمىگەن بولىدۇ، شۇڭلاشقا بالدۇر پەرزەنتلىك بولۇش ھامىلدار ئايال ۋە بوۋاقنىڭ سالامەتلىكى ۋە ئۆسۈشىگە ھەم مەدەنىيەت، پەن-تېخنىكا سەۋىيىسى ۋە ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە پايدىسىز.

ئىككىنچى، ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىيىشى تېز، ئۆلۈش نىسبىتى يۇقىرى. ئۇيغۇرلاردىكى بۇ خىل ھالەت كىشىلەرنىڭ كەسىپچانلىقىنى بوغۇپ، پەقەت ئەجداد قوغلىشىپ ئەۋلاد قالدۇرۇش بىلەنلا بولۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە مائارىپ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلمەيدىغان قىلىپ قويىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، كۆپ پەرزەنتلىك بولۇش. سىياسەت بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، شەھەر-بازارلاردىكى ئۇيغۇر ئاياللىرى پەقەت ئىككى پەرزەنت كۆرۈشكە بولىدۇ، يېزا ئاياللىرى ئۈچ پەرزەنت كۆرۈشكە بولىدۇ. 1990-يىللىق ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشتىكى 100 پىرسەنتلىك ماتېرىيالغا ئاساسلانغاندا، 15-19 ياشقىچە بولغان ئۇيغۇر ئاياللىرىدىن بىر پەرزەنت كۆرگەنلەر 88.7%، ئىككى پەرزەنتلىكلەر 14%، ئۈچ پەرزەنتلىكلەر 1.6%، تۆت پەرزەنتلىكلەر 0.4 پىرسەنتنى، بەش پەرزەنتتىن يۇقىرىلار 0.3 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ. كۆپ پەرزەنتلىك بولۇش ئائىلىنىڭ يۈكىنى كۆپەيتىپلا قالماستىن يەنە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مائارىپ راسخوتىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇقەررەر بولۇپ، ئەلۋەتتە مائارىپنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ، ساۋاتسىزلار كۆپىيىدۇ، ئاپتورنىڭ ئوخشىمىغان يېزا، ئوخشىمىغان ئائىلىلەردىكى سۆھبەتتە بايقىشىچە، ئائىلىلەرنىڭ كۆپ پەرزەنتلىك بولۇشى قىز ئۆسمۈرلەرنىڭ ئوقۇشقا كىرىشىگە بىۋاسىتە تەسىر قىلىدىغان سەۋەبلەر ئىچىدە ئىنتايىن زور سالماقنى ئىگىلىگەن، قىز بالىلار دائىم ئائىلە ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئېلىش ۋە ئىنى-سىڭىللىرىغا قاراش قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن ئوقۇشسىز قالغان.

تۆتىنچىدىن، ئۇيغۇرلاردا يېقىن تۇغقانلار توي قىلىش ۋە يېزا ئىچىدىن ئۆز ئارا قۇدا بولۇشتەك ئىجتىمائىي مەدەنىيەت پسىخىكىسى ۋە كونا ئادەت بار. بۇ كېيىنكى ئەۋلاد ئاھالە سۈپىتى ئۈچۈن پايدىسىز. يېزا ئىچىدە قۇدا بولۇش دېگىنىمىز، بىر يېزىدىكى يېشى ماس كېلىدىغان قىز-ئوغۇللارنىڭ توي قىلىشىدۇر. دۆلىتىمىزنىڭ «نىكاھ قانۇنى»دا بىۋاسىتە قانداشلىق مۇناسىۋىتىدىكى تۇغقانلار، ئۈچ ئەۋلاد قانداشلىق مۇناسىۋىتىدىكى تۇغقانلاردىن باشقىلارنىڭ قۇدا بولۇشىغا چەكلىمە يوق. شۇڭلاشقا، يېزا ئىچىدە قۇدا بولۇش قانۇنلۇق بولىدۇ. ئاپتورنىڭ ئاتۇش شەھىرى ئازاق يېزىسى، سۇنتاغ يېزىسى. ئۈستىن ئاتۇش يېزىسىدىكى 11 كەنتنى تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، يېزا ئىچىدە قۇدا بولغانلار 81 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئۈستىن ئاتۇش يېزىسىدا 89% ئەتراپىدا بولغان ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان زور تۈركۈم يېزا-كەنتلەردە بىرقانچە ئون يىل ھەتتا بىرقانچە 100 يىل جەريانىدا بىر قانچە ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ كۆپىيىشى بىلە تەبىئىي يېزىلار شەكىللەنگەن. قانداشلىق مۇناسىۋىتى يېقىنلاشقانسېرى، كېسەل پەيدا قىلىدىغان گېنلارنىڭ ئۇچرىشىش پۇرسىتى شۇنچە كۆپ بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەۋلادلاردا ئىرسىيەتلىك كېسەللەرنىڭ كۆپىيىش ئىمكانىيىتى تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ. يېزا ئىچىدە قۇدا بولۇش گەرچە يېقىن تۇغقانلار توي قىلىش ئۇقۇمى بولمىسىمۇ، بىراق يېزا دائىرىسىدە قۇدا بولۇشقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى سۈپەت جەھەتتە ناچارراق بولۇپ، ئەلا سۈپەتلىك تۇغۇشقا پايدىسىز. يېزا ئىچىدە قۇدا بولۇش يەنە يېزا دائىرىسىدە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي ئالاقىگە پايدىسىز بولۇپ، يېزىنى تېخىمۇ يېكىنمە ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدۇ. يېكىنمە بولغانسېرى مائارىپ ۋە ئۆز سۈپىتىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئېتىبار بەرمەيدۇ، مائارىپ سۈپىتىگە بولغان تەلىپى يۇقىرى بولمايدۇ، يۇقىرى سۈپەتلىك مائارىپقا نىسبەتەن بەلگىلىك چەكلەش خاراكتېرىگە ئىگە بولىدۇ.

(داۋامى بار)

# ئادەمنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيىتى ۋە ئۇنىڭ زامانىۋى ئوبرازى

ئىسلامجان شېرىپ

ئىنساننىڭ ۋىژىپىسىنى تونۇپ يېتىش ئاساسىدا ئوبرازىمىزنى زامانغا لايىقلاشتۇرۇپ، تۇرمۇشنىڭ سەنئەت ساھەلىرىگە يۈرۈش قىلىش ھەممىمىزنىڭ ئەخلاقىي بۇرچى. بۇ بۇرچنى ئورۇنداشتا قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار كۆپ بولسىمۇ، ئاخىرقى ھېسابتا ئۇ ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىدىكى يوشۇرۇن قابىلىيىتىنى ئېچىش دەرىجىسىگە باغلىق.

چۈنكى، تەبىئەت دۇنياسىدا نۇرغۇنلىغان قېزىلما بايلىقلار بار، بۇ ئىنسانىيەتنىڭ ماددىي بايلىقى. ئادەمنىڭ مېڭىسىدىمۇ خۇددى تەبىئەت دۇنياسىدىكى كانلارغا ئوخشاش بايلىق بار، بۇ ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى بايلىقى. بىز مېڭىمىزدە ساقلىنىۋاتقان بۇ كان بايلىقنى ئېچىپ ھەممە ئۇنى مەقسەتلىك، پىلانلىق، توغرا ئىشلىتىپ، يەر ئاستىمىزدىكى، ۋەتىنىمىزدىكى چەكلىك بايلىقنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىقلا ئۆزىمىزدە ھەقىقىي ئىنسان پەيزىنى سۈرەلەيدىغان سۈپەت ئۆزگىرىش ھاسىل قىلالايمىز.

## 1. تەبىئىتىمىزدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەت بىلەن ئىللەتلەر

شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەمنىڭ ئۆزىنى ئېچىشنى زامانغا لايىقلىشىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلىمىزكى، ھەربىر ئادەمدە ئاشكارا ئىشقا سېلىنغان قابىلىيەت مۇتلەق ئاز، ئېچىپ ئىشلىتىشكە تېگىشلىك يوشۇرۇن قابىلىيەت مۇتلەق كۆپ بولىدۇ.

ئالىملار بۇنداق يوشۇرۇن قابىلىيەتنىڭ زادى قانچىلىك كۆپلۈكىنى ئىسپاتلاش يولىدا نۇرغۇن تەجرىبىلەرنى ئېلىپ بارغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئادەم مېڭىسىنى مىكرو ئېلېكترلىق قۇتۇپ تاختىسى بىلەن غىدىقلاش تەجرىبىسى ناھايىتى دەل بولۇپ، بۇنداق غىدىقلاش ئارقىلىق بىر ئادەم شۇ ھامان تامامەن ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ۋەقەلەرنى دەرھال يادىغا كەلتۈرەلىگەن، بولۇپمۇ ئۇ كىچىك ۋاقتىدا كېپىنەك تۇتۇپ ئوينىغان چاغدىكى مەنزىرىلەرنى يادىغا ئېلىپ سۆزلىگەن، شۇنداقلا شۇ چاغلاردا ئاڭلىغان بىر ناخشىنى يادىغا كەلتۈرۈپ ئىختىيارسىز ئېيتىپ كەتكەن. بۇ تەجرىبە ئادەمدىكى خاتىرە قابىلىيىتىنىڭ ناھايىتى زور قۇدرەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئۇنى چېنىقتۇرۇپ ئىشقا سالسا ئۇنىڭ قۇدرىتى ھەتتا ئامېرىكىنىڭ دۆلەت كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان 70 مىليون نۇسخا كىتابتىكى ئۇچۇرلارنى ساقلاشقا قادىر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بىر رۇس ئالىمى شۇنداق دېيدۇكى، «ئادەتتىكى خىزمەت ۋە تۇرمۇش شارائىتىدا كىشىلەر تەپەككۇر قۇرۇلمىسىنىڭ كىچىككىنە بىر قىسمىنى ئىشقا سالىدۇ، مېڭىسىنىڭ نىسبىنى تولۇق ئىشقا سالالىغان تەقدىردە بولسا 40 خىل تىلنى قىلچە ھاسىراپ قالماستىن ئۆگىنەلەيدۇ ۋە رۇس قامۇسىنى باشتىن-ئاخىر يادقا ئالالايدۇ، بىر نەچچە ئون ئالىي مەكتەپنىڭ زۆرۈر دەرسلىكلىرىنى ئوقۇپ بولالايدۇ» . بۇنداق يوشۇرۇن قابىلىيەت سىز بىلەن بىزدە ئوخشاش تۇرسا، ئەگەر بىز بىخۇد، بىپەرۋا، بىغەيرەت بولمايدىغانلا بولساق، كېلەچىكىمىز نېمە دېگەن ھەيۋەت-ھە! ئادەمنىڭ تەپەككۇر جەمەتىدىكى يوشۇرۇن قابىلىيىتىنى دەڭگە تېخى! ئادەمنىڭ تەپەككۇر جەريانى چوڭ مېڭە پوستلىقىدىكى ئېرىقچىلار ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ. مېڭىمىزدە 100 مىلياردلىغان نېرۋا ھۈجەيرىسى (نېيرون) بولۇپ، ھەربىر نېيرون يەنە باشقا نېيرونلار بىلەن باغلىنىپ، 1000 مىليارد ئۇسۇكچە-ئالاقە پونكىتى ھاسىل قىلىدۇ، 1 مىليون نېيرون بىرىكىپ نېرۋا ئېرىقچىسى ھاسىل قىلىش ئۇسۇلىلا 2 مىليون 783 مىڭغا يېتىدۇ؛ بۇنداق پونكىتلار ۋە بىرىكىش ئۇسۇللىرىدا بىزگە ئايان بولمىغان يەنە قانداق بايلىقلار باردۇ-ھە! ئەپسۇسكى، بىزنىڭ ھازىرقى تۇرقىمىزدىلا مەۋجۇت بولغان مېڭە بايلىقى قىسقىغىنە ئۆمرىمىزدە بىلىم ئېلىش ۋە ئىجاد قىلىشقا يېتىپ ئېشىپ قالىدۇ. يەنە كېلىپ بۇنداق بايلىق كىچىك ۋاقتىدا ئەڭ مول، ياشلىقتا ئۆتكۈر بولىدۇ. ئادەمنىڭ بۇ ئىككى دەۋرى ھەقىقەتەن ئالتۇن دەۋرى بولسىمۇ، بىراق، ئۇ قېرىغاندىمۇ تۈگىشىپ كەتمەيدۇ. قىسقىسى، ئۇ گويا ناھايىتى ھوسۇلدار مۇنبەت زېمىنغا ئوخشاش نەرسە بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىنسان ئۆز كۆڭلىدىكى غايىلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىستىكى بىلەن ئۇرۇقلا سالىدىكەن، ئۇرۇقلار بىخ سۈرۈپ

مېۋە بەرمەي قالمايدۇ. بىزدە ئەنە شۇنداق گۈزەل ھەم سىرلىق، مۇرەككەپ ھەم قۇدرەتلىك چوڭ مېڭە بولغانلىقى ئۈچۈنلا، بىز دۇنيادىكى ھەممە شەيئىلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى بولغان ئىنسانلىق سالاھىيىتىگە ئىگە بولدۇق، مىسلىسىز ئىجادىي پائالىيەتلىرىمىز بىلەن ئىختىرا ۋە كەشپىياتلارنى يارىتىپ، تەرەققىياتنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە قاراپ ئۆرلىيەلىدۇق.

كىچىك ۋاقتىڭىزنى ئويلاپ بېقىڭا: ئۇ چاغلاردا سىز خۇددى ئىجادىيەت سەھنىسىدە ئۇرغۇپ تۇرغان تالانت ئىگىسىگە ئوخشايسىز. پادا باققانلىرىڭىزدا دەرەخنىڭ يوپۇرمىقىنى قاچا قىلىپ، سۇ ئىچىسىز ياكى يوپۇرماقلارنى بېلەت ھەم پۇل قىلىپ ئوينايسىز. بىر تال تاشنى تاپسىڭىز بىردەم ئۇنىڭدا ئاتلىمۇچۇق ئوينايسىز، بىردەم ئۇنى تېلېفون سىمى قىلىپ دوستىڭىز بىلەن سۆزلىشىسىز ياكى ئۇنىڭ بىلەن ھارۋا تارتىسىز ۋە ھاكازالار. يوپۇرماق ياكى تاشا بىلەن شۇنچە كۆپ ھەۋەسلەرنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان بۇنداق بالىلىق ھايات چەكسىز خۇشاللىق ۋە مول ئىجادىيلىق بىلەن ئۆتىدۇ.

بالىلاردىكى ئالدىن ئويلاپ قويۇلمىغان ۋە ياكى ئورۇنلاشتۇرۇلمىغان ئەھۋالدا ناخشا ئېيتىشقا، ئۇسسۇل ئويناشقا، سۈرەت سىزىشقا ۋە ياكى يۇقىرىدىكىلەردەك ئويۇنلارنى ئويناشقا بولغان ھەۋەس ئىنسانىيەتنىڭ مەسخىرىلەردىن قورقماي باتۇرلۇق بىلەن ئالغا بېسىدىغان، كەمتەر قورساقلىق ۋە ئاداۋەتسىزلىك بىلەن ئۆزى ھەم ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان دۇنياغا يېڭىچە نەزەر بىلەن قارايدىغان ئىجادىي روھىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، بۇنداق دادىللىقنىڭ ئىجادىيەت قۇدرىتى كىشىلەر چوڭ بولغاندىن كېيىنكى پۇل خەجلەپ ئوينايدىغان باغچىدىكى، تىياتىرخانىلاردىكى ۋە تەنتەربىيە مەيدانلىرىدىكى ئويۇنغا قارىغاندا ھەسسىلەپ ئىجادىي بولىدۇ. چۈنكى سىز چوڭ بولغاندا قېلىپلاشقان بىر ئىشنى دورايسىز، باللار بولسا بىزدە قېلىپى يوق ئوبرازلارنى ئەقىل ۋە پىكىردىن ئىبارەت ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئاساسىي ماتېرىيال بىلەن ئىجادىي تەسەۋۋۇر قىلىپ بارىدۇ. بۇ ھالەت سىزنىڭ ئىجادىي قابىلىيىتىڭىزنىڭ ياشنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ بارغانسېرى يوشۇرۇنۇپ، ئىجادىيلىقى يوق قېلىپلاشقان ھەرىكەتلەرگە يول بېرىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. كىتابتا يوق گەپلەرنى قىلىشتىن قورقۇش، كۆرسەتمە بېرىلمىگەن ئىشلارغا جۈرئەت قىلالماسلىق، جامائەت ئالدىدا تېكىستى يوق بولسا نۇتۇق سۆزلىيەلمەسلىك، ھەتتا رەقىبلەردىن قورقۇپ ئۆزىنىڭ ھەققىي ھۆرمىتىگە تېگىۋاتقان خورلۇنۇشقا رازىلىق بىلدۈرۈش ... مانا شۇلارنىڭ ئىپادىسى.

باشقىسىنى قويۇپ تۇرۇپ، بىزنى ئەقىللىق قىلغان بىلىم ئوچاقلىرىمىزدا يۈرگۈزۈلۈۋاتقان مائارىپ تەربىيىمىزگە قاراپ باقايلى: بىزنىڭ ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىشنى ۋە ئالىي مەكتەپلەرگە كىرگەندىن كېيىنمۇ سىنىپ ئاتلاشنى ئاساس قىلغان ئىمتىھان تۈزۈمىمىز بىلىمگىلا ئەھمىيەت بېرىدىغان تەربىيە ۋە تەربىيىلىنىشنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا بوغۇزنى جىق بېرىپ، مالنى بورداش شەكلى بىلەن تەربىيىلىنىگۈچىلەرگە كۆپلىگەن بىلىملەرنى ئۆلۈك ھالدا قۇلىقىغا قويۇپ قويۇش ئاساس قىلىنىدۇ. بىلىمگە ئەھمىيەت بېرىپ ئەستە تۇتۇۋېلىشنى تەكىتلىگەندە، خاتىرە قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش مۇمكىن بولسىمۇ، تەپەككۇر قابىلىيىتىنى، بولۇپمۇ يېڭىلىق يارىتىشنى ئاساس قىلغان ئىجادىي تەپەككۇر قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش ناھايىتى ئاز بولىدۇ. بۇنداق ئوقۇش شارائىتىدا، بالىلارنىڭ دىققىتى كۆز ئالدىدىكى ئىمتىھاندىن ئۆتۈشتە بولىدۇ-دە، قانچە كۆپ يادلىۋالغانلارنىڭ ئوقۇش سۈپىتى يۇقىرى ھېسابلىنىپ ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مېڭە ئىشلىتىپ ئويلاشقا، ئىجاد قىلىشقا سەل قارايدىغان ۋە قارىيلاردە ئۆلۈك يادقا ئالدىغان خاھىش ئۆسۈپ بارىدۇ. دېمەك، مۇشۇ بىر مەسىلىنى مىسالغا ئالغىنىمىزدا، سىزدىكى ئىجادىيەت بۇلىقىنىڭ ياشنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ ئېتىلىپ قېلىۋاتقانلىقىغا، تۇرمۇشتىكى ئىجادىيلىققا يات بولغان ئىللەتلەرنىڭ سىزگە كەلتۈرگەن ئاۋارىچىلىقلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، دادىل ئويلاپ ئىلمىي ھەققەت ئىزدەش پىلانلىرىڭىزنىڭ چېكىنگەنلىكىگە، بۇنىڭ بىلەن بالىلىق چاغلىرىڭىزدىمۇ دادىل ئويلىيالايدىغان ئۇلۇغ مېڭىڭىزدىكى جەۋلان قىلغۇچى ھاياتىي كۈچنىڭ ئاجىزلاپ كەتكەنلىكى ۋە سىزدىكى ئەقىلدىن ئىبارەت بىباھا قامۇسنىڭ ۋاراقلىرى يېپىلىپ كەتكەنلىكىگە قايىل بولارسىز؟

سىز يەنە ئىنسانىيەتنىڭ تازا تەرەققىي تاپمىغان چاغلىرىدىكى ئاددىي بولسىمۇ ئىجادىي بولغان ھەرىكەتلىرىنى ئويلاپ بېقىڭا! ئۇ چاغلاردا، ھەتتا ماڭىدىغانغا يول يوق بولغاچقا، يېڭىدىن يول ئېچىپ ماڭاتتۇق. چۆل-جەزىرىلەردە جان ساقلاش ئۈچۈن تۈرلۈك ئامالللارنىڭ ھەممىسىنى ئويلاپ تاپاتتۇق. شۇ چاغلاردىكى ھەربىر ھەرىكەت ئىجادىيەت بولماي نېمە؟ ئۇ چاغدا تۇرمۇشىمىزدا ھەممە كەمچىل بولغاچقا، ئىجادىيەت مۇتلەق شەرت ئىدى، ئىجاد قىلمىسىڭىز تۇرمۇشنىڭ قايىنمى سىزنى غەرق قىلاتتى. مانا ئەمدى قورۇقلۇق، ھاۋا، سۇ يوللىرى راۋان، تۇرمۇش پاراۋان، ھاجەتلىرىڭىزگە لازىم بولغان، ھەتتا ئاتا-بوۋىلىرىمىز تەسەۋۋۇرىدا يوق بولغان تۇرمۇش بۇيۇملىرى تەل بولدى. سىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىجادىيەت ئۇچۇن ئۇنچىۋالا غەم قىلمايدىغان بولدىڭىز، ھەتتا تېخى «ئادەمنىڭ مېڭىسىدىكى بارلىق قابىلىيەتلەر ئېچىلىپ بولغاندۇ» دەپ ئويلىدىڭىز. مانا بۇ سىزدىكى ئىجادىيەتنى دەپىن قىلىدىغان پىسخىكىلىق غەپلەت ئۇيقۇسى بولماي نېمە؟

بىز يەنە ئومۇمىي پىسخىك ئاجىزلىق بولۇپ ئىپادىلىنىۋاتقان روھىي ھالىتىمىزگە قارايدىغان بولساق، مېڭىمىزدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتلەرنى ئېچىشقا قارشى بەزى خۇنۇك روھىي ھالەتلەرنىڭ ھۆكۈم سۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. ئالايلۇق، مەدەنىيەتتىن قورقۇش روھىي ھالىتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مەدەنىيەت مۇھىتىمىزدا خېلى ئۇرغۇش بولغان بولسىمۇ، ھازىرمۇ بەزىلەر ئەڭ نادان بىر مەدداھ ۋە ياكى ساۋاتسىز بىر ئاشىق ۋائىزلىق قىلىۋاتقان يەرگە ئۆزىنى ئاتىدۇ-يۇ، ئالىمۇ-ئىرپانلارنىڭ ھەققانىي كۆرسەتمىلىرىگە پىسەنت قىلمايدۇ. بەزىلەر: «بىلىملىكلەرنىڭ ۋە ھەققەت ئىزدىگۈچىلەرنىڭ ئۆمرى كۆتە بولىدۇ» دېگەن ئەقىدە بىلەن بالىلىرىنى چىڭ تۇتۇپ ئوقۇتمايدۇ. بىزدىكى بالا تەربىيىلەشنىڭ ھازىرقى ئادەت ئېقىمىغا قارايدىغان بولساق گەپ تولا. يازغۇچىمىز ئەختەمنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا: بىزدە بالا تۇغۇلىدۇ. 25-20 ياشقا كىرگىچە ئاتا-ئانىسى ئۇنى ئاززۇلاپ بېقىپ چوڭ قىلىدۇ، ئوقۇتىدۇ، ھۈنەر-كەسىپلىك قىلىدۇ، چوڭ توي قىلىپ ئۆيلەپ قويىدۇ. 30 ياشقا كىرگىچە ئۇنى، ئۇنىڭ خوتۇنىنى باقىنى يەتمىگەندەك، بار بىساتىنى ئايىماي ئۆي ئايرىپ بېرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئاتا-ئانىنىڭ ئۆمرى نەۋرىسىنى بېقىش، ئوغلىنىڭ ئىشىغا قارىشىش، تاپقان-تەرگەنىنى ئوغلىغا تۆكۈش، ئوغلىنى يۆلەش بىلەن ئۆتىدۇ. دېمەك، بالا تاپقان بالاسىغا ئۆلگۈچە بالىسى ئۇچۇن ئىشلەپ بۇ دۇنيادىن كېتىدۇ، گۆرگە كىرگىچە بالىسىغا قىلىدىغان خىزمىتى تۈگىمەيدۇ. مانا بۇ بىز ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى زاماندىن بۇيانقى ياشاش ئادىتى. ئاتا-ئانام بوۋام-مومامغا، مەن ئاتا-ئانامغا، بالام ماڭا يۆلىنىپ ياشاش روھى. بۇنداق ساق تۇرۇپمۇ ئۆلگۈچە بىر-بىرىگە يۆلىنىۋېلىپ ياشاش ئۇدۇمى خۇددى توكۇر ھاسىغا تايىنىپ ئۆرە ماڭالمىغاندەك، ھەر بىرىمىزنى مۇستەقىل ياشاش ئېڭى ۋە ئىقتىداردىن ئايرىلغان روھىي مەجرۇھلارغا ئايلاندۇرۇپ قويماقتا. مىللىتىمىزنىڭ ساپاسىنى دۇنيا ئاھالىسىنىڭ تۆۋەن قاتلىمىغا چۈشۈرۈپ قويماقتا. بۇنى ئاز دەپ تېخى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مەكتەپكە ئەمدى كىرگەن ياكى كىرمىگەن ئوغۇللارنىڭ خەتنە تويى، بېشىغا يەتكەن بالىلارنىڭ بۆشۈك تويلىرىدىمۇ ھەشەم كۆتۈرۈپ، ئەڭ يۇمران قەلبلەرنىمۇ لاتا-پەتە خۇماردا زەھەرلەپ، پۈتكۈل مىللەتكە قەلب پالەچلىكى يەتكۈزۈش ئەھۋالى كۆرۈلمەكتە. ئوغۇل-قىز تويلىرىنى ھەشەمەتخورلۇققا ئايلاندۇرۇپ، ئوغۇل-قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۆز ئۆيىدە تويىنىڭ ۋاقتى ھەم باشقا تەييارلىق خىزمەتلىرى ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىش ئۇچۇن ئۆتكۈزۈلىدىغان «مەسلىھەت چېيى»نى زال-سالونلارغا يۆتكەپ، بۇ چاينىڭ تۈرلىرىنى «تونۇشۇش چېيى»، «ئۇچرىشىش چېيى»، «مەسلىھەت چېيى»، «يىگىت مەسلىھەت چېيى»، «قىز مەسلىھەت چېيى»، «ئاتا-ئانىلار مەسلىھەت چېيى»، «كىچىك چاي»، «چوڭ چاي»، «ھاردۇق چېيى»، «خوشلىشىش چېيى»، «چاقىرىش چېيى»، «رەھمەت چېيى»... قاتارلىق 15 خىل «چاي»غا كۆپەيتىپ، داستىخانلار مەئىشەتنى ئاتا-بوۋىمىز ئەزەلدىن قارشى تۇرۇپ كەلگەن ئىچىملىك ۋە چېكىملىككىچە كېڭەيتىپ، سازەندىلەر، ناغرىچىلار، سۇرنەيچى، سىنئالغۇچىلار، مۇلازىم خادىملار، ئاشپەزلەرنى خىزمەت قىلدۇرۇشتىن باشقا، نەچچە ئونلىغان ئاپتوبۇس-پىكاپلارنى ئىشلىتىپ، نەچچە يۈزلەپ، ھەتتا مىڭلاپ كىشىلەرنىڭ ۋاقتىنى زايا قىلىدىغان، تاغارلاپ، داس-داسلاپ، چېلەك-چېلەكلەپ داستىخان «ئېشىندى»لىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، مەستلەر، «نوچى» جېدەلخورلار، چاتاقچىلار بازار تاپىدىغان شۆھرەتپەرەسلىكنىڭ-ھەشەمەتچىلىكنىڭ مەيدانىغا ئايلاندۇرۇلماقتا. ھەتتا بەزى كۆڭلى قارا «مەدەنىيەتلىك»لەر «ئوتتۇز ئوغۇل ئولتۇرۇشى»نى «ۋېچىركا» دېگەن روسچە نام بىلەن ئاتاپ، ئەنئەنىۋى يېمەكلىكلىرىمىزنى تاشلاپ باشقا مىللەتلەر ئۇسۇلىدا ئۆزىمۇ ئىسمىنى بىلمەيدىغان قورۇمىلارنى قورۇپ، ئۇيغۇرلار توينى ھېچنېمىگە ئوخشىمايدىغان كىرىشمىلەر سورۇنىغا، توي قىلغانلارنىڭ جېنىنى ئېلىپ جاڭگالدا قويىدىغان بىزارلىق سورۇنىغا ئۆزگەرتمەكتە. يېتىم-يېسىر، غېرىپ-غۇرۋالارغا بېرىلىدىغان نەزىر-چىراغلارنىمۇ باي غوجاملارنى كۈتىدىغان مېھماندارچىلىق سورۇنى، ھەتتا ئۆزىگە مەلۇم بايلىق توپلايدىغان نەپسانىيەتچىلىك سورۇنىغا ئايلاندۇرۇپ، مىللىتىمىزنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسىنى چاكىنىلاشتۇرماقتا. پۇلنى مەنبە قىلغان بۇنداق يامان ئادەت، ئېڭى بىرقەدەر تۆۋەن، شەرەپلىك ئەنئەنىلىرىمىزنى بىلمەيدىغان كىشىلەر ئارىسىدا «بىز ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىر-چىراق، توي-تۆكۈن ئادىتى مۇشۇنداق ئوخشايدۇ» دېگەن خاتا تونۇشقا ئايلىنىپ قېلىپ، ئۇلار مىللىي ۋىجدانلىرىدىن ئايرىلىپ كەتمەكتە. مۇشۇنداق يامان ئادەتلەر تۈپەيلىدىن كۆڭلى قارىداپ كەتكەن بىر قىسىم شۆھرەتپەرەستلەر ئۆزلىرىنىڭ توي-تۆكۈن سورۇنلىرىنى كەيىپ-ساپا سورۇنىغا، ھاراقكەشلىك سورۇنىغا ئايلاندۇرۇپ، مىللەت ئەزالىرىنى ئىلىم-پەندە تەربىيىلەشكە تېگىشلىك ئىقتىسادنى ئەشۇنداق

ئەخلاقسىز سۆلەتۋازلىق سورۇنلىرىدا بوزۇپ چېچىپ تۆكمەكتە. ئەقىل بىلەن يورۇتۇلمىغان مۇنداق چاكىنا مېھر-مۇھەب-
بەت دۇنيانىڭ قايسى بىرىدىكى قايسى مىللەتتە بار؟ بۇنداق تەييار ئاش-نانغا ۋە زىبۇ-زىننەتكە قادىلىۋالغان مەجرۇھ
پسىخىك ھالەت مىللەتنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىغا توساق ۋە ئەشۇ نارسىدە باللارنىڭ بويۇنلىرىغا سېلىنغان زەنجىر
بولماي نېمە؟ ئەمما، ناھايىتى قىززىق يېرى شۇكى، بۇنداق ئادەملەر خۇددى ئەفلاتون «قانداق پىتى بولسا شۇنداق
پىتى قېلىۋېرىدىغان كىشىلەر نادانلاردۇر» دېگەندەك، بۇرۇن قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى شۇ پېتى ساقلاپ تۇرىۋېرىدۇ-دە، ئەدناسى
ئەڭ ئاددىي بولغان ئىلمىي ئىشلەپچىقىرىش، زامانىۋى تىجارەت ۋە مال يېقىش، يەرلىك خام ئەشيالىرىغا ئىش قوشىدىغان
كارخانىچىلىق ئۇسۇللىرىنىمۇ قوبۇل قىلمايدۇ. بەزى جايلاردا ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە كەلمەسلىكى، ئوقۇتقۇچىلار
ساپاسىنىڭ بارغانسېرى تۆۋەنلەپ كېتىشى ئارقىسىدا پەيدا بولىۋاتقان ماتارىپتىكى تۆۋەنلەشنىڭ بىر سەۋەبى ئەنە شۇنداق
روھىي ھالەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ ھال خەلقىمىز ئارىسىدا يامان سۈپەتلىك ئايلىنىش پەيدا قىلىپ، تېخىمۇ كۆپ
كىشىلەرنى بارغانسېرى نادانلىقنىڭ سادىق ھامىيلىرىغا ئايلاندۇرماقتا. تارىختا ئۆتكەن بارلىق بۈيۈك كىشىلەرنىڭ ھەممىسى
دېگۈدەك جان-دىلى بىلەن كىتاب ئوقۇپ، قەلب جامىنى ئىلىم شارابى بىلەن تولدۇرۇپ، ئىنسانلارنىڭ ئارىسىغا پەيدا
بولغان شۇملۇقلار ئۈستىدىن شۇ ئارقىلىق غەلىبە قىلىپ، جاھالەت بولۇتلىرىنى ھەيدەپ دۇنيانى بەخت-سائادەتكە باشلاپ
كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىدىغان ئەقلىي بار دەپ قارىغان بەزى كىشىلىرىمىزنىڭ، ئايرىم ساندىكى يالش ئوقۇتقۇچىلىرىمىزنىڭ
ئۆيلىرىدىمۇ بىرەردىن كىتابلىق يوقلۇقى، ئۇلارنى كەمبەغەل دېسەك، شۇنچە پۇلى كۆپ بايلىرىمىزنىڭمۇ كىتاب
سېتىۋالماسلىقى، ئۇلارنىڭ كىتاب سېتىۋېلىش سەپىرىنى ھاشار-مەدىكارغا بارغاندەك ئېغىر كۆرىدىغان بولۇۋالغانلىقى،
نەچچە مىليون ئاھالىسى بار خەلق تۇرۇقلۇق، ئۆزلىرىنىڭ جانجان مەنپەئىتى يولىدا يېزىلغان گۆھەر كىتابلاردىن
نەچچە مىڭىنى سېتىۋالمىسلىقى مانا مۇشۇنداق خۇنۇك روھىي مەۋجۇدلۇقنىڭ دەلىلىدۇر. دۇنيادىكى ھەممە مىللەتلەر
بىلىم بىلەن پۇل تېپىشنى، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، پۇل تاپىدىغان تىجارەتلەر ئارقىلىق بىلىم رىقابىتىدە ئۈستۈنلۈك
ئىگىلەشنى ئۆز ئالدىغا مەقسەت قىلىپ قويغان بۈگۈنكى كۈندە، بىزدىكى بۇنداق ئەزمىلىكنىڭ پەيدا بولۇشىنى قانداقمۇ
زامان بەيگىسىدىكى خەلقنىڭ قىلىقى دېگىلى بولسۇن!؟ بىر خەلقنىڭ يوقىلىشى تەس، لېكىن بۇنداق ئەزمىلىك قىلىش،
بىلمىگە، بىلىم بىلەن پۇل تېپىشنى بىرلەشتۈرۈش تەشەببۇسچىلىرىغا تەتۈر قاراش ، باشقا مىللەتلەرگە قاراملىق بىلەن
مۇشت كۆتۈرۈش شۇ خەلقنىڭ ئۆزىگە ئۆزى ئۆلۈم تىلىشىدۇر.

بارىغا شۈكرى قىلىش ياكى ئۆزىنى ئەمەكلەش روھىي ھالىتى. ئۆزاقىچە سېرىقتال كۆن كەچۈرگەن كىشىلەرنىڭ
ماددىي تۇرمۇشقا بولغان تەلىپى ئاددىي بولغىنىدەك، بىزدە مەنىۋى تۇرمۇشنىڭ ئىنسانغا خۇۋلۇق يەتكۈزىدىغان چوڭقۇر
قاتلاملىرىنى ئىزدىمەيدىغان قانائەتچانلىق روھىي ھالىتىمۇ خېلى ئېغىر. بۇنداق روھىي ھالەت ئەمەلىي تۇرمۇشىمىزدا
ھازىرقى دۇنيادىكى مەدەنىي ئىلگىرىلەش بىلەن ھېسابلاشمايدىغان غاپىللىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇنداق غاپىللىق
تۆپىلىدىن ئالغا ئىنتىلمەيدىغان، ئۆتۈپ كەتكەن دەۋرلەر قالدۇرۇپ كەتكەن ۋە ھازىر جانغا ئەسقاتمايدىغان نەرسىلەرگە
يېپىشىۋالىدىغان، شۇ تۆپىلى ئۆزلىرىنىڭ باشقىلار ئالدىدا تاشلاندۇق بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنىمۇ پەسەنت قىلماي يۈرىدىغان
پسىخىك ئادەت پەيدا بولۇپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا ئىجادىي پىكىر ۋە دادىل ئىلگىرىلەش تەشەببۇسلىرىغا
رەشك بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، جامائەت پىكرى جەھەتتە ئىجادىيلىقنى كاشىلا تۇغدۇرۇشتىن ئىزا تارتمايدىغان، ھېچبىر
تۇرۇپ تالانتلىق ئادەملىرىمىزنى ئېچىنىشلىق قىسمەتلەرگە دۇچار قىلىپ، ئۇلارنى مەرىپەت ئاسمىنىدىن غالىجىرلارچە
ساقىتىپ، ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن نومۇس قىلماي ھەسرەتلىك مەرسىيە، ھەيۋەتلىك قەسىدىلەرنى ئوقۇيدىغان مۇناپىقلىق-
مۇ ئۇزۇلمەي داۋام قىلىۋەردى. بۇنىڭ بىلەن كىچىك دائىرىدە بولسىمۇ ئۈششاق-چۈششەك نىزالار بارغانسېرى ئۆرلەپ،
ئەڭ ئۇلۇغ ئىشلار ئۈستىدىمۇ غەۋغا پەيدا قىلدى. ئىلىم-پەن ئېقىمى ۋە يېزا-بازار كارخانىچىلىقىدىن ئىبارەت سانائەتلە-
شىش ھەرىكىتىنىڭ زور بىر تۈركۈم تالانتلىقلارنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە مىللىي قېرىنداشلارنىڭ پاي قوشۇپ ھەمسىدارلىق
سانائەت شىركەتلىرىنى قۇرۇشى بىلەن شەكىللىنىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، خەلقىمىزگە تەلىم بېرىۋاتقان ئايرىم
رەھبەرلەر، ئالىملار، يازغۇچىلار، ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدىمۇ مۇشۇنداق ئۇلۇغ ئىشلاردا ئۆزئارا ھەمكارلىقنىڭ، ئۆزئارا
ئىززەت-ئېكرام قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى ئەتەي بىلمەسلىككە سالىدىغان، ئۇرۇن، مەرتىۋىدە سەل-پەل چوڭايغان ھامانلا
چوڭچىلىق قىلىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلدى. ئۆزى ئىتتىپاقلىق دەپ تۇرۇپ يەنە بىرىنى بوزمەك ئېتىدىغان ياكى بىرەر
قابىل كىشىگە ھەسەتخورلۇق قىلىدىغان بولمىغۇر ھەرىكەتلەر بارغانسېرى كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ چىشىغا تېگىپ، ھەتتا
بۇرتۋازلىق بىلەن تەرەپ-تەرەپ بولۇپ ماي تارتىشىدىغان ئەھۋاللارمۇ تىنچىمىدى. بۇنداق ئەھۋاللار خۇددى ئاللا

قاناتلارنىڭ قونداقتا قېرىنداشلىرىدىن ئۇرۇن تالىشىشقا ئۇخشىشىپ كېتىدۇ: ئاڭلىشىمچە، ئالاقانات توختىماي ئۇرۇن تالىشىدىغان بىر خىل قۇش ئىكەن. ئالاقاناتتىن ئەنچە ياكى ئەنچە ئۇنى بىرلىكتە دائىلىسىمۇ قونداقتا بىللە تۇرمايدىكەن. قونداقتا قايسىسى بولسا يەنە بىرسى چىقىپ جورىسىنى قىستاپ چۈشۈرۈۋېتىپ ئۇنىڭ ئورنىنى ئىگىلەيدىكەن، ئەمما، ئۆزى باشقا قونداققا چىقمايدىكەن ياكى باشقا قۇشلاردىن قونداق تالاشمايدىكەن. ئالاقاناتلار ھاياتىدا بۇنداق ئورۇن تالىشىش ئۈزلۈكسىز داۋام قىلىدىكەن. بۇنىڭ بىلەن باشقا قۇشلار ئالاقاناتلارنىڭ ئۆزئارا ئورۇن تالىشىپ، باشقا ئورۇنلار بىلەن كارى يوقلۇقىنى تاماشا قىلىدىكەن-دە، ئالاقاناتلار جېدەللىشىپ يۈرۈپ ئۆلگۈرەلمىگەن ئورۇنلارنىڭ ھەممىنى، مىختەك ئىگىللەپ ئالىدىكەن. ئالاقاناتلار ئىگىلەشكە تېگىشلىك قونداق ھەتتا قونداقتىكى ئورۇنلارنىمۇ ئېگى ناھايىتى تۆۋەن بولغان قۇشلار ئارىسىدىكى ئالاقاناتلار ئۆزىنىڭ ئورۇنشاقلىقىدىن ئاشۇ كۈنگە قالغان يەردە، يۈكسەك ئاڭغا ئىگە ئادەملەر ئارىسىدىكى ئالاقاناتلىق ئادىتىنى ئۆگەنگەن كىشىلەرگە نېمە بولماقچى ئىدى؟ يېقىنقى زامان تارىخىمىزغا نەزەر سالساق، دوستىنى يىغلىتىپ، دۈشمەننى كۈلدۈرىدىغان بۇنداق قوشقار سوقۇشلىرى بىزنى كۆپ تەرەپلەردىن دەرد-ئەلەمگە داغلاپ، ئېگى تۆۋەن، ئىرادىسى ئاجىز، ئەقلى كالتا، يىراقنى كۆرەلمەيدىغان بەزى ئادەملىرىمىزنى ئۆز مىللىتىدىن زېرىكىپ چەت ئەلگە قاچىدىغان لاماكانلارغا ئايلاندۇرۇپلا قالماستىن، تەرەققىيات ئىستىقبالىمىزنىمۇ خۇنۇكلەشتۈرۈپ، ئەجنەبىيلەرنىڭ نەزىرىگە «تازا بىر راۋاج تاپمايدىغان بىر نېمىلەر ئىكەن-ھە!» دېگەن يەرگىچە ئېلىپ باردى، بەزى تۇغقان خەلقلەرمۇ بىزنى كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇپ كەتتى، بۇنداق شارائىتتا كىشىلەر قانداقمۇ بىرسى-بىرسىگە ئىشەنچ قىلىپ ئەسىرالشالىسۇن؟ روشەنكى، بۇ كىشىلەرنى بىر-بىرىدىن قورقىدىغان، گۇمانلىنىدىغان قىلىپ قويىدىغان ئەشەددىي تراگېدىيە، ئەجدادلار روھى ئالدىدىكى جىنايەت!

بۇنىڭدىن 2250 يىل بۇرۇن ئۆتكەن ئەيسا ئەلەيھىسسالام ھەتتا «رەقىبىڭ بىلەنمۇ تېزدىن يارىشىۋال» دېگەن يەردە، ھازىرقى مەدەنىيلىك دەۋرىدىكى مىللى قېرىنداشلارنىڭ مۇنداق ئورۇنشاقلىقىنى ئىنسانىيەت ئالەمگە چۈشەندۈرگىلى بولارمۇ؟! ياق! ھازىرقى دۇنيادا بۇنداق جېدەلخورلۇق ئۆزىگە ئۆلۈم تىلەش بولۇپ، ھەتتا ھەر مىللەت خەلقلىرىمۇ ئىناق ئۆتۈش مەملىكىتىمىزنىڭ تاللىۋالغان ئورتاق يولى بولۇۋاتقان يەردە، بۇنداق ئىتتىپاقسىزلىق، ئازازلىق پەيدا قىلغۇچىلارنى دۆلەتمۇ، مىللەتمۇ، دۇنيامۇ راۋا كۆرمەيدۇ. شۇڭا، بۇ مىللەتتە كىمكى ئۇغۇزخان ئەتراپىغا ئۇيۇشقان نامىغا لايىق چىن دوستلۇقنى بايراق قىلسا ھۆرمەت تاپىدۇ، دوستلۇقنى بۇزسا ۋەلەك بولۇپ چىقىدۇ. يەنە كېلىپ قەدىرلىنىش ۋە باشقىلار بىلەن دوستانە ئۆتۈش ئىنسانىيەتنىڭ مەڭگۈلۈك تەبىئىتى بولغانلىقتىن، دوستلۇقنى قەدىرلىمەيدىغان ئورۇنشاقلىق يېگىلمەي قالمايدۇ.

— مەن يالاڭئاياغ چېپىپ يۈرىدىغان كىچىك بالا ۋاقتىمدا، — دېدى بۇ ھەقتە ئەڭ چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بارغان دانىشمەن كارنىگ، — ئېزوپ مەسەللىرىدىكى قۇياش بىلەن شامالنىڭ ھېكايىسىنى ئوقۇغانىدىم:

«بىر كۈنى، قۇياش بىلەن شامال قايسىمىز قۇدرەتلىك دېگەن مەسىلىدە تالاش-تارتىش قىپتۇ. شامال: ئەلۋەتتە مەن قۇدرەتلىك، قاراپ تۇر، سەن بىلەن دو تىكىشمەيلى، ئاۋۇ مويسىپىت كىشىنىڭ پەلتوسىنى سەندىن تېز سالدۇرۇۋېتەلەيمەن دەپتۇ-دە، شۇ ھامان ئۇ كىشىنى قاتتىق پۈۋلەپتۇ. بىراق، شامال قانچە كۈچىگەنسېرى ئۇ كىشى پەلتوسىغا شۇنچە چىڭ ئورۇنۇۋاپتۇ. ئاخىر شامال ھېرىپ توختاپ قاپتۇ.

بۇ چاغدا قۇياش بۇلۇت ئارىسىدىن چىقىپ، ئوتلۇق نۇرىنى چاچقانىكەن، بىردەمدىلا ھېلىقى بوۋاي تەرلىرىنى ئېرتىپ، پەلتوسىنى سېلىۋېتىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن قۇياش شامالغا: «مۇلايىملىق ۋە دوستلۇق مەڭگۈ زوۋانلىقتىن غالىب كېلىدۇ» دەپتۇ.

ئېزوپ گرېتسىيىلىك قول بولۇپ، ئۇ ئەيسا ئەلەيھىسسالامدىن 600 يىل بۇرۇن ئۆتكەن بولسىمۇ، بىزگە كىشىلىك مۇناسىۋەتكە ئائىت نۇرغۇن ھەقىقەتلەرنى ئۆگەتكەن. بىز بۇنىڭدىن ھازىرقى بوستون ياكى بىرمىنھامدىكى كىشىلەرنىڭ بۇنىڭدىن 2600 يىل ئىلگىرىكى ئافىنادىكى كىشىلەر بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىمىز. شامال سالدۇرالمىغان پەلتونى قۇياشنىڭ ئاسانلا سالدۇرغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ھەقىقەتتىن كىشى قەلبىنى كۆڭۈلگە ئازار بېرىش بىلەن ئەمەس، يېقىنلىشىش، دوستلۇق ئىپادىلەش ۋە ماختاش ئارقىلىقلا يىللىتقىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالدۇق. بۇنىڭغا قوپاللىق قىلىش ۋە ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولمايدۇ».①

---

① كارنىگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى»، شىنجاڭ ياش-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 228-بەت.

ئەقىلگە ئىشارەت، نادانغا جۇۋالدۇرۇزكى، بىزدىكى ئەنە شۇنداق چۈپەيلىكلەرنى يوشۇرۇپ، ئۆزىنى ئەمەكلەش روھى ھالىتى شامال سالدۇرالمىغان پەلتونى قوياشنىڭ ئاسانلا سالدۇرالىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى چۈشىنەلمەسلىك، خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىق رابىي ھامان قوپاللىق، ئۆزئارا ھۇجۇم قىلىدىغان جېدەلخورلۇق نىجاستى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا ئېتىقاد قىلالمىسلىقنىڭ تەلۋىلىكنىڭ ئاشكارىلىنىشى بولۇپ، ئۇ ئىنسانىيەت ۋە مىللەت تەبىئىتىگە زىت پەسكەشلىكتۇر.

بىزدە ھەقنى قوللىمايدىغان ۋە ناھەققە قارشى تۇرمايدىغان ئاشۇنداق پىسخىك ھالەت ھازىرقى كۈندىمۇ ئىسلاھات، ئېشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ غەلىبە قىلىش ياكى مەغلۇپ بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىجادىيەت قىزغىنلىقىنى مەلۇم دەرىجىدە بوغۇپ تۇرغاچقا، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قىممەت قارىشى يەنىلا كونا پېتىچە تۇرماقتا. ئۇلار ئۆزىمىزنىڭ ئارقىدا قالغانلىقىمىزنى كۆرمەسلىككە سېلىپ ياكى كۆرسىمۇ ئۆزىنى ئەمەكلەپ يۈرمەكتە. بولۇپمۇ بۇنداق پىسخىك ھالەتكە تۆۋەن دەرىجىلىك ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ تېزگىنلىشى قوشۇلۇپ، قىممەت قارىشىنى ئىپادىلەيدىغان ئەخلاقىي-پەزىلەت، پايدا-زىيان، باي-كەمبەغەللىك، ئۆتۈش-ئولتۇرۇش قاراشلىرىدا يەنىلا ئەنئەنىمىزدىكى نالچار ھادىسىلەر ئۈستۈن ئورۇنغا ئۆتىۋالماقتا. بۇنىڭ بىلەن بىلىمگە سەل قاراش، تۆۋەن بىلىم ۋە تۆۋەن قابىلىيەتكە مەمنۇن بولۇپ ئىلگىرىلىمەسلىك، جان ساقلاشقا بىرەر دىمخلى چىقىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ھەر ئىشنىڭ پۇختا ۋە ئەترەپلىق بولۇشىنىلا قوغلىشىپ، يېڭىلىققا كۈچلۈك ئىنتىلمەسلىك، مەدەنىيەت جەھەتتە ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەتنى زامانىۋى مىللىي مەدەنىيەتكە ئايلاندۇرۇش يولىدا تىرىشچانلىق قاتارلىق ئىللەتلەر گەۋدىلەنمەكتە. ھەتتا پۇل ھەممىنى ھەل قىلىدۇ دەپ، ئىنسانلىق شەرىپىنى يەرگە ئۇرىدىغان ھەرقانداق ئەخمەقلىق ۋە پەسكەشلىكنىڭ ئىلىم-پەن ئارقىلىقلا سۈپۈرۈپ تاشلىنىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىدىغان بۇزۇقلۇقمۇ باش كۆتۈرمەكتە. ئەنە شۇنداق ئىللەتلەر بەزى كىشىلەردە تارىختا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بايان قىلىش ۋە ئەجدادلىرى ياراتقان تارىخ بىلەنلا ماختىنىپ، ئۆزى شۇنداق شەرەپلىك تارىخ يارىتىشقا زۆرۈر بولغان زامانىۋى ئەقلىي پائالىيەتلەرگە كۈچلۈك ئىنتىلمەسلىكتەك ياقاۋلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. بەزىلەر مىللىي غورۇر دېگەننى مەملىكىتىمىزدىكى خەنزۇ ۋە باشقا ئىلغار مىللەتلەردىن ئۆگىنىش ۋە ئۇلارغا يېتىشىۋېلىش دەپ چۈشەنمەستىن، مەست بولغاندا پو ئېتىپ قويۇپ، مەستلىكتىن يېشىلگەندە ئۇنتۇيدىغان، بىرنەچچىسى بىر بولغاندا پو ئېتىپ، بىر پۇلغا زىيان بولىدىغان جايدا تامامەن يۈز ئۆرۈيدىغان ئويۇنچۇققا ئايلاندۇرماقتا. بەزىلەر خەلقىمىزنىڭ ئىنسان ھاياتىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاساسلىق زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى، ئىلىم-پەن تەتقىقاتى خەلقئارا سودا جەھەتلەردە بارغانسېرى ئىقتىدارسىزلىشىپ چېكىنىپ كېتىۋاتقانلىقىمىزنى چۈشىنىشىغا ئالماي، ھۇشىنى يوقاتقان ساراڭلاردەك نوقۇل نەغمە-ناۋا قىلىپ يۈرمەكتە. بۇنىڭ بىلەن ئۇلۇغ بوۋىلىرىمىزنىڭ «تۇرمۇش ھەرقانچە قىزىقتۇرسىمۇ، ئۇنىڭغا بېرىلىپ كەتمەڭلار، چىرىكلەشمەڭلار»، «يامانلارنىڭ ئەدىبىنى بېرىپ، ئاجىزلارنى يۆلەڭلار» دېگەن ۋەسىيەتلىرى ۋە ئىلىمنى ئىككى دۇنيا شاھلىقىدىن ئۈستۈن بىلىدىغان، ئىلىم پەيزىنى پادىشاھلىق كۈچىدىنمۇ ھاياتبەخش قۇدرەتكە ئىگە دېيىشكەن، ئەقىلسىۋل مىنەل ھەق دەپ، ھەر ئىشنى ھەق قىلىدىغان شەرەپلىك ئەنئەنىسى بوغۇلۇپ قالماقتا. بەزى كىشىلەرنىڭ ئۆزى ئەنە شۇنداق ياقاۋ ھەم نادان تۇرۇقلۇق، ئۆزلىرىنى باشقا مىللەتلەرگە ئەستايىدىل سېلىشتۇرۇپ ئۆگەنمەي، قۇرۇق شوئارلار بىلەن چېكىدىن ئاشقان بىلەرمەنلىك قىلىشى بىزدىكى نادانلىقنىڭ ئەڭ شەرمەندە كۆرۈنۈشىدۇر.

مەدەنىيەتسىزلىكنى ئاساس قىلغان يۇقىرىقىدەك روھىي ئىللەتلەر بىزدىكى خېلى كۆپ كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلىدا تۇرغۇنلۇقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ياقاۋلىق، ھورۇنلۇق ئىنسانلار تارىخىدا ھەرگىز ياخشى نەتىجە بەرمىگەن. ھەرقانداق بىر ئىجادىيەت بولغاندا، بۇرنىنىڭ ئۇچىنى كۆرىدىغان ۋە كونىلىق بىلەن جان بېقىشقا ئۆرۈنىدىغان بىر تۈركۈم جاھىل كۈچلەرنىڭ قورشاپ ھۇجۇم قىلىشىغا ئۇچراپ تۇرغان. يېڭىلىقنىڭ نەتىجىسى قانچە شانلىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، خۇراپىيلىق تەرىپىدىن «غەيرىي مەخلۇق»، «جىددىلىق» دەپ قارىلانغان. بىزنىڭ ئارىمىزدىكى بەزى كىشىلەردىكى پىسخىك ياقاۋلىقمۇ ئۇنىڭدىن كۆپ پەرقلەنمەيدۇ. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى داۋام قىلغان داشقازاننىڭ تامىقىنى يېيىش ئادىتى يەنە تېخى تۇرغۇن تەپەككۇر ئۇسۇلىغا يۆلىنىۋېلىش روھىي ھالىتىنى قوشتى. تەپەككۇر قاششاقلىقىنىڭ بۇ ئىككى خىل ئالامىتى مەدەنىيەتتە قانچە ئارقىدا قالغان جايلاردا شۇنچە كۈچلۈك تۈردە ئۆزىنى ئىپادىلەپ، رېئال ھاياتنى ياخشىلاشقا قانچە كۈچلۈك ئىنتىلگەن كىشىلەرگە شۇنچە كۈچلۈك تۈردە قىزىلكۆزلۈك قىلىدىغان پىسخىك ئاساسى بولدى. تەپەككۇر تۇرغۇنلۇقىنى مىسالغا ئالساق، يېزا ۋە كىچىك شەھەرلىرىمىزدىكى تەپەككۇرى تۇرغۇن كىشىلەر

تار نەزەر دائىرە ۋە بۇرنىنىڭ ئۇچىدىكى كۆرۈش ئۇسۇلى بويىچە ئوۋرغۇن تەپەككۇر قىلغانلىقتىن، ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىش، يېزا-بازار كارخانىلىرىدىن ئىبارەت سانائەت قۇرۇشنىڭ قىيىنچىلىقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي «ئەتىكى قويرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكە ياخشى» دېگەن ئەقىدە بويىچە، قىسقىغىنە ۋاقىت ۋە ئازغىنە كۈچ بىلەن قولغا كېلىدىغان تارقاق ئىگىلىك بىلەن بولۇپ كەتتى، سەل-پەل پۇلى بارلىرىمۇ باشقا ھەرلەردىن تەييار تاۋار ماللارنى ئۆز شەھەرلىرىگە ئېلىپ كېلىپ سېتىشنىلا بىلدى، خالاس. سودىگەرلىك ئۇلۇغ ئىش. ئۇ بىر خىل مەدەنىيەت، ئۇ ئىگىلىك تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ، ئەلۋەتتە. ئەمما، كىشىلەرنىڭ ئومۇمىي ساپاسى، ئۈستۈرۈشتە بۇنچىلىك سەۋىيە تېخى كۇپايە قىلمايدۇ.

بۇلاردىن كۆرگىلى بولىدۇكى، تەبىئىتىمىز ۋە مىللىي مەدەنىيەت مۇھىتىمىزدىكى ئىنسانىيەتكە تېخىمۇ گۈزەللىك بېغىشلايدىغان ئىجادىي قابىلىيەتنى توسۇپ، مېڭىمىزدە توغرىسىغا يېتىۋالغان دۈشمەن ئەنە شۇ باللىق چاغلار ۋە قىيىن شارائىتلاردىكىدەك ئەركىن تەسەۋۋۇرلارنى بوغۇۋالغان پسىخىك ئىللەتلەر ۋە مىللىي مۇھىتىمىز يېتىشتۈرگەن پسىخىك ئاجىزلىقلار بولۇپ، ئەگەر بىز يوشۇرۇن قابىلىيەتلىرىمىزنى ئېچىش ۋە ئۇنى تولۇق ئىشقا سېلىش ئارقىلىق پارلاق ھايات تارىخىمىزنى يازماقچى بولىدىكەنمىز، ئالدى بىلەن ئۈمىدسىزلىك، مېيۇسلۇق، ئىشەنچسىزلىكنى چىقىرىپ تاشلاپ روھىمىزنى ساغلاملاشتۇرۇشىمىز، ئۆزىمىزنى قەدىرلىشىمىز، ئۆزىمىزدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتنىڭ ئۇلۇغ قۇدرىتىگە تولۇق ئىشەنچ تۇرغۇزۇشىمىز، ئاقىل ئالىملار ۋە دانىشمەن پەيلاسوپلارنىڭ چوڭ مېڭە ھەققىدىكى ھېكمەتلىرىگە قۇلاق سېلىپ، ھازىرقى ھورۇن ھەم بىخوت، قاتمال، ناقابىللىقىمىزنى ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك.

تېخىمۇ كونكرېت ئېيتقاندا، بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ ئارىمىزدا خەلقىمىزنىڭ شۆھرىتىنى يەرگە ئۇرىدىغان بىر-بىرىنى كۆرەلمەسلىك، ھەسەتخورلۇق، يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق، چېقىمچىلىق، ئۆچەكىشىش، پىتنىخورلۇق ئىللەتلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى؛ ئىلغار رايون، خەلقلەرنىڭ تەرەققىي قىلىپ نەگە بارغانلىقى بىلەن ھېسابلاشماي، باشقىلار بىلەن بىلىم، ئىقتىدار جەھەتتە بەسلەشمەي، ئەكسىچە زىددىيەت ئۇرۇقلىرىنى چېچىپ يۈرۈيدىغان نادانلىقلىرىمىزنى؛ غايىلىك ۋە ئەمگەكچان ئەۋلاد تەربىيىلەش يولىدىكى پايدىلىق ئەمەلىي ھەرىكەتلەرگە جان تىكمەي مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىدىغان، بىكار تەلەپلىك، ئويۇنخۇمارلىق، ئۆز-ئۆزىدىن قانائەتلىنىدىغان، سۆلەتۋازلىققا بېرىلىدىغان، مىللىتىمىزنىڭ تارىختىكى تۆھپىلىرىدىنلا قانائەتلىنىپ يۈرۈيدىغان بىخودلۇقلىرىمىزنى؛ مىللىتىمىز ئارىسىدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ ئەخلاقتا پەسلىشىپ، «خوتۇن بېدىكلىرى»گە ئايلىنىپ كەتكەنلىكلىرىنى؛ بەزىلەرنىڭ ھاراقكەش، بەزىلەرنىڭ يۇرتۋاز، بەزىلەرنىڭ ئىشتىلدا چىرىك، بەزىلەرنىڭ گېپىدە تۇرمايدىغان ئىككى يۈزلىمە، يەنە بەزىلەرنىڭ دوستلۇقنى قەدىرلىمەي گۇرۇھ-مەزھەپ شەكىللەندۈرۈپ يۈرۈيدىغان «جېدەل خۇمارلىق»لىرىنى؛ بەزىلەرنىڭ ئىلىم-پەن ئارقىلىق ئىقتىدار ئىگىلەيدىغان ئويدان پۇرسەتلەردە نوقۇل مەمۇرىي دەرىجە قوغلىشىپ ئاساسىي بىلىملەردىن خەۋەرسىز ۋالاقتەككۇرلارغا ئايلىنىپ كېتىۋاتقانلىقلىرىنى؛ شۇنداقلا تارىختا نۇرغۇن زېمىنلار قوچقان بۇ مىللەتنىڭ بۈگۈنكى يېڭى دەۋرنىڭ قەدرىگە يەتمەي، ئۆز پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇشسىز قالدۇرۇپ، ئۇلارنى «كوزى ئوچۇق قارىغۇلار»دىن قىلىپ قويۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يېتىپ، بۇ ئىللەتلەرنى مىللەتكە كۆيۈنۈش يۈزىسىدىن قەتئىي ئۆزگەرتىپ، جۇڭگودىكى مىللەتلەر قاتارى زامانىۋى خەلق بولۇش ئۈچۈن ئومۇميۈزلۈك ئاتلىنىشىمىز كېرەك.

چۈنكى، ئىللەتلەر تۈزەلمىسە مىللەت تۈزەلمەيدۇ، مىللەت ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ئۇ ئىللەتلەردىن قۇتۇلمىسا، ئۇنىڭ ساپاسى بارغانسېرى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ، ھەتتا مىللەتتىكى بۇ ئاجىزلىق ۋە ئىللەتلەر قىيامەت قىينىغا ئايلىنىپ بېشىمىزنى يەيدۇ. بىزدىكى بەزى كىشىلەر بىزنىڭ ئۆزىمىزنى بىلىش ۋە ئېتىراپ قىلىش ئاساسىدا پسىخىك ئاجىزلىقلارنى تونۇشىمىزنى توغرا تونىيالماي، ئاجىزلىقلىرىمىز، ئەيىب-نۇقسانلىرىمىزنى كۆپ دەپ كەتسەك، مىللىي غورۇرىمىزغا دەخلى يېتىپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەيدۇ. دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەر ئۆز دەرۋازىلىرىنى دۇنيانىڭ ھەممە تەرىپىگە قاراپ ئاچقاندا، ئۆزلىرىدىكى دۇنيا مىللەتلىرى ئالدىدا چاندىغان ئاجىزلىقلارنى تۈزىتىشنى مىللىي غورۇرنى يەرگە ئۇرۇش دېمەستىن، بەلكى تۆۋەن سەۋىيىدىكى تار مىللىي ئاڭنى دۇنيا سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈش، يالغانلاتىن ئۆزىنى ئەمەكلەيدىغان بىر تەرەپلىمە پوچىلىقنى ئۆزگەرتىش، ئۆزىنى-ئۆزى تەمسىلەيدىغان تارقاق ئىگىلىكنى دۇنيا بازىرىنى نىشان قىلغان زامانىۋى ئىگىلىككە ئۆستۈرۈش، دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى سەۋىيىنى قوبۇل قىلىپ ئۆزلىرىدە دۇنياۋى تالانتلىق ئادەملەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشنىڭ زۆرۈر شەرتى دەپ قارىغان ئىكەن، بىزمۇ ئۆزىمىزنىڭ يامان ئىللەت، ئاجىزلىقلىرىمىزنى يوشۇرماي ئېچىپ تاشلاپ ۋە تۈگىتىپ مىللىي روھنى ساغلاملاشتۇرۇشنى ئۆزىمىزنىڭ تارىخىي شەرەپلىرىمىزنى ساقلاپ قېلىش ۋە

ئۆستۈرۈشنىڭ ئەخلاقى بۇرچى، مىللىي غورۇرنى ئۆستۈرۈشنىڭ زۆرۈر شەرتى دەپ قارىشىمىز كېرەك.

چۈنكى، دۇنيادا ئەيىبسىز ھېچنېمە بولمىغاندەك، ئەيىبسىز خەلقمۇ بولمايدۇ. مەلۇم خەلقتىكى ئەيىب نۇقسانلار گەرچە ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى مەلۇم مەزگىللەردە مەلۇم تەرەپلەردىن توسۇپ تۇرسىمۇ، ئەمما پىكىر دېگەن ئەمەلىي تۇرمۇشتىن ئىلگىرىلەپ كەتكەنلىكتىن، ئۇ خەلق ئۆز ئەيىبلىرىنى بىلىپ يېتىپ، ساۋاقلارنى قوبۇل قىلغاندا بولسا، ساۋاق قىلىنغان ئەيىب نۇقسانلاردىن چوڭچوڭ ئۆيغىنىپ، ئۆز خەلقىنىڭ تارىخىي ئۈستۈنلۈكىنى ياراتقان شەرەپلىك ئارتۇقچىلىقلىرىنىڭ تېخىمۇ تولۇق جارى بولۇشىغا تۈرتكە بولىدىغان يېڭى ئىدىيە، ئىلغار پىكىر ھاسىل قىلىدۇ. مانا بۇ ئەقىل تېپىپ ئۆز گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلغۇچى خەلقلەرنىڭ بەخت مەنزىلىگە قاراپ ئېچىلغان يېڭى يولدۇر. بۇنىڭدىن 2500 نەچچە يىلى بۇرۇن جۇڭگودا ئۆتكەن ئۇلۇغ پەيلاسوپ لاۋزى «ئۆزگىنى بىلگەنلەر زېرەك، ئۆزىنى بىلگەنلەر دانادۇر.» دېگەن بولسا، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام يېنىدا تۇرغان ئەمرو ئىبنى ئەلس: ئاگاھ بولۇشقا تېگىشلىك ئىللەتلەر بار «بۇ ئىللەتلەر راھەت-پاراغەتنى جاپا-مۇشەققەتكە ئايلاندۇرىدۇ؛ پاراۋانلىقنى نامراتلىققا ئايلاندۇرىدۇ؛ شان-شۆھرەتنى نومۇس-خورلۇققا ئايلاندۇرىدۇ. مەن سىلەرنى پەرزەنتنى ئاز تېپىشقا، تىرىشچان، ئىقتىساتچىل بولۇشقا، پۇل-مالنى بۇزۇپ-چاچماسلىققا، قورۇق گەپنى ئاز قىلىشقا دەۋەت قىلىمەن.»[1] دېگەنلىكى ھەر بىر خەلقنىڭ ئۆزىنى بىلىش، ئۆزىنى ئېتىراپ قىلىشى «دانىشمەنلىكنىڭ ئالدىنقى شەرتى»، ھەر بىر مىللەتنىڭ ئەقىل تېپىشى، بەختىيارلىقنىڭ ئالدىنقى شەرتى، ئۆز تەرەققىياتىنى قولغا كەلتۈرۈشىدە ئۆزىنى بىلىش ھەرىكىتىنىڭ بىر خىل تارىخىي ئىزچىللىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بىز نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۆزىمىزنىڭ مەلۇم جەھەتلەردىكى ئارتۇقچىلىقىمىز ياكى تارىخنىڭ ناھايىتى مۇقەددەم ۋاقتىدا دۇنيا مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىلىرىمىز بىلەن بىز ئۇنداق ئۇلۇغ، بۇنداق ئۇلۇغ دېيىلىشقا كۆنۈپ قالغانلىقتىن، ھازىرقى كۈندىمۇ ھەققىي تەرەققىياتقا ئېرىشكەن خەلقلەرنىڭ ئالدى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىقلىرى، ئەيىب-نۇقسانلىرى، ئۈستىدىن غەلىبە قىلغۇچىلار ئىكەنلىكىنى تولۇق بىلىپ يېتەلمەيۋاتىمىز. بۇ بىرىنچىدىن، ھازىرغىچە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەت ۋە بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئاساس سالغان ئارتۇقچىلىقىمىزنى يېگىچە مىللىي مەدەنىيەت ئەربابلىرىمىز ئارقىلىق دۇنياغا تېخىمۇ كەڭرى تونۇتۇش ئۈچۈن پايدىسىز بولسا، ئىككىنچىدىن ئۆزىمىزنىڭ ئەيىب نۇقسانلىرىمىزنى قامچىلاپ يوقىتىپ قەد كۆتۈرۈشىمىز ئۈچۈنمۇ پايدىسىزدۇر. ماركسىزىممۇ ھەرقانداق خەلقنىڭ ئادەت ۋە پسىخىكىسىدىكى تەرەققىياتقا زىت بولغان پەسكەشلىكنى تونۇش، تازىلاشنى شۇ مىللەتكە مەسئۇل بولۇشتىكى تارىخىي بۇرچ، مىللەتنىڭ كۈرەش ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىش، ئۇنى قايتىدىن قوزغىتىپ چىقىدىغان بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان قىلىشتىكى مۇھىم شەرت دەپ قارايدۇ. شۇڭا، ئېنگېلىس نېمىس مىللىتىدە مەۋجۇت بولۇۋاتقان چاكىنا مېشچانلىق ئادىتىنى نېمىسلارنىڭ ئۆز بەختى ئۈچۈن بولغان ئەمگەك ھەم كۈرەش جەريانلىرىدىكى چىدىماسلىق، پەسكەشلىك دەپ قاراپ، بۇنداق مېشچانلىق «گېرمانىيىدىكى بارلىق سىنىپلارنى بۇلغاپ، گېرمانىيىنىڭ ئىرسىيەتلىك كېسىلىگە ئايلاندى، قۇللارچە باش ئېگىش، خۇشامەت قىلىشنىڭ ۋە نېمىسلاردىكى بارلىق ئەنئەنىۋى رەزىللىكلەرنىڭ ئۇمراق بىر تۈۋرۈكى بولۇپ قالدى. بىزنىڭ مانا مۇشۇ ئادەتلىرىمىز بىزنى چەت ئەللىكلەرنىڭ ھەزىل قىلىشى ۋە كۆزىگە ئىلما سىلىقىغا ئېلىپ بارماقتا. ئۇ بىزنىڭ چۈشكۈنلىشىپ كېتىشىمىز ۋە ئىرادىمىزنىڭ بوشاپ كېتىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب» دېگەن. دېمەك، بىزنىڭ ھازىرقى كۈندە پسىخىك ئاجىزلىقلارنى تىلغا ئېلىشىمىز، ئۆزىمىزنىڭ ماختانچاق ۋاقىتلىرىمىزدا بىپەرۋالىق بىلەن سەل قارىغان، ئاددىيلىق بىلەن ئىنكار قىلغان، بىكىنمىلىك بىلەن «قۇدۇققا كىرىۋېلىپ جاھان مۇشۇ» دېيىدىغان پاقىلارنى دورىغان ۋاقىتلىرىمىزدىكى سەۋەنلىكلىرىمىزنى ئۆزىمىز سوتقا چاقىرىش، بىزنى چۈشكۈنلۈككە ئېلىپ بارىدىغان، ئىرادىمىزنى بوشاشتۇرۇۋېتىدىغان بىزنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئەرزىمەس قىلىۋېتىدىغان ئاپەتلەرنى يوقىتىش بولۇپ، بۇنداق ئەسلىمە ۋە تۈزىتىش نەسلىمىزنى قۇرۇتۇشقا خىرىس قىلىۋاتقان خۇرۇپىغا قارشى تۇرۇش، خەلقىمىزدىكى پاكىز ۋە نورمال بولغان توي، مېھماندارچىلىقلارنىمۇ بۇزۇپ، ئۇلارنى پۇتكۈل مىللەتنى ئىقتىسادىي جەھەتتە ھالسىرىتىدىغان ھەشەمەتچىلىك سورۇنىغا ئايلاندۇرۇشقا قارشى تۇرۇش، قىسقىسى، بىزنى زەئىپلەشتۈرۈپ، بەختى-ئامەت، شان-شۆھرەت، بەخت-سائادەت، ئىززەت-ھۆرمەتتىن مەھرۇم قىلغۇچى بارلىق مېشچانلىقلارغا قارشى تۇرۇشنىڭ باش تۈنۈقىسىدۇر. بىلىشىمىز كېرەككى، ھەرقانداق بىر مىللەت ئۆزىنىڭ قالاق، ناچار ھالىتىنى ئۆزلىرى ئۆزگەرتمىگىچە، ئۇنى ھېچكىم ئۆزگەرتىپ بەرمەيدۇ.

---

[1] «رامزاننىڭ ئون يەتتىسى»دىن ئېلىندى.

## 2. يوشۇرۇن قابىلىيىتىمىزنى ئېچىشنىڭ شەرتى

بىزنىڭ مېڭىمىز ناھايىتى مول قابىلىيەت كانى بولۇش بىلەن تەڭ، يەنە ئەڭ نازۇك، سەزگۈر، ھەرىكىتى مۇرەككەپ بىرخىل ماشىنا. بىزدە چوڭ مېڭىدىن ئىبارەت يوشۇرۇن قابىلىيەت كانى بولسىمۇ، ئۇنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ئۇسۇلىمىز توغرا بولمىسا، ئۇ كاننى ئۈنۈملۈك ئاچالمايمىز. ئۇنى بىرخىل ئۇسۇل بىلەن ھەرىكەتلەندۈرسەك بىزنى ئۇتۇقتا ئېلىپ بارسا، يەنە بىرخىل ئۇسۇل بىلەن ھەرىكەتلەندۈرسەك مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ بارىدۇ. ئۇنى توغرا ئۇسۇل بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈش تامامەن ئىدىيىۋى تەربىيىلىنىشكە باغلىق بولۇپ، خۇددى ئادەمنىڭ زېھنىي قابىلىيىتى، ئىممۇنىتېت كۈچى، فىگۇرىسى، ئۆمرى بەزى يېمەكلىكلەر بىلەن ياخشىلىنىپ بارسا، يەنە بەزى يېمەكلىكلەر بىلەن ناچارلىشىپ بارغانغا ئوخشايدۇ. بۇنداق ئىكەن، ئاكتىپ ئىدىيە بىلەن تەربىيىلىنىش مېڭىمىزدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتنى ئېچىشنىڭ شەرتى بولىدۇ. بىراق، ئىدىيىۋى تەربىيىلىنىشنىڭ ئوزۇقلۇقى يېمەكلىكلەردەك بىر نەرسىگە قاچىلاپ ئالىدىغان ياكى بازاردىن سېتىۋېلىشقا بولىدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى سىزنىڭ مۇھىتىڭىز — سىزنىڭ ئېڭىڭىزغا تەسىر قىلىدىغان ئىشلاردۇر. بىزنىڭ مۇشۇ جەمئىيەتتە تەربىيىلىنىشىمىز بىزنىڭ ئادىتىمىزنى، پوزىتسىيىمىزنى، خاسلىقىمىزنى بەلگىلەيدۇ. ئويلاپ باقايلى، بىز جوڭگودا ياشاۋاتقانلىقىمىز ئۈچۈن قىلىقلىرىمىز جوڭگوچە بولىدۇ، بىز يەنە ھەرخىل مىللەتتىن بولغانلىقىمىزدىن ئادەتلىرىمىز ھەرخىل بولىدۇ. ئادەتلەنگەن ھەرىكىتىمىز، تىلىمىز، قىزىقىشلىرىمىزلا ئەمەس، ھەتتاكى يول يۈرۈشىمىز، يۆتىلىشىمىز، ئاش-نان، چاي-دۇغلارنى ئىچىشىمىزمۇ پەرقلىنىپ تۇرىدۇ؛ مۇزىكا، مەدەنىي مەشغۇلاتلىرىمىزدىن تاكى تەققى-تۇرقىمىزنى رۇسلاپ يۈرۈشىمىز، كىيىنىشىمىزمۇ ئوخشىمايدۇ. مانا بۇنداق ئوخشىماسلىقلار بىزنىڭ ئوخشىمايدىغان مۇھىتلاردا تەربىيىلەنگەنلىكىمىزدىن بولماي نېمە؟ بۇلاردىن تېخىمۇ روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، بىز ئىدىيىۋى جەمئىيەتتە تەربىيىلىنىشتىن ئىبارەت ئەمەلىيەت ئىمتىھانىدىن ئۆتمەي تۇرۇپ مېڭىمىزدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتنى ئۈنۈملۈك ئاچالمايمىز. بۇنداق ئىكەن، بىز ئىدىيىۋى مۇھىتىمىزدا كىملەرنى ئۈلگە قىلىمىز ۋە قانداق تەربىيىلىنىمىز؟ ئالدى بىلەن بۈيۈك غايىلىك ئاكتىپ ئىدىيىدىكى ئادەملەرنى ئۈلگە قىلىپ، پاسسىپ ئىدىيىدىكى ئادەملەرنىڭ مۇقامىغا توۋلاشتىن ئۆزىمىزنى تارتىمىز. چۈنكى بىز پاسسىپ ئىدىيىدىكى ئادەملەر بىلەن بىللە بولساق ۋە ئۇلار نېمە دېسە شۇنىڭغا ئەگىشىپ يۈرسەك مېڭىدىن ئىبارەت ماشىنا پاسسىپ ئۇسۇل بىلەن ھەرىكەتلىنىپ بىزنى مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ بارسا، بۈيۈك غايىگە ئىگە ئاكتىپ ئادەملەر بىلەن بىللە بولساق ۋە ئۇلارنىڭ دانا سۆزلىرىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇشىمىزنى ياخشىلاش يولىدا مۇستەقىل كاللا ئىشلىتىشنى ئۆگەنسەك، مېڭىدىن ئىبارەت سىرلىق ماشىنا ئاكتىپ ئۇسۇل بىلەن ھەرىكەتلىنىپ، بىزنى ئۇتۇقتا ئېلىپ بارىدۇ.

بۇنداق ئېيتىشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، پاسسىپ ئىدىيىدىكى ئادەملەر ئادەم ھاياتىغا كۆپ ھاللاردا فىزىئولوگىيىلىك ئەھمىيەتتىن قارايدۇ، ئەمما، بۇنداق قاراشنىڭ ئادەم ھاياتىغا نىسبەتەن قىممىتى زور بولمايدۇ. پاسسىپ ئىدىيىدىكى ئادەملەر قورساق تويغۇزۇشنىڭ كويىدا كەلگۈسىگە ئىشەنچە قىلالمىغاچقا، ئۆز مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرالمايلا قالماستىن، بەلكى مۇھىتنى ئەلالاشتۇرغۇچىلارغا تاپا-تەنە قىلىش بىلەن ئۆتىدۇ. سىزگە ئۇمۇ بولمايدۇ، بۇمۇ بولمايدۇ دەۋاتقان ئادەملەر ئەنە شۇ خىلدىكى ئادەملەردىندۇر. ئۇلارنىڭ ئۇنداق دەپ تۇرۇۋېلىشى ئۆزى ئىنسان تەبىئىتىدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتلەرنى ئېچىش بابىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغانلىقتىن بولۇپ، ھەر قاچان سىزنىمۇ ئۆزىگە ئوخشاش مەغلۇبىيەتچىگە ئايلاندۇرۇشنى ئويلايدۇ. ئۇلارنىڭ تىلىدىن سىز مۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلايسىز:

— ئېگىز ئۆسكەن دەرەخنى شامال سۇندۇرىدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟

— بۇنچىۋالا قىلىپ نېمە قىلاتتىڭ، ئەل قاتارى يۈرسەڭ بولمىدىمۇ؟

— ئېلىمۇ خېلى بىر ئادەم بولۇپ قالدىڭمۇ؟ يەنە نېمىگە ھاسىرلاپ يۈرسەن؟

— كۈنىنىڭ سېرىقىنى كۆرەي دېسەڭ، ئەمدى بولدى قىل.

— ئۆزۈڭنىلا ئويلىماي قېرىنداشلىرىڭنىمۇ ئويلاپ قوي.

— ھالۋىنى ھېكىم، تاياقنى يېتىم يېگەندەك، سەن: «ئىجاد قىلدىم» دېگەن بىلەن، ئاچچىقىم ئادەملەرنىڭ ئەمەل تۇتۇۋاتقانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟

— شۇنچىۋالا شەرمىكە تويماي، موللاق ئاتمىغىن يەنە!

— تولا شاپاشلاپ كەتمە، بۇ دېگەن ئىش قىلغانلاردىن كۆپرەك قۇرۇق گەپ قىلىدىغانلار ئۇتۇپ چىقىدىغان جاھان!

.........

بۇلار غۇۋالىق، قايغۇ، ئۈمىدسىزلىك، روھىي چۈشكۈنلۈك، مەغلۇبىيەتچىلىك بولماي نېمە؟

بىراق، ئادەمنى پەلسەپە ئەھمىيىتىدىكى ئالاھىدىلىك كۆچەيتكەن، بىئولوگىيىلىك تەدرىجىي ئۆلگىرىلەش زەنجىرىدىن گەۋدىلەندۈرۈپ پاراسەتلىك ھاياتنىڭ ۋەكىلىگە ئايلاندۇرغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتلەرنى ئېچىشقا قارشى پاسسىپ پىكىردىكىلەرنىڭ گېپىگە ئەمەل قىلىش ئۆزىگە-ئۆزى ئورا كولاش بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئادەمگە يالغۇز فىزىئولوگىيىلىك نۇقتىدىن قارايدىغانلىقى بىلەن دانالىقتىن مەھرۇم بولغان ئۆلۈك كۆكۈللەرنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ، ئۆلۈك كۆكۈللەردىن ئەركىن شوخشۇپ ئۆرلىۋاتقان كۆكۈللەرگە قارشى پاسسىپ گەپلەردىن باشقا نەرسە چىقمايدۇ. ئۇنداق پاسسىپ گەپلەرنىڭ كەينىدىن ماڭغاندا ئادەم ئىلگىرىلەش جاسارىتىنى يوقىتىدۇ. مېڭىسىدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتلەرنى ئېچىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش بويىچە تۈزگەن كەلگۈسى پىلانلىرىنى ۋەيران قىلىدۇ.

بۇيۇك غايىگە ئىگە ئادەملەر ئىنسان ھاياتىغا كۆپ ھاللاردا پەلسەپىۋى ئەھمىيەتتىن قارايدۇ. ئۇلار ئادەمنىڭ دۇنيادىكى ھەممە شەيئىلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى بولۇشى، يەنى ئىنسانلىق كامالەتنى پىكىر قىلىشتىن دەپ بىلىپ، ئادەمنىڭ ھەر قېتىملىق مەغلۇب بولۇشنى بىلىشنىڭ ئۆزەكى ھالىتى دەپ زادىلا مەيۇسلەنمەيدۇ-دە، ھەر نېمە بولسا يېڭى يۈكسەكلىكنى دەپ ئىزدىنىدۇ. بىر ئادەمنىڭ ئۇتۇش-ئۇتتۇرۇشنى بەلگىلەيدىغان نەرسە، ئۇنىڭ تەقى-تۇرقى، ئېگىز-پەسلىكى، ئورۇق-سېمىزلىكى، ئائىلە — كەسپى، قايسى مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەنلىك شاھادەتنامىسى ئەمەس، بەلكى ئىدىيىسىنىڭ بۈيۈك ياكى خۇنۇكلۇكى دەپ قاراپ، ئىدىيىۋى ئاسارەتتىن ئۆزىنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن جاسارەتلىك ئىدىيىلەرگە ھامىي بولىدۇ. تاپا-تەنىچىلەرنىڭ تەنقىدلىرى دەستىدىن چاكىنىلىققا باش ئەگمەيدۇ، زادىلا چۈشكۈنلەشمەيدۇ. ئارىمىزدىكىلەرنىڭ «پۇل بولمىسا ئىش قىلغىلى بولمايدۇ»، «مىڭ تىرىشقان بىلەن ئامەت كەلمىسە بىكار»، «بىلىمىڭ بولسىمۇ يۆلەنچۈكىڭ بولمىسا ئۆرلىيەلمەيسەن» دېگەندەك سۆزلىرىدىنمۇ بوشاپ كەتمەستىن، ھامان بىر كۈنى ئۇتۇق قازىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. بۇلار كەلگۈسىگە ئۈمىد باغلاپ بەختكە قاتتىق تەلپۈنىدۇ. ئۇلار خۇش ئاۋاز، ئوقۇغۇچى، ئۆسكۈچى، كامالەت ئىزدىگۈچى، بىرىنچى، ئەڭ ياخشى، ئەڭ ئۇلۇغ بولۇشنى ئارزۇ قىلغۇچى، شۇ تۈپەيلى يامانلىق، ئەككى بۇزلىملىك، رەزىللىك، مۇناپىقلىق ھەمدە ئىنسان بەختىنى كۆپۈككە ئايلاندۇرىدىغان پىسخىك ئاجىزلىقلارغا ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق ئىنسان گۈزەللىكىنى مەدھىيىلىگۈچىلەردۇر. شۇنداق بولغانلىقتىن، ئۇلار ھەرقاچان ئىزدىنىدۇ، چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىدۇ. تىرىشچان كاللا پىكىر دۇنياسىدا گويا مۇنبەت زېمىن بولغاچقا، بۇنداق ئىزدىنىش ۋە تەپەككۇر ئۇلارنىڭ كاللىسىدا باھار ۋەسلىگە يېتىدۇ-دە، ئىجادىي نەتىجىلەر مانا مۇشۇنداق باھارنىڭ گۈزەل گۈللىرى بولۇپ ئېچىلىدۇ، يەنى بۇنداق ئىزدىنىش ھەم چوڭقۇر تەپەككۇر ئۇلارنىڭ مېڭىسىدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتلەرنى ئىنسانىيەت گۈزەللىكىنى ئاشۇرىدىغان مەنىۋى ھەم ماددىي مەھسۇلاتلارغا ئايلاندۇرىدۇ. بۇ جەھەتتە بېگىدىن ئېچىلغان بىلىملەر گويا قاغجىرىغان يەرگە يامغۇر ياغقاندەك، ھۆرلۈك ھەم گۈزەللىككە ئىنتىلىۋاتقان مىڭلاپ كىشىلەرنىڭ قەلبىنى روھلاندۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن جامائەتچىلىك گويا ھۇپپىدە كۆكلەۋاتقان گۈل-گىياھلارغا ئوخشاش ياشىرىپ قېلىۋاتقاندەك بولىدۇ. بىز بۇ ھالەتنى كۆرگەندە گويا بىزگە بەختلىك مەنزىرە ئېچىش ئۈچۈن ئۇزۇپ كېتىۋاتقان كۈچلۈك خاراكتېرنى كۆرگەندەك بولىمىز.

— كۈچلۈك خاراكتېر، - دېيدۇ ئالىم ئوشىنسكىي، - كۈچلۈك ئېقىمدەك توسالغۇغا ئۇچراش بىلەن غەزەپكە كېلىدۇ ۋە تېخىمۇ كۈچىيىدۇ، توسالغۇنى يۇسۇپ تاشلىغاندىن كېيىن ئۆزى ئۈچۈن چوڭقۇر ئېقىن يارىدۇ. بىز ئۈلگە قىلماقچى بولغان كىشىلەر مانا مۇشۇنداق كۈچلۈك خاراكتېردىكى ئادەملەر بولغاچقا، ئۇلار يارغان چوڭقۇر ئېقىنلار بىلەن بىز قەدەممۇ قەدەم ھەقىقەت مەنزىللىرىگە، تەرەققىيات نىشانىغا يېتىپ بارالايمىز.

— ئادەم دېگەن بىر تۈپ يېكەن، تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئەڭ ئاجىز نەرسە، — دېيدۇ مۇتەپەككۇر پاسكال، — لېكىن ئۇ تەپەككۇر قىلىدۇ، ئۇنى بېسىپ چۈشۈش ئۈچۈن دۇنيادىكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ قوراللىنىپ يۈرۈشى ھاجەت ئەمەس، كىچىككىنە بىر ھادىسە ۋە ياكى گۈپپىدە بۇرۇنغا ئۇرۇلغان گازمۇ ئادەمنى گۆر ئاغزىغا ئاپىرىپ قويىدۇ. لېكىن، دۇنيادىكى ھەممە شەيئىلەر بىرلىشىپ ئادەمنى ئۇگدىسىغا بېسىۋالغان بىلەنمۇ ئادەم ئۇلاردىن بىر دەرىجە يۈكسەك تۇرىدۇ. چۈنكى، ئادەم ئۆزىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىنى بىلىدۇ، ئۇ شەيئىلەرنىڭ قايسى تەرەپتە ئۆزىنى بېسىپ چۈشىدىغانلىقىنى

www.uyghurkitap.com



بىلىدۇ. دۇنيادىكى شەيئىلەر بولسا ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ. مانا بۇ بىر ئالىمنىڭ يۇقىرىدىكى باياانلىرىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ يېشىپ بېرىپ، پىكرىنى قەدىرلەشكە قىلغان ھۆكمىدۇر. بۇ ھۆكۈمدىن مەلۇمكى، تەبىئەت دۇنياسىدا باشقا شەيئىلەرگە قارىغاندا يېكەندەك ئاجىز ئادەمنىڭ دۇنيادىكى شۇنچە كۆپ شەيئىلەرنى بېسىپ چۈشىدىكى ئۈستۈنلۈك تەپەككۇردىن ئىبارەت. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئادەمنىڭ باشقا شەيئىلەرنى بېسىپ چۈشىدىغان يېرى: بىرىنچىدىن، ئۆزىنىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىش بولسا، ئىككىنچىدىن، ئۆزىنىڭ كەمچىل، ئاجىز يەرلىرىنى بىلىشتىن ئىبارەت. بۈيۈك غايىگە ئىگە ئاكتىپ ئىدىيىدىكى ئادەملەر ئادەمدىكى تەپەككۇردىن ئىبارەت باشقا بارلىق شەيئىلەرنى بېسىپ چۈشىدىغان مۇشۇ ماھىيەتلىك تەرەپتە تەشەببۇسكار بولغانلىقىنىمۇ بىزنىڭ ئۆزىمىزنى كۈچەيتىشىمىزدىكى — يوشۇرۇن قابىلىيىتىمىزنى ئېچىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىمىزدىكى بىرىنچى دەرىجىلىك مۇھىت بولالايدۇ.

شۇنداق بولمايچۇ، بىز پەقەت ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىمىزنى بىلگەندىلا ئۆمرىمىزنىڭ ھەر دەقىقىسىنى تېخىمۇ مولراق ھاياتلىق قىممىتىگە ئىگە قىلىش كويىدا بولۇپ، ھاياتلىق سەھىپىمىزدە ئىنسانىيەتنىڭ ھوزۇر-ھالاۋىتىنى ئاشۇرىدىغان تېخىمۇ كۆپ مۆجىزىلەرنى قالدۇرۇش ئۈچۈن، ھاياتلىق مۇساپىسىنى ئۇيغىنىش، تەربىيىلىنىش، ئىجاد قىلىش مۇساپىسىگە ئايلاندۇرۇپ، گۈمۈشلۈك قىلىپ ھاياتنى لاي سۇدەك ئۆتكۈزۈۋېتىدىغان نادانلىقتىن قۇتۇلالايمىز، ياش تۆكۈپ يىغلاشنىلا بىلىپ، يورۇق دۇنيادا قىممەتلىك ئىز قالدۇرۇشنى بىلمەيدىغان ئۆلۈمنى ئازايتالايمىز ئەمەسمۇ؟ ئۆزىمىزنىڭ كەمچىل، ئاجىز تەرەپلىرىنى بىلگەندىلا ئۆز ھاياتىمىزنىڭ كامالىتى ئۈچۈن تىرىشىمىز، ئۆزىمىزنى ئەتەي ئەمەكلەپ، قەدىر-قىممىتىمىزنى پۇچەكلەشتۈرۈۋېتىدىغان ئىللەتلەردىن قۇتۇلالايمىز ئەمەسمۇ! راستىنى ئېيتقاندا، كەمچىلىكنى تۈزىتكەن ئادەم كەمچىلىكىم يوق دەيدىغان ئادەمدىن كۈچلۈك بولىدۇ. ھەرقانداق يۈكسەك نىشان قوغلاشقۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ كەمچىلىك، ئاجىزلىقلىرىنى بىلىپ تۈزىتكۈچىلەر بولسا، ئۈمىد بار مىللەتلەرمۇ راستچىللىق بىلەن ئۆزىنىڭ كەمتۈك جايلىرىنى تولۇقلاش، ئاجىزلىقلىرىنى ئارتۇقچىلىققا ئۆزگەرتىش نەزەرى بىلەن ئالغا ئىنتىلگۈچى مىللەتلەردۇر. چىڭگىز ئايتماتوۋ ئېيتقاندەك: «مىللەت ۋۇجۇدىدىكى قاباھەتنى تەن ئېلىش — شۇ رەزىل قاباھەتنى خۇدالىق دەرىجىسىدە تۇرۇپ قارغىش» بولغانلىقتىن، ئاقىل ئۆلىمالار يىقىلىپ بولۇپ ئورنىدىن تۇرغان جەڭچىلەرنى باتۇر دېگەندىمۇ مۇشۇنداق پەلسەپىۋى نۇقتىنەزەردە بولىدۇ. چۈنكى بۇنداق ئۆزىنى بىلىش ۋە تولۇقلاش جەريانىدا كىشىلەر تۈرلۈك تەرەپلەردىن كۈچلۈك بولۇشنىڭ ئامىللىرىنى تاپىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تەپەككۇردا ئۆرلەش ھاسىل بولۇپ، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى ئادەتي ساۋات چەمبىرىكىدىن چىقىپ كېتىدۇ. روھىي دۇنياسىغا سىڭىپ كەتكەن ئادەت، ھېسسىيات، كۆز قاراش، چۈشەنچىلەرنىڭ ئۆزلىرىنى تويدۇرماي قىيناپ كېلىۋاتقان تەرەپلىرىنى تۈزىتىدۇ. تەرەققىياتقا توسالغۇ بولۇۋاتقان ئاجىزلىقلارنى يېڭىپ كۈچىيدۇ.

بىر جۈملە سۆز بىلەن ئېيتقاندا، بۈيۈك غايىگە ئىگە ئاكتىپ ئىدىيىدىكى ئادەملەر يولباشچىلىقىدا كىشىلەرنىڭ مېڭىسىدە ئاكتىپ ئۇسۇل بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان ئەلا مۇھىت «مىڭ يىل ئوقۇغاندىن بىر سائەتلىك تەپەككۇر ئەلا» دەيدىغان ئېتىقاد شەكىللىنىپ، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ تۈرلۈك ساھەلىرىدە ئىختىرا ۋە ئىجادىيەت ئەۋج ئالىدۇ-دە، پۈتكۈل خەلق تۇرمۇشىدا زور گۈللىنىش مەيدانغا كېلىدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن، پاسسىپ ئىدىيىدىكى ئادەملەر ھەرقانچە تاپا-تەنە قىلغان بىلەنمۇ نام-نىشانلىرىنى تارىختا قالدۇرالمايدۇ. قالدۇرسىمۇ سەلبىي تەرەپتە قالدۇرىدۇ. بۈيۈك غايىگە ئىگە ئاكتىپ ئىدىيىدىكى ئادەملەرنىڭ ئىختىرا ۋە ئىجادىيەتلىرى ئىنسانلارنىڭ ئەقلىي ۋە ئەخلاقىي كامالىتى ئۈچۈن ئۆچمەس ئىز بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز مېڭىمىزدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتنى ئېچىپ، كامال تېپىشنىڭ ئەڭ ئەلا يولى-بۈيۈك غايىگە ئىگە ئاكتىپ ئىدىيىدىكى ئادەملەردىن ئۈلگە ئېلىپ، مېڭىمىزنى ئاكتىپ ئۇسۇل بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈش-ئىختىرا ۋە ئىجادىيەت قىلىش ئىمكانلىكىدىن گۇمانلانمايمىز.

راست ئەمەسمۇ، ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخى نادانلىقتىن ئىبارەت ياۋۇزلۇق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ ئىجاد قىلىش تارىخى، دۇنيانى، ئۆزىنى ئۆزگەرتىش بىلەن بىرلىكتە ئۈزلۈكسىز تۈردە ئەركىنلىك ھەم تەرەققىياتقا ئېرىشىش تارىخى. شۇنداق بولغانلىقتىن، تارىختا تۈرلۈك ئىختىرا ۋە ئىجادىيەت ئىنسانلارنىڭ ماددىي مەدەنىيىتىنىڭ سەۋىيىسىنى بەلگىلەپلا قالماستىن، بەلكى ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتى يەنە كىشىلىك دۇنياسىنىڭ گۈزەللىك سىمۋولىنى تۇرغۇزدى. ئۇ ئىجابىي مۆجىزىلەر كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا ئاجايىپ خاسىيەتلىك تەسىرلەرنى قالدۇردى ھەمدە چوڭ مېڭە ئاساسىدىكى ئىجادىيەت پسىخىكىسى ۋە ئىجادىيەت ئىقتىدارىنى تولۇقراق ئىشقا سالالىغان ئىجادكارلارنى تىلسىماتلارنى يېشىدىغان سېھىرگەرلەرگە ئوخشاش گىگانت ئادەم قىلىپ كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئىجادىيلىقنى دۇنيانىڭ پاراسەت

بايدىكى ئەڭ گۈزەل گۈل قاتارىدا كۆرۈپ، تارىختىن بۇيان ئۆزلىرىدىكى ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ سىرىنى بىلىش ئىستىكىدە بولدى. يالغۇز بىر مىللەت، بىر دۆلەت ياكى بىر قىتئەدە ئەمەس، پۈتكۈل ئىنسانلاردا ئەنە شۇنداق شېرىن ئارزۇ يۇقىرى ئورۇن تۇتتى. قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ بۆشۈكلىرىنى يارىتالىغانلارنىڭ بىرى بولغان گرېكلەر پاراسەت ئىلاھىي ئافىنانى گرېكلەرگە توقۇمىچىلىق، مېتال تاۋلاش، قويمىچىلىق، كېمە، ياساش ۋە ئويمىچىلىق قاتارلىق ھۈنەرلەرنى ئۆگەتكۈچى قىلىپ تەسۋىرلىدى، ۋەھاكازالار. قەدىمكى گرېك مەدەنىيىتىدە پىرامىدا بولغان ئارىستوتېل ئىجاد قىلغان فورمال لوگىكا ئاشۇ چاغلاردىكى كىشىلەرنىڭ ئىستەكلىرى بويىچە ئىجاد قىلىش ئۈچۈن تەپەككۇر قىلىشنى ئۆگىتىشتىكى قورال ھەم ئاساسلىق مېتودولوگىيە ئىدى. شەرقنىڭ ئارىستوتېلى دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر ئوغلى فارابى يازغان لوگىكا كىتابمۇ شەرقنىڭ ئىجادىيەت تەپەككۇرىنى بېيىتىدىغان يۇلتۇز ئىدى. ئەمما، لوگىكىلىق تەپەككۇر پەقەت ئىجادىي تەپەككۇر جەريانىنىڭ بىر قىسمى بولغانلىقتىن، كىشىلەر مەدەنىيەت تارىخىنى تېز ئىلگىرى سۈرۈش ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان ئىجادىيەت پسىخىكىسى ئۇنىڭ بىلەن تولۇق يېشىپ بېرىلمىدى. شۇڭا، تەبىئىي پەننىڭ تېز سۈرئەت بىلەن ئۆرلىشىگە ئەگىشىپ، مۇشۇ ئەسىردىن باشلاپ، ئىجادىيەت پسىخىكىسىنى تەتقىق قىلىش ئىشى مەخسۇس ئىلمىي ساھە بولۇپ، مىڭلاپ كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. ھازىرقى كۈندە بىر مۇنچە پسىخولوگلار، پەيلاسوپلار، ئالىملار، ئەدىبلەر، سەنئەتكارلار، ئىلىم-پەن تارىخچىلىرى، ئەدەبىي نەزەرىيىچىلەر، مەنتىقشۇناسلار... بۇ ساھەگە كىرىپ تەتقىقاتقا كىرىشتى ۋە بىر مۇنچە نەزەرىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەمما، ئىجادىيەت پسىخولوگىيىسى دېگەن پەننى تولۇق شەكىللەندۈرۈپ كېتەلمىدى. ئىجادىيەت خاسلىقىنى تاكامۇللاشقان پەن سۈپىتىدە ئوقۇتۇشنى يولغا قويالمىدى. شۇنداقتىمۇ ئادەمنىڭ پسىخىكىسى مېڭىنى فىزىئولوگىيىلىك ئاسلىس قىلىدىغانلىقىنى ئىلمىي پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلاپ، ئىجادىيەت پسىخىكىسى ھەققىدە بىر قەدەر ئىلمىي ھەم سىستېمىلىق تەلىماتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئىجادىيەت پسىخىكىسىنى ئۆگىنىشىمىزگە يول ئاچتى.

قىسقىسى، ئىجادىيەت پاراسىتىنى ئىگىلەپ چوڭ مېڭىدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەت كانىنى ئېچىش، ئۆزىنى ئاجىزلىتىۋاتقان پسىخىك كېسەللەرنى داۋالاش، ئەيىب-نۇقسانلارنى تۈزىتىش، شۇ ئاساستا ئىجادىيەتنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئوبرازىنى زامانغا لايىقلاشتۇرۇش ۋە كەلگۈسى ۋە ئەۋلادلارغا مەسئۇل بولۇشتىن ئىبارەت ئەخلاقىي بۇرچىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، دۇنيادىكى بارلىق مىللەتلەر ئوخشىمىغان دەرىجىدە تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ھازىرقى كۈندە بولسا، پۈتۈن دۇنيا: دۇنيانىڭ ئىقتىساد ۋە پەن-تېخنىكا جەھەتتىكى كەسكىن رىقابىتى ۋە مىللەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچى ماھىيەتتە تالانت ۋە ئىقتىدارغا باغلىق، ئىجادىيەت پاراسىتىگە باغلىق. ئەقىل ۋە ئەقلىي ئىقتىدار خۇددى ماددىي بايلىق كانلىرىغا ئوخشاش مەنىۋى بايلىق كانى، بۇ كانىنى ئېچىش ماددىي بايلىق كانى ئېچىشتىنمۇ مۇھىم دېگەن قاراشقا ئورتاقلاشتى. شۇڭا، بۇنداق ئەخلاقىي بۇرچ ئالدىدا كىمكى ۋە قايسى مىللەت بىپەرۋالىق قىلىدىكەن، ھەتتا ھاكۇۋىقىپ يۈرۈپ پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋېتىدىكەن، چۈشكۈنلىشىدىكەن، كېيىنكى كەلگەندە يەنە داۋاملىق جاراھەتلەنمەيدىغانلىقىغا ھېچكىم كاپالەت بېرەلمەيدۇ. شۇڭا، ئىنسانلىق روھىي دۇنياسىنى ئۇرغۇتۇش، ئىنسان تەبىئىتىدە بار بولغان قۇدرەتنى جانلاندۇرۇش، پسىخىك ئاجىزلىقلارنى تۈگىتىش بويىچە چەكسىزلىككە ئىنتىلىش ھەربىر كىشى ۋە خەلقنىڭ ھەققىي ئوبرازىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان ۋە ساقلايدىغان مۇھىم كاپالەتتۇر. ئۇنداق ئىكەن، بۇنداق ئىجادىي مۇھىتنى ئۆزىمىزدە تۇرغۇزۇشتا، ئاساسلىقى، ئىجادىي مۇھىت ئۆلكىسى بولغان ئاكتىپ ئىدىيىدىكى ئادەملەر (تالانت ۋە ئالاھىدە تالانتلار)نىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆگىنىشنى تەۋسىيە قىلىش بىلەن بىللە يەنە ھەربىر كىشىگە مۇنۇلارنى تەكىتلەش مۇمكىن: (1) بۈيۈك غايىگە ئىگە ئاكتىپ ئىدىيىدىكى ئادەملەرنى ئۈلگە قىلىپ ئىلىم-بىلىمنى قەدىرلەش، كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئىلغار ئىكەنلىككە ئىشەنچ قىلىپ، ئادىتىمىزگە ئايلانمىغان ئۇسۇللار بىلەن مەسىلىلەرنى كۆزىتىشكە جۈرئەت قىلىش، ھەر ئىشتا ئەڭ ياخشى ئالدىنقى قاتاردىكى ئۇسۇللارنى تاللاش. (2) پايدىلىق شارائىت يارىتىپ، توسقۇن كۈچلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەت دەرۋازىسىنى تاقىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، كۆرمىتە غەيرەتلىك ئادەملەرنىڭ ئۆتۈپ چىقىدىغانلىقىنى ئۇنتۇماي شىجائەتلىك بولۇش. (3) ئىرادىسىزلىكنىڭ ئادەم قەدرىنى يەرگە ئۇرىدىغانلىقىنى ۋە ھەسەتخورلۇقنىڭ شېرىن دوستلار ھەتتاكى بۈيۈك ھەققەتكە نەيرەڭ ئىشلىتىدىغانلىقىنى ئۇنتۇماي، ئىرادىسىز ئادەملەرنىڭ كاشىلا تۇغدۇرۇشىدىن، ھەسەتخورلارنىڭ ھىيلىسىدىن ھەزەر قىلىش. (4) ئۆتۈپ چىقىشقا يول كۆرسىتىدىغان دانالارنى ئۇلۇغلاپ، مەغلۇبىيەتچىلەردىن مەسلىھەت سورىماسلىق. مەغلۇبىيەتنىڭ ۋاقىتىنچە ئادەمنى بەختلىك قىلالمىسىمۇ، دانا قىلالايدىغانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق. (5) پسىخىك تازىلىقى قىلىپ، كاللىسىدىكى كۆنۈككەن ئادەتتىن ئۈمىدىنى ئۈزەلمەسلىك، دىلغول بولۇش، توختۇ

يۈرەكلىك قىلىشتەك، ئەركىن پىكىرلەرگە قارشى پىسخىك دۈشمەنلەر بىلەن كۈرەش قىلىش. (6) كىشىلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلماسلىق، زىمەرلىك پىكىرلەرنى ئىدىيىۋى مۇھىتتىن تازىلاش.

ئەڭ مۇھىمى، ئۆزىدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتنى ئېچىش بىر خىل ئاكتىپ پوزىتسىيە بىلەن بېگىلىق يارىتىشتا بولغاچقا، ئىجادىي مۇھىت يارىتىشتا مەركەزلىك ھالدا ئۆزىمىزدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتنى ئىسكەنجىلەپ تۇرغان ئادەتنى ئۆزگەرتىپ، ئىجادىي ئويلاشقا جۈرئەت قىلىش كېرەك. بۇ بىزنىڭ ئۆزىمىزدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەت كانىنى ئېچىشىمىزغا قويۇلغان بىر سىناق.

سەۋەب شۇكى، رېئال تۇرمۇش تۈرلۈك شەيئىلەرنىڭ تۇرمۇشقا لازىمەتلىك-لازىمەتلىك ئەمەسلىكىنى سىناق قىلىش سورۇنى، ئۇ دائىما ئەڭ ياخشى كىتاب ئۆگەتكەندىنمۇ كۆپرەك نەرسىنى ئۆگىتىدۇ. بۇنداق سىناق بەزىدە ناھايىتى زور ئۈنۈملۈك ئېلىپ كەلسە، بەزىدە مەغلۇبىيەت خەترىنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئۈنۈملۈك مەغلۇبىيەت خەترىنى بېكىپ كەتكەندە، بىز رىغبەت ھەم ھاياجانغا تولۇپ ياشايمىز. لېكىن، بىر ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەيىبلىنىش، چەتكە قېقىلىش، بېسىلىشقا ئۇچراش مەغلۇبىيەت ھېسابلىنىدۇ. تەپسە تەۋرىمەستەك ئولتۇرۇپ كۈننى بىكارغا ئۆتكۈزۈۋېتىش مەغلۇبىيەت بولىدۇ. تىجارەتتە پايدا-زىياننى قاپلىيالماسلىقمۇ مەغلۇبىيەت بولىدۇ. ئەمما، ھەرقانداق قورقۇنچلۇق مەغلۇبىيەت جايىدىن مىدىرلىماي تۇرۇۋېلىشتىن، مەڭگۈ «مەغلۇب بولماسلىق»نى، دائىم خاتىرجەم ياشاشنى ئويلاشتىن ئېغىر بولمايدۇ. شۇڭا، مەغلۇبىيەتتىن قېچىش ئىجادىيەتتىن قېچىش، تۇرمۇشتىن قېچىشتۇر. بۇنداق قاچاقلىقنىڭ ئۇسۇلى ئۆزىنىڭ پىكرىدە تۇرماي باشقىلارنىڭ دېگىنىگە لەببەي دېيىش بولۇشمۇ، بېگىلىق يارىتىشتىن قورقۇپ كونىلىققا ئېسىلىۋېلىش بولۇشمۇ، شۇنداقلا كىتابنامىلاردىن چىقماي قوم قازىلىق قىلىش بولۇشمۇ، مەنسەپ مەرتىۋىسى بىلەن ئادىل كىشىلەرنىڭ ھەققانىي پىكىرلىرىنى بېسىش بولۇشمۇ مۇمكىن. دەرۋەقە، مۇنداق ئېھتىياتچان بولغاندا «قايناق سۇ ئىچ كۆڭلۈڭ تىنچ»، «ئېشىكى يوق موللامنىڭ قولىقى تىنچ» دېگەندەك ۋاقىتنىچە چاتاق چىقارماي ياشاش مۇمكىن. ئەمما، ئۇبرازنى زامانغا لايىقلاشتۇ-رۇشتىن ئىبارەت مۇكەممەللىككە ئىنتىلگۈچىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەقىلگە ئۇيغۇن پىكىرلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا پۇرسەت بەرمەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىز خۇددى ھەممە مەسىلە ھەل بولۇپ بولغاندەك يۈرۈۋېرىمىز. ئارىمىزدىكى نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ھايات مەشئىلىنى كۆتۈرۈپ بىزگە سەركە بولۇپ مېڭىۋاتقان چولپانلارنى قەدىرلىمەي، كونا ئادىتىمىز بويىچە بارىغا شۈكرى قىلىپ يۈرىدىغان مۆمىن، يوۋاشلارنى «ياخشى» دەپ ماختاپ يۈرۈشمۇ ئەنە شۇ مەسئۇلىيەتسىزلىكنىڭ كۆرۈنۈشلىرىدۇر.

ئادەم دېگەن مەسىلە ھەل قىلىشقا يارالغان بولۇپ، ئۇنىڭ پىشانىسىگە ئۈزلۈكسىز تۈردە مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىش ۋە ئۇلارنى ھەل قىلىش پۈتۈلگەن. ئەگەر بىر مەسىلە ئىختىيارسىزلىق ياكى ئادەتلىرىمىز تەرىپىدىن ھەل بولۇپ كەتسە بىز ھەرگىز ئۇلارنىڭ مەسىلە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايمىز، ھەتتا ئېغى مەسىلە يوق دەپ قارايمىز. ئالايلۇق، كۆپ ساندىكىلەر ھەر كۈنى مۇئەييەن بىر ۋاقىتتا ئۇخلايدۇ، ئۇيقۇسىغا قانمىسىمۇ بۇنىڭدا بىرەر مەسىلە بار دەپ قارىمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرگەندە، ئۇلارنىڭ ئىختىيارلىقىدىكى «بۇ مەسىلە ئاللىقاچان ئۆزۈل-كېسىل ھەل بولۇپ بولدى، نەدى ۋاقىت چىقسا ئېغىمۇ جىددىي بولغان باشقا مەسىلىلەرنى ئويلايچۇ» دېگەندەك مەسىلىلەرنى قاتار قىلىش ئۇسۇلىغا ئۇيغۇن كەلگەنلىكى بولۇپ چىقىدۇ. بىز بىر مەسىلىنى ھەل قىلىۋالساق خۇددى مەڭگۈلۈك ھەل قىلىۋالغاندەك بولۇپ كېتىمىز ھەمدە بۇرۇن قوللانغان مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۇسۇللىرىمىز گويا دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئەنگۈشتەردەك قىلىپ كېتىمىز، بۇ ئادەتلىرىمىزنىڭ ئىجادىي تەپەككۇر قىلىشىمىزغا توسالغۇ بولۇشى بولماي نېمە؟

بۇنداق ئادەتلىرىمىزنى ئۆزگەرتىش بىزنى بىئارام قىلىدۇ. چۈنكى، ئاللىقاچان شەكىللەندۈرگەن ئادىتىمىز خۇددى كىيىپ كونىرىتىۋەتكەن كەشكە ئوخشايدۇ. كونا كەشنىڭ پۇتقا راھەت بېغىشلىشى ئۇنىڭ پۇتىمىزغا تامامەن ماسلىشىپ كەتكەنلىكىدە بولۇپ، شۇنداق ماسلىشىپ كەتكەنلىكتىن، بىزنىڭ ئۇنى تاشلىۋېتىشكە كۆزىمىز قىيمايدۇ. يېڭى سىناق، يېڭى تەجرىبە خۇددى يېڭى كەشكە ئوخشاش بولۇپ، ئۇنى ھەممىمىزنىڭ كىيگۈسى كېلىدىيۇ، ئەمما كىيگەن ۋاقتىمىزدا دەماللىققا پۇتقا راھەت بېرەلمەي، ماسلاشمىغاندەك قىلىدۇ، تەپەككۇر ئادىتى، كۆزىتىش ئادىتى، سەزگۈ ئادىتى، ئاڭلاش ئادىتى، پۇراش ئادىتى ۋە قىزىقىش ئادەتلىرىمۇ ئەنە شۇنداق ئادەتلىرىمىزگە ئوخشاش بولۇپ، ئەگەر بۇ جەھەتتە

كۆنۈكۈپ كەتكەن ئادەتلىرىمىزگە مەھكەم ئېسىلىۋالىدىكەنمىز، بۇ ئادەتلەرمۇ ئىجادىي تەپەككۇر قىلىشىمىزغا توسالغۇ بولۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا، كۆڭلىمىز ئۇلارغا ئاللىقانداق ئامراقلىق بىلەن ئۇرۇپ تۇرغان تەقدىردىمۇ ئۇنى يوشۇرۇن قابىلىيەتلىرىمىزنى ئېچىشنىڭ ئىسكەنجىسى دەپ جىددىي ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلىپ كونا ئادەتلىرىمىز ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان ھامان ئىجادىيەتنىڭ بىرىنچى قەدىمىنى باسالايمىز.

بولۇپمۇ، يېڭى خىيال، تەسەۋۋۇرلىرىمىزنى سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئىنتىلىپ تۇرۇشىمىز، ئۆزىمىزنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيىتىمىزنى ئىشقا سالىدىغان ۋە تەرەققىي قىلدۇرىدىغان پۇرسەتلەرنى پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ئىزدىشىمىز كېرەك. بىرەر ئىشتا تۆھپە كۆرسىتەلمىگەن ئادەملەر ئەنە شۇنداق يېڭى خىيال، تەسەۋۋۇرلىرىنى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇشنىڭ كويىدا بولماي باشقىلارنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ تۇرغۇچىلار، ئۆزىنى ئىش-ھەرىكەتنىڭ سىرتىغا قويۇۋالغۇچىلاردۇر. ئەڭ يارىماس ئادەملەر بولسا ئوقۇمۇشلۇق تۇرۇپمۇ ئەزمىلىك قىلغۇچىلار، قۇرۇق خىياللارغا بېرىلىپ «پېشانەمگە نېمە پۈتۈلگەن بولسا شۇنى كۆرىمەن» دەپ تۇرغۇچىلاردۇر. چۈنكى، ھەرقانچە دانىشمەنلىكمۇ ئىنسانىيەتكە مۇھەببەت قىلمايدىغان، كۆز ئالدىدىكى چۈۋالچاقلىقنى تۈزۈش يولىدىكى ئىجادىي، ئەمەلىي ھەرىكەتلەرگە ئىنتىلمەيدىغان قەلبتە بولسا كېرەكسىز بولۇپ چىقىدۇ. ھەر قاندىقىمىز ھەرقانداق بىر ئورۇندا ئىشلىمەيلى، ئۇلۇغ ئىختىرا ياكى ئىجادىيەتنى ئەمەس، ئىنتايىن ئاددىي بىر تەسەۋۋۇرنى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇشنىڭمۇ تۈرلۈك توسالغۇلارغا ئۇچرايدىغانلىقىنى بىلىمىز. بەزى ئالاھىدە ياخشى پىلان، لايىھەلەر خېلى ئۇزاق يىللار ئارخىپتا ئۇخلاپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ، ھەتتا ئېتىبارسىز قارىلىپ مەڭگۈ ئاشۇ قاراڭغۇلۇقتا قالىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بۇ تالامەن تەدبىر قوللىنىش بىلەن ئۇ پىلان، لايىھىنى قەغەز يۈزىدىن ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئالدىغا چىقىشقا جۈرئەت قىلىدىغان بىر ئادەمنىڭ يوقلۇقىدۇر. شۇڭا، ئىجادىي ھەرىكەتكە ئىجادىي تەپەككۇردىنمۇ بەك ئەھمىيەت بېرىپ، ھەر قاچان ھەرىكەتكە ئىنتىلىپ تۇرۇش — يوشۇرۇن قابىلىيەتنى ئېچىشتا تېخىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ.

بىزنىڭ يۇرتىمىزدا مىڭلىغان ياشلار ئاجايىپ بۈيۈك خىياللارغا غەرق بولسىمۇ، ئەمما، ئاق سۈت بېرىپ چوڭ قىلغان ئانىسىنىمۇ رازى قىلالماي يۈرگەندە، 1984-يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئالىي مەكتەپكە كىرەلمىگەنلىكتىن «ئۆز ئىستىقبالىمنى ئۆزۈم يارىتىمەن» دېگەن ئىرادە بىلەن تىجارەتكە كىرىشكەن تاشپولاتنىڭ ھازىرقى كۈندە خەلقىمىز نەزىرىدىن ئۆتۈپ، «بىزگە مۇشۇنداق يىگىتلەر كېرەك» دېگەن ياراملىق نامغا ئىگە بولۇشى ئەنە شۇنداق ھەرىكەتكە ئىنتىلىشنىڭ نەتىجىسى. ئاپتور ئابلەت ئابدۇللا «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1995-يىللىق 5-سانىدا ئۇنى تونۇشتۇرۇپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئۇ ئۆزىنىڭ پەۋقۇلئاددە ئىقتىدارى ۋە ئەقىل-پاراستى بىلەن خۇددى چۆچەكلەردە ئېيتىلغان سۇمرۇغ مىنىۋالغان يىگىتتەك يۇقىرى ئۆرلىدى. ھازىرقى جاھان خەرىتىسىدە يوق بۇ كىچىككىنە شەھەردىن ئۇچۇپ گۇاڭجۇ، شېنجېن، شاڭخەي...لەرگە باردى. قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان...لارغا چىقتى.

ئارىدىن كۈن ۋە ئايلىرى بىر-بىرىگە گىرەلەشكەن ئون يىل ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ئون يىلدا كىم نېمىلەرنى قىلدى؟

ھەربىرىمىز بۆكىمىزنى ئالدىمىزغا قويۇپ، تازا ۋىجدان بىلەن ئويلايدىغان بولساق، كۆپىمىزنىڭ خىجالەتچىلىكتىن يۈزىمىز پەمىدۇردەك قىزىرىپ كېتىدۇ، بەزىلىرىمىز تېخى تەپىتارتماي، خىجىلمۇ بولماي ئېزىرىپ، كۈننىڭ ئۆتكىنىگە شۈكرى قىلىمىز.

ئەمما بىزنىڭ تېخى بالىلىقى چىرايىدىن كەتمىگەن قەھرىمانىمىز تاشپولاتچۇ؟ ئۇ بۇ ئون يىلدا 600 يۈەن پۇلنى مىليون يۈەنگە يەتكۈزدى، بېنى توم خۇسۇسىي كارخانىچىغا ئايلاندى؛ 1994-يىلى 10-ئايدا 1 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ دوستى مەھەممەتجان بىلەن شېرىكلىشىپ شىنجاڭ ئىلى «ئۆرلەش» چەكلىك ھەسسىدارلىق سودا شىركىتى قۇردى ھەم بۇ كارخانىغا 80 نەپەر ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشنى ئورۇنلاشتۇردى.

ئون يىل — بىر ئادەمنىڭ ھايات سەپىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا ھېچقانچە ئۇزۇن ۋاقىت ئەمەس، ئەمما مىليون يۈەن پۇلچۇ؟!

بۈگۈنكى كۈندە يا بىلىم ئىگىلەش، يا پۇل تېپىش — ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ، بولۇپمۇ ياشلارنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ھاياتلىق مەسىلىسى بولۇپ قالدى. سەن بۇ ئىككىسىنىڭ بىرىنىڭ پېشىنى تۇتمىساڭ دەسسىلىپ تۈگەيسەن.

سىنىڭ ئاجىز، بىچارە ئاۋازىڭىنى كىم ئاڭلايدۇ!؟ شۇڭا بىلىمگە ئىشتىياقى بارلار بىلىم ئىگىلىشى، پۇل تېپىشقا ئىقتىدارى بارلار پۇل تېپىشى، پۇل تېپىش ئۈچۈن يەنىلا ئاز-تولا بىلىم-تېخنىكا ئۆگىنىشى لازىم.

تەقدىر ھەرقانداق ئادەمگە بىر خىل قابىلىيەت بەرگەن، ئۇنى كىم تاپىدۇ؟ ئۆزى.

ئۆز يۇرتى، ئۆز خەلقى ئۈچۈن يۈرىكى ئوتتەك يېنىپ تۇرغان كۆڭلى-كۆكسى كەڭ بۇ يىگىت سېخىي ئالقىنىدىن مۇشۇ بىرقانچە يىل ئىچىدىلا يېتىم-يېسىرلار ئىشى، يول قۇرۇلۇشى، ئىلى مىللىي مائارىپ «خالىس» فوندى جەمئىيىتى، ئىلى «غۇنچە مۇكاپاتى»، ئۇيغۇر 12 مۇقامىنى رەتلەش قاتارلىق ساخاۋەتلىك ئىشلار ئۈچۈن 40 مىڭ يۈەنگە يېقىن پۇل چىقاردى.

200 مىڭ يۈەن — بۇ مەرىپەتپەرۋەر ياش تىجارەتچى تاشپولات كۆتۈرەم بولۇپ قالغان غۇلجا سەنئەت ئۆمىكىنىڭ تومۇرىغا ئۇرغان قان! تاشپولات قۇرغان مەدەنىي مۇلازىمەت ئىشخانىسىنىڭ تەركىبىدە سەنئەت ئۆمەكتىن باشقا ئەسەر قوبۇل قىلىش، تارقىتىش بۆلۈمى، تەربىيىلەش بۆلۈمى قاتارلىقلار بار. ئۇنىڭ تەربىيىلەش بۆلۈمى غۇلجا شەھىرى ۋە غۇلجا ناھىيىسىدە بەش سىنىپ ئېچىپ، ئالتە ياشتىن 14 ياشقىچە بولغان ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلىمەكتە. بۇلارنىڭ بىرى بوكسىيورچىلىق سىنىپى، قالغان تۆتى ئۇسسۇل، دراما سىنىپى بولۇپ، بۇنىڭغا پىنسىيىگە چىققان پېشقەدەم ئارتىسلار يېتەكچىلىك قىلىۋاتىدۇ.

ئىلى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمى ماكانى بولسىمۇ، ئەمما ھازىرغىچە بىرەر ئۇيغۇرچە تېلېۋىزىيە تەرجىمە مەركىزى يوق ئىدى، غۇلجا شەھىرىدە يەنە زامانغا ماس كېلىدىغان ئۈن-سىن نەشرىيات ئاپپاراتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۈنئالغۇ لېنتىسىنى ئىشلەشمۇ تەسكە توختايتتى. تاشپولات بۇ بوشلۇقلارنى تولدۇرۇش-رەتلەش ئۈچۈن بۇ ئىككى تۈرگە يېتەرلىك مەبلەغ ئاجراتتى. ئۇنىڭ تېلېۋىزىيە تەرجىمە مەركىزى قۇرۇش ئۈچۈنلا ئاجراتقان 2 مىليون يۈەن پۇلى، تېخى بۇ يىلنىڭ بېشىدىلا ئۆزى شەخسەن ئۈرۈمچىدىن ئېلىپ كەلگەن ياپونىيىنىڭ ئىلغار لېنتا كۆچۈرۈش ماشىنىسى، ئاۋاز ئېلىش ئۈسكۈنىلىرى قۇراشتۇرۇلۇپ، ئىشقا كىرىشىش تەستىقىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.

1995-يىلى 2-ئاينىڭ بېشىدا «ئىلى خەلق رادىئو ئىستانسىسى» دولقۇنى پۈتۈن دۇنياغا ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەرنى قەدىرلەشنىڭ يېڭى ئۇچۇرىنى تارقاتتى: تاشپولات مەبلەغ سالغان غۇلجا شەھەرلىك سەنئەت ئۆمىكى مەدەنىي مۇلازىمەت ئىشخانىسىنىڭ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر قاتارلىق 12 نەپەر سەنئەتكارنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك مېھمىنى بولىدىغانلىقىنى، ئۇلار قاچان، قايسى ۋاقىتتا غۇلجا شەھىرىگە قەدەم باسسا ئالاھىدە كۈتۈۋېلىشتىن بەھرىمەن بولىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

......

بۇنىڭدىن 10 يىل بۇرۇن سىزمۇ ۋەتەنداشلىرىڭىز ئالدىدا تۇز قەرزىنى ئورۇنداش ئۈچۈن ئەشۇنداق شېرىن خىيال، ياخشى پىلان، لايىھەلەرنى كۆڭلىڭىزدىن كەچۈرگەن بولغىيتتىڭىز؟ سىزنىڭ شارائىتىڭىز بەزى ھاللاردا تېخى ئۆيدىكى قولغا چىققۇدەك نەرسىلىرىنى سېتىپ 600 يۈەن بىلەن تىجارەتكە كىرىشكەن تاشپولاتتىن ياخشى بولغىيتتى؟ شۇنداق خىياللاردا بولۇپ تۇرغۇلۇق ھەمدە شارائىتىڭىز تاشپولاتتىن ئوبدان تۇرغۇلۇق نېمىشكە سىز ئانا يەرگە شۇنچىلىك ئىش قىلىپ بېرەلمىدىڭىز؟ ئاساسلىقى سىز خىيال ياكى پىلانىڭىزنى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئالدىغا چىقىشقا سەل قارىدىڭىز ياكى جۈرئەت قىلالمىدىڭىز. مانا مۇشۇ يېتەرلىك ساۋاق، بۇنداق ئىكەن، سىز غوۋا خىياللارنى ئوچۇق-يورۇق ئەمەلىيەتتە سىناڭ، قايغۇ-ھەسرەتنى چۆرۈۋېتىپ ئورنىڭىزدىن دەس تۇرۇپ خىيال ۋە پىلانىڭىزنىڭ بىرىنچى قەدىمىنى بېسىڭ.

### 3. زامانىۋى ئوبراز

مېنىڭمىزدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتنى ئېچىش ئارقىلىق، ئوبرازىمىزنى زامانغا لايىقلاشتۇرۇش — روشەنكى بىزنىڭ گۈزەللىك تاللىشىمىزدۇر. تارىختىن بۇيان ھەر بىر زاماندا كىشىلەر شۇ زامان ئېتىبارىدا ئۆزلىرىگە گۈزەللىك تاللاپ كەلگەن. پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخى ئەنە شۇنداق گۈزەللىك تاللاش (ئىختىرا ۋە ئىجادىيەت) بىلەن

پەللىمۇ پەللە ئۆرلىگەن. بىراق ئادەمنىڭ گۈزەللىك تاللىشى دۇنيادىكى ھەر قانداق شەيئىگە ئوخشىمايدۇ.

بىز تەبىئەت دۇنياسىدىكى ياپپېشىل قارىغايلىقلارنى، ھۆپپىدە ئېچىلغان گۈللەرنى كۆرگىنىمىزدە ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا مەپتۇن بولىمىز. بۇنىڭ ئەكسىچە قاقاس سايلار، چۆللەر ۋە ناكان-ناكاندا گىياھلارنى كۆرگىنىمىزدە بىر خىل زېرىكىشلىك ھېس قىلىمىز. دېمەك، بىزنى جەلپ قىلغان بۇ خىل خىسلەت تەبىئەت گۈزەللىكى بولۇپ، ئۇ ئەنە شۇ گۈزەللىك تۇيغۇسى بېرەلمەيدىغان قاقاس سايلار، چۆللەر ۋە ئەگرى-بۈگرى دەرەخلەرگە بولغان سېلىشتۇرمىدىن ھاسىل بولغان. ئادەممۇ تەبىئەتتىكى گۈزەللىك ئالامەتلىرىگە ئوخشاش خۇسۇسىيەتكە ئىگە. لېكىن، ئىنساننىڭ گۈزەللىكى تەبىئەتتىكى بۇنداق دەرەخ ۋە گىياھلاردەك تەبىئىي بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ رەڭگى-رۇخسارىدىن باشقا، جانلىق ۋە كونكرېت ھەرىكەت، كارامەتلىرى ئارقىلىق مەۋجۇت بولىدۇ. يەنى ئۇ ئىنساننىڭ تاشقى قىياپىتىدىن باشقا ئىچكى دۇنياسىدىن بارلىققا كېلىدۇ. شۇڭا، كىشىلەر تەبىئەتتىكى گۈزەل مەنزىرىلەردىن كۆپرەك ئادەملەر قىلغان ئۇلۇغ ئىش ۋە ياخشى ھەرىكەتلەرنى ھەقىقىي گۈزەللىك ھېسابلاپ، ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈرۈپ مەدھىيىلەيدۇ. بۇنداق ئۇلۇغ ئىش ۋە ياخشى ھەرىكەتلەر ئالدى بىلەن ئىنسان بولۇش مەسئۇلىيىتىنىڭ سەزگۈسى بولغانلىقتىن، ھەرنېمە دېگەن بىلەن كىشىلەر قەلبىدە گۈزەللىك بولۇپ قېلىۋېرىدۇ.

ئادەمدىكى بۇنداق گۈزەللىك شۇنىڭ ئۈچۈن شۇنچە سېھرىي بولىدۇكى، ئۇ ئالدى بىلەن ئەركىن قەلب ۋە مۇستەھكەم ئىرادە پەزىلىتىنىڭ بىرلىكى بولۇپ، چاقماق چاقىقان ياكى گۈلدۈرمىما گۈلدۈرلىگەن تەرىزدە كىشىلەرنى چۆچۈتمەيدۇ، بەلكى كىشىگە قاتتىق چۆچۈش بىلەن خۇشاللىقنى بىللە بېرىدۇ، ئاجايىپ ئېپلىك جارىلار بىلەن كىشىلەرنىڭ ئەقلىي يەتمەيدىغان سېھرىي ھېكمەت ۋە زىلزىلىنى بىللە بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر تەبىئەتتىكى گۈزەللىكنى ئات مىنىپ ساياھەت قىلغاندەك ئاددىي كۆز بىلەن ئىلتا-ئىلتا ھېس قىلسا، ئادەمدىكى بۇنداق گۈزەللىكنى ئۇنىڭ ئاشۇنداق كارامىتى بىلەن بىللە تېزلىكتە ھېس قىلىدۇ-دە: «مەنمۇ شۇنداق بىر كارامەت كۆرسەتسەم ئىكەنمەن-ھە!» دېگەن ھاياجانغا چۆمىدۇ.

ئۇنىڭ كىشىلەرگە چۆچۈش بىلەن خۇشاللىقنى، زىلزىلە بىلەن گۈزەللىكنى بىللە بېرىشىدىكى سەۋەب شۇكى ئادەمدىكى گۈزەللىك ئاساسەن ئىچكى گۈزەللىك بولۇپ، ئۇ تەرەققىيات دەپ ھېسابلاش مۇمكىن بولغان بارلىق نەرسىلەرنىڭ قىسقىچە فورمىلاسى — ھوسۇللۇق يەر، زامان تەلىپىدىكى سانائەت ھەمدە ئادەملەر بىلەن تاۋارلار ھەرىكىتىنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت مىللەتنى بۈيۈك ۋە ساخاۋەتلىك قىلىدىغان ئۈچ نەرسىنى ئالغا سۈرۈش مەقسىتىدە چاكىنىلىققا قارشىلىق كۆرسىتىش، قاتماللىق ۋە جاھىللىقنى رەت قىلىش، ھەر قانچە مىللەت بايرىقىنى كۆتۈرۈۋالغان بولسىمۇ، مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىسىز بولغان قائىدە-يوسۇنلىرىمىزنىڭ قالاق تەرەپلىرىگە ئاسىيلىق قىلىش، ئۆز خاسلىقىمىزدىن ياتلىشىپ كەتكەن سۇس ۋە سېپايە تەرەپلىرىمىزنى تەبىئىتىمىزگە ياندۇرۇش، ئاددىي-ساددا تەرەپلىرىمىزنى ئەلالاشتۇرۇش، تۇرمۇشىمىزدىكى تىپتىنچ ياكى دېبدەبىلىك كۆرۈنىشمۇ ئىچى كاۋاك بولغان خۇراپىيلىق-لارنى تۈزىش، ئېگىز مۇنبەردە تۇرسىمۇ ھەقىقەت ئۈچۈن زۇۋان سۈرۈشتىن قورقىدىغان جىگەرسىزلىكنى يېڭىش، ئەجداد ۋە ئەۋلاد ئۈچۈن مىسقال تۆمۈردەك ئېغىرچىلىققا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان چىدىماسلىقنى تۈگىتىش، بىزدە چۈقۇنۇش ھاسىل قىلغان بولسىمۇ، قالاقلىق ۋە نادانلىقىمىزنى ئاشۇرۇپ بېرىۋاتقان خاتا تەلىماتلارنى يېڭىلاش، ئىنسانلار ئارىسىدا زېمىن ۋە چاكىنا ھايۋانلىق مۇناسىۋەتنى ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇرىدىغان تېگىشلىك ھەققى ۋە ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىش، خەلق ئۈچۈن سۇ ۋە ھاۋادەك زۆرۈر ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى بۇرمىلاش، ئۇرۇشقاقلىق، ئۆزئارا توسقۇنلۇق، قىزىلكۆزلۈك ۋە بوزغۇنچىلىق، تۇمشۇقىنىڭ ئۇچىدىكى پايدىنى دەپ ئىسسىق قان بەدىلىدىكى قېرىنداشلىقنى خورلاش، يارەنلىرىگە ئوشۇقچىلىق قىلىش بىلەن راھەتلىنىش، بەندىنىڭ گۇناھىغا شېرىكلىكنى بىلىپ تۇرۇپ ۋە تەنداشلىرىنىڭ كىچىككىنە گۇناھلىرىغا ئەپۇچان بولماسلىق، رەزىللەرگە پايپېتەك بولۇشنى ئارا كۆرمەسلىكتەك ئىچكى ئۇپراشنى ئەخلەت دۆۋىسىگە تاشلاش، پەن-تېخنىكا ۋە ئالىيجاناپ ئەخلاقىي پەزىلەتلىك تۇرمۇش شەكلى ئورنىتىش ئۈچۈن ئىلمىي ھەقىقەتلەر دۇنيانىڭ قايسى بۇرجىكىدە بولسا قوبۇل قىلىش، مىللىي مۇھىتنى قوبۇل قىلىنغان ھەقىقەتلەرنى تېخىمۇ پىششىقلاپ قايتىدىن ئىشلەپچىقىرىدىغان «ئاشقازان»غا ئايلاندۇرۇش... قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ، بىزنى ھازىرقى ھالىتىمىزدىن

بىر دەرىجە ئۆستۈرىدۇ. شۇڭا، ئادەم دېگەندە ئادەمگە لايىق كارامەت پەيدا قىلىدىغان گۈزەللىك بولۇش كېرەك بولىدۇ. ئۇنداق ئىكەن، بۇنداق گۈزەللىك نېمە ۋە ئۇنى قانداق تاللايمىز؟

ئادەمدىكى بۇنداق گۈزەللىك ئەركىن قەلب ۋە مۇستەھكەم ئىرادە، يۈكسەك پەزىلەتنىڭ بىرلىكى بولۇپ، ئۇنى تالانت ۋە تالانت باغۇشلىرى بىلىم، پىكىر قىلىش خاسلىقى قاتارلىقلارنىڭ ياردىمىدە ناھايىتى كۆپ سۈپەتلەرنى يېتىشتۈرۈش ئارقىلىق تاللىغىلى بولىسىمۇ، ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇنى تاللاش «ئۆزىنى تولۇق بىلگەنلەر ئەۋلىيا بولىدۇ» دېگەن ئىقىدە بويىچە ھەر ئادەم ئۆزىنى بىلىش ئاساسىدا ئۆز ھاياتىغا ئۇنۇملۇك تىزگىنلەش ئېلىپ بېرىپ، ئۆزىدىكى ئىجادىيلىققا خىلاپ ئارتۇقچىلىقلارنى جارى قىلدۇرۇش، ماددىي تەلپۈنۈشلەر تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان ئىجادىيلىققا، ئىجادىي قابىلىيەتكە يات پىسخىك ئاجىزلىقلارنى يېڭىش، مۇشۇنداق جارى قىلدۇرۇش ۋە يېڭىش جەريانىدا روھىي ئاسارەتتىن تولۇق ئازاد بولۇپ، ئۆز ئالدىغا تولۇق مۇستەقىل بولغان پەزىلەت تۇرغۇزۇش، ئىجادىيەت تەرىپىدە ئۆزىگە ئۆزى تولۇق خوجايىن بولۇشتىن باشلىنىدۇ. چۈنكى بۇنداق باشلىنىش ھاياتتىكى بىردىنبىر بەخت بولغان ساغلاملىق ۋە ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىنتىلىشنىڭ بەلگىسىدۇر.

دۇرۇس، ماددىي مەنپەئەت بولمىسا بولمايدۇ. زورۇر ماددىي مەنپەئەتلەرنى قوغدىمىسا بولمايدۇ، باشقىلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىسا تېخىمۇ بولمايدۇ. بىز بۇ يەردە تەكىتلەۋاتقان ماددىي مەنپەئەت ئادىل دارامەت تەقسىماتىنى ئاساس قىلغان ھەققانىي ۋە نورمال ماددىي مەنپەئەت بولۇپ، ئىجادىيەت گۈزەللىكىگە قەدەم باسقان ئادەمنىڭ ماددىي مەنپەئەتكە كۆڭۈل بۆلۈشى ھەرقاچان ئۇنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان كىشىلىك ھايات مۇكەممەللىكىنى بۇزماسلىق شەرتى بىلەن ئېيتىلىدۇ. چۈنكى چەكسىزلىككە ئىنتىلمەي تۇرۇپ ھاياتمۇ، ئۆسۈشمۇ، تەرەققىياتمۇ بولمىغاچقا، بۇنداق بىر گۈزەللىكنى تاللىماي تۇرۇپ ئىنسانىيەتنىڭ تۇرمۇش سەنئىتىنى ئەلالاشتۇرۇشقا ياردىمى تېگىدىغان ئۆزىنىڭ ئاۋازىنى كىشىلەرگە ئاڭلىتىش، نىسبىي مۇستەقىل ۋە مۇكەممەل ھاياتنىڭ قىممىتىنى تۈۋەنلەشتۈرىدىغان ئەگەشمىچىلىكنى تۈگىتىپ، كۆز ئالدىدىكى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشۇش مۇمكىن ئەمەس.

— دائىملىق تەشۋىش، ئەمگەك، كۈرەش، يوقسۇزلۇق-بۇلار زورۇرى شەرتلەردۇر— دېيدۇ ل.ن. تولستوي،
— ئەقەللىي بىرەرمۇ ئادەم بۇلار ھەققىدە ئويلاشتىن ئۆزىنى بىردەممۇ چەتكە ئالماسلىقى لازىم... ھالال ياشاش ئۈچۈن ئىنتىلىش، ئېشىش، ئۇرۇنۇش، يېڭىلىش، نېمىندۇر باشلاش ۋە تاشلاپ قويۇش ۋە يەنە باشلاش، تاشلاپ قويۇش، دائىم كۈرەش قىلىشقا چىداش كېرەك. بىغەملىك روھىي چۈشكۈنلۈكتۇر. بۇ سۆز ئىجادىيەت گۈزەللىكىنى تاللىغان ئادەملەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئاۋازىنى كىشىلەرگە مۇستەقىل ئاڭلىتىش، جەمئىيەتنىڭ بىرەر تارمىقىدا ئۆزىنىڭ قىممىتىنى يارىتىش جەھەتتە نەقەدەر جەسۇر بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. راست دېگەندەك، ئادەمنىڭ ئۆزىنى چۈشىنىشى قانچە چوڭقۇر بولغانسېرى ھايات شۇنچە جانلىنىپ بارىدۇ. جانلانغان ھاياتقا سۆيگۈ توغۇلىدۇ.

ئۆزىمىزنى مۇشۇنداق ئىجادىي پائالىيەتكە مۇناسىپ چۈشىنىش ئۈچۈن، ۋۇجۇدىمىزنى ھەسەل ھەرىسىگە سېلىشتۇرۇپ باقايلى، ھەسەل ھەرىسىنىڭ مېڭىسىدە 900 نېيرون بولىدۇ، ھەسەل ھەرىسى بۇ نېيرونلارنىڭ ياردىمى بىلەن شۇنچە مۇرەككەپ پائالىيەتلەرنى بېجىرىدۇ. ئۇ تۈرلۈك گۈللەرگە قونۇپ، گۈلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يارامىلىق ھەسەل ماددىسىنى شوراپ ئېلىپ، ئازماي ئۆز ئۇۋۇسىغا قايتىپ كېلىدۇ، يەنە تېخى شۇنچە كۆپ ھەرىلەر بىر پادىشاھنىڭ قوماندانلىقىدا خۇددى جەڭگىۋار ھەربىي قوشۇندەك رىتىملىق ھەم ئۆزئارا دوستانىلىق بىلەن ھەسەل يىغىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندايدۇ. ئادەمنىڭ مېڭىسى ھەسەل ھەرىسىنىڭ مېڭىسىگە قارىغاندا، نۇرغۇن دەرىجىدە چوڭ بولۇپلا قالماي، بىر مىلياردا ھەسسە مۇرەككەپ بولىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ھەسەل ھەرىسى پەقەت ئۆزىنىڭ تەجرىبىسىدىن ھەسەل يىغىشنى ئۆگەنسە، ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ تەجرىبىلىرىدىن ئۆگىنىپلا قالماي، يۈكسەك دەرىجىدىكى تىل قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، باشقىلاردىنمۇ ئۆگىنىدۇ ھەمدە مۇھىتنى ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ئويغۇنلاشتۇرىدۇ. ئىنگلىز ئالىمى بىدىل تەلىماتى بويىچە قارىغاندا، «ئادەملەر ئۆزىنى ئۆزى بىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. ئۆزىنىڭ تەجرىبىسىگە دىققەت قىلالايدۇ ھەم ئۆزىنىڭ ئاڭلىق ئادەملىكىنى بىلىدۇ. ئۆزىنىڭ ئاڭ جەريانى بىلىپ يېتىپ، ئەركىن تاللاش ئېلىپ بارالايدۇ ھەمدە پۇختا ئويلىنىپ ھەرىكەت قىلىدۇ. شۇنداقلا ئادەم يەنە پاراسەتلىك بولىدۇ. كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، پاراسەت

دېگىنىمىز-بۇرۇنقى تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن، تەبىئىي تۇيغۇ (تەبىئىي مايىللىق)نى ئۆزگەرتىش ھەرىكىتى، كۆرۈنۈشتە ئوخشاشلىق يوق يەردىن ئورتاقلىقنى تېپىپ، بۇنداق قاراشنى كەلگۈسىگە تەدبىقلايدىغان پائالىيەتتۇر. ئادەمنىڭ پۈتكەل ھاياتىدا پاراسەت بىلەن ئۆزىنى بىلىش ئېگى بىرلىكتە ئىنسانىيەتنى ئۆزگىچە ئىلگىرىلەش ۋە تەدرىجىي تەرەققىياتقا ئىگە قىلىدۇ» .①

ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزگىچە ئىلگىرىلەش ۋە تەدرىجىي تەرەققىياتىدا شۇنداق بىر مۇھىم نۇقتا بولىدۇكى، كوللى ھايۋانلارنىڭ، جۈملىدىن ئادەملەر تېنىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتىدا كىچىككىنە ئۆزگىرىش ياكى يېڭىلىنىش ئۈچۈن قانچە مىڭ يىللاپ ۋاقىت كېتىدۇ، بىراق ئادەمنىڭ ئەقىل جەمئىيەتكى تەدرىجىي تەرەققىياتى تەن تەرەققىياتىغا قارىغاندا، نۇرغۇن ھەسسە تېز بولىدۇ. پۈتكۈل ئادەمنىڭ ھاياتىدا نېرۋا سىستېمىسى ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ مۇھىتقا لايىقلىشىدۇ ھەمدە مۇھىتنى ياخشىلاپ ماڭىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ بىزنى ئوراپ تۇرغان دۇنيانى بىلىشىمىز تەسەۋۋۇرىمىزغا سىغمايدىغان دەرىجىدىكى سۈرئەت بىلەن ئۆسۈپ بارىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، يالغۇز مەشھۇر شەخسلەردىلا ئەمەس، مېڭىسى ساق ھەرقانداق ئادەمدە ئىجادىيەت گۈزەللىكىنى تاللاشقا يېتەرلىك كۈچ-قۇدرەت بار بولىدۇ.

ئىنسانلار تەدرىجىي تەرەققىياتىنىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشىگە قارايدىغان بولساق، بۇنىڭدىن تەخمىنەن 3 مىليون يىل ئىلگىرى، ئۇزاق مۇددەتلىك تەدرىجىي تەرەققىيات نەتىجىسىدە يەر شارىدا قورال ياساشنى بىلىدىغان، ئەمگەك قىلالايدىغان ئىنسانلار بارلىققا كەلگەن. ئىنسانلار تىل، تەجرىبە ھاسىل قىلىش ۋە ئالدىنقىلارنىڭ تەجرىبىسىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق كەلگۈسىنى مۆلچەرلىگەن ھەمدە مۇشۇ ئاڭلىق پائالىيەتلىرى ئارقىلىق تەبىئەت دۇنياسىنىڭ خوجايىنىغا ئايلانغان. تەبىئەتنىمۇ، ئۆز جەمئىيىتىنىمۇ ئۆزگەرتىپ بارغان. ئۈزلۈكسىز تۈردە تولۇپ-تاشقان ئىشەنچ بىلەن گۈزەل كېلەچەكنى ياراتقان.

بۇلار نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ چوڭ مېڭىمىزنىڭ جانلىقلارنىڭ نەچچە مىليون يىللاردىن بۇيانقى تەدرىجىي تەرەققىيات مىراسلىرىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئىلىم-پەن تارىخىدا ئەقلىي جەمئىيەتكى ئىرسىيەتنىڭ دەۋرلەرگە بۆلۈنىدىغانلىقىغا دائىر ھېچقانداق بىۋاسىتە ئىلمىي ئاساس تېخى مەلۇم بولغىنى يوق، دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەمئىيەتتە كېيىنرەك بىر قىسىم ئىرقلار، قەبىلىلەر، مىللەتلەر پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ بىر نەچچە ئىجتىمائىي تەرەققىيات باسقۇچىنى بىراقلا ئاتلاپ ئۆتەمەكتە. روشەنكى، شۇلارنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتى ئۇلارنىڭ زامانىۋى جەمئىيەت مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشىغا دەخلى قىلمىدى.

دېمەك، مىليون يىللار داۋاملاشقان تەدرىجىي تەرەققىياتنىڭ يۇقىرى پەللىسى يەر شارىدىكى بارلىق ئىنسانلارغا چەكسىز قۇدرەتكە ئىگە چوڭ مېڭىنى ئاتا قىلدى. پىسخىك جەريانلىرىمىزنىڭ ماددىي ئورگىنى بولغان چوڭ مېڭىمىز شۇنداق ئورگانكى، يالغۇز بىر ئادەمنىڭ مېڭىسىدىكى توقۇلمىنى ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى قىلىپ ياسىغىلى بولسا، ئۇنىڭ قىممىتى ياپونىيە دۆلىتىنىڭ بىر يىللىق خام چوت پىلانىدىن 60 تىرىليون ئامېرىكا دوللىرى ھالقىپ كېتىدۇ. بۇ سان بىزگە مېڭىمىزنىڭ قىممىتىنى بىلىشنىڭ چوڭ تەقەززالىق ئىكەنلىكىنى تونۇتسا، تولۇق ئىشقا سېلىنغان چوڭ مېگە ئىشلەپچىقارغان ئىدىيىنىڭ قىممىتىنى، ھەتتا بۇنداق بىر دۆلەتنىڭ بىر يىللىق خام چوتى بىلەنمۇ سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن دۇنيادا ئەقىلدىن ئارتۇق ئېتىبارغا لايىق ھېچقانداق نەرسىنىڭ يوقلۇقىغا ئىقرار بولىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن،ھەتتە مۇقەددەم چاغلاردا يېزىلغان «كەلىلە ۋە دېمنە» دېگەن ھىندى ھېكمەتىدىمۇ ئەقىل ۋە ئىقتىدار ئۇلۇغلىنىپ: «كىشلەرنىڭ شان-شەرىپى مالدىن ئەمەس، كامالەتكە يېتىشتىن كېلىدۇ. ئىلىم ۋە ھۈنەردە كامالەتكە يەتكەن كىشى پۇلسىز بولسىمۇ ھەمىشە ئەزىز بولىدۇ. بۇ خۇددى شىر زەنجىردە باغلاقلىق بولسىمۇ، ھەيۋىسى كېمىيىپ كەتمىگەندەك بىر ئىش. ھۈنەرسىز ئادەم گەرچە زەردار بولسىمۇ خار ۋە قەدىرسىز بولۇپ قالىدۇ. بۇ خۇددى ئىت ھەرقانچە توق بولسىمۇ ۋە ئېسىل زىبۇ-زىننەتلەر بىلەن چابدۇپ قويۇلسىمۇ يەنىلا خار ۋە بى ئېتىبار بولغاندەك بىر ئىش» دېيىلگەن.

---

① بىدىل روسېلنىڭ «چوڭ مېڭىنىڭ فۇنكسىيىسى ۋە يوشۇرۇن قۇدرىتى» دېگەن ئەسىرىدىن.

يالغۇز خاتىرە قابىلىيىتىنى ئېلىپ ئېيتىدىغان بولساق، ئادەم مېڭىسىنىڭ خاتىرە قابىلىيىتى كاتتا كۇتۇپخانىغا ئوخشايدۇ، ئەگەر بىر ئادەم ھاردىم-تالدىم دېمەي ئىزچىل ئۆگەنسە، ئۆمرىدە ئالغان بىلىمى ئامېرىكا پارلامېنت كۇتۇپخانىسىدىكى كىتابلارنىڭ 50 ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ. دېمەك، ئادەم مېڭىسى بەئەينى قاچىلىسا-قاچىلىسا تۈگىمەيدىغان بىلىم خەزىنىسى بولۇپلا قالماي، مۇۋاپىق ئىشلەتسە، ھارمايدىغان، توغرا ئۇسۇل بىلەن ئاچسا-ئاچسا تۈگىمەيدىغان قابىلىيەت كېنىدۇر.

ئادەم چوڭ مېڭىسىنىڭ بۇنداق زور قىممىتىنى ئۇنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ تەرەققىي قىلغان مۇرەككەپ ماددىلىق سۇپىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇپ، ئۇنىڭ مۇرەككەپلىك دەرىجىسى ۋە كۆپ تەرەپلىمە فۇنكسىيىسى ھازىرقى يەر شارىدا بار بولغان ھەرقانداق ئېلېكترونلۇق ماشىنىدىن ھالقىيدۇ. چوڭ مېڭىنىڭ ئۇچۇر ساقلاش قابىلىيىتى ئادەمنىڭ پۈتكۈل ئۆمرىدە ھەر سېكۇنتتا مىڭ تۈرلۈك يېڭى ئۇچۇرنى خاتىرىلەپ يەنە ئېشىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ھېسابلاش سۈرئىتى شۇنداق تېزكى، بىر سېكۇنت يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە بىر ئادەمنىڭ چىرايىنى تونۇيدۇ ۋە تۆتتىن بىر سېكۇنتتا ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىپ چىقالايدۇ. ئادەم مېڭىسى بىلەن ئېلېكترونلۇق مېڭە ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ مۇھىم پەرق شۇ يەردىكى، چوڭ مېڭە يالغۇز تۈز لىنىيە بويىچە تەدرىجىي خىزمەت قىلماستىن، بەلكى بىرلا ۋاقىتتا ئۇچۇرلار ئۈستىدە پىششىقلاش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش ئېلىپ بارىدۇ ھەمدە شۇ جەرياندا ئومۇمىي مەزمۇنلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئەمما، ھازىر دۇنيادا بۇنداق قىلالايدىغان بىرمۇ ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى يوق. ئۇ ئۆز تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئەتراپىدا 10 تۈرلۈك نەرسە بولسا، ئۇنىڭدىن ئاددىي بىر نەرسىنى پەرق ئېتەلىسمۇ، ئەمما ئۇ مۇنداق تونۇش پائالىيىتىگە بىر نەچچە مىنۇت سەرپ قىلىدۇ. شۇنداقلا جىسىملارنىڭ تەخمىنەن تۈرلىرىنى پەرق ئېتەلىسمۇ، يەككە جىسىملارنى تونىيالمايدۇ. ئېلېكترونلۇق مېڭىلەرنىڭ نوچىسى بولغان شاھمات ئوينىيالايدىغان ئېلېكترونلۇق مېڭىنى ئالساق، ئۇ مەنتىقلىق ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغانلىقتىن، ئالدىن كىرگۈزۈپ قويۇلغان مېڭىش ئۇسۇللىرىنى تېزدىن تاپالايدۇ ھەمدە قارشى تەرەپكە تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئەڭ ئوبدان لايىھىسىنى تېپىپ بېرەلەيدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئەقلىي دائىرىسى ئالدىن كىرگۈزۈپ قويۇلغان ئەندىزە بىلەنلا چەكلىنىدۇ. ناھايىتى روشەنكى، شاھمات ئوينايدىغان ئېلېكترونلۇق مېڭە بىلەن شاھمات قوللانمىسى ماھىيەت جەھەتتىن پەرقلەنمەيدۇ. ئادەم مېڭىسىنىڭ مەنتىقلىق تەپەككۇرى بولسا، مول ۋە جانلىق بولۇپ، ھەر قاچان يېڭىچە مېڭىش ئۇسۇللىرىنى يارىتالايدۇ. ئادەم ئېلېكترونلۇق مېڭە شاھماتچى بىلەن نەچچە قېتىم شاھمات ئوينىغاندىن كېيىنلا ئېلېكترونلۇق مېڭىنىڭ بىر يۈرۈش مېڭىش ئۇسۇللىرىنى بىلىۋالىدۇ-دە، دەرھال ئۇنى يېڭىش چارىسىنى تاپىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ئېلېكترونلۇق مېڭە ئادەم ئەقلىنىڭ داۋاملىشىشى ۋە ماددىيلاشتۇرۇلۇشىنىڭ ئىپادىسى. ئۇ ئادەم مېڭىسىگە چەكسىز يېقىنلىشالىسىمۇ، ئەمما ئادەم مېڭىسىنىڭ ئىقتىدارىغا مەڭگۈ يېتەلمەيدۇ. ماشىنىلار ئادەمنىڭ تەپەككۇرىنى دورىيالىسىمۇ، لېكىن ئۇنى مەڭگۈ ئادەمنىڭ تەپەككۇرى ئورنىغا قويغىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم مېڭىسىدە بولىدىغان ئىجادچانلىققا مەڭگۈ ئىگە بولالمايدۇ.

قىسقىسى، چىلگىدەك ئىنسان مېڭىسىدە ئالەمچە تۇيغۇ بار. بارلىق گۈزەللىك ئەنە شۇ تۇيغۇلار ئىچىدە بولىدۇ. بىزدىكى مۇشۇ تۈگىمەس-پۈتمەس ئەقىل بولىقدىكى ئەقىل ۋە ئۇنىڭدىن ئوخشۇپ تۇرىدىغان پىكىرلا بولىدىكەن، ھەممىنى قىلغىلى بولىدۇ. ئەگەر ئۆز ۋاقتىدا تەربىيىلەنمەيدىكەن ۋە ئۇنىڭدىكى يوشۇرۇن قۇدرەت ئېچىلمايدىكەن، ئۇمۇ گادايلىشىپ قالىدۇ. ئەقىل گادايلاشقان يەردە ھەممە نەرسە يېتىشمەيدۇ، ماددىي نەرسىلەرنى تالىشىدىغان غەۋغا تۈگىمەيدۇ. «قالاق» ياكى «راۋاج تاپمايدىغان» دېگەن گەپ ئەنە شۇ يەردىن كەلگەن. شۇڭا، مېڭىدىن پايدىلىنىپ ئىجادىيەت گۈزەللىكىنى تاللاش — ئۆزىنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قورۇلۇشى ۋە خەلقى ئالدىدىكى بۇرچىنى بىلىدىغان ۋە ئۆز ئالدىغا باشقىلارنىڭ قەلبىدىن ئارامبەخش ئوت ياندۇرۇشنى ۋەزىپە قىلىپ قويغان ھەر قانداق كىشىنىڭ مەجبۇرىيىتى. «سەن قىلغاننى قىلالايمەن، سەن قىلمىغاننىمۇ قىلالايمەن، ئاقكۆڭۈل دىلكەشلىرىم بىلەن ئىناقلىق سادايى ئىچىدە مۇسابىقىدە ئۇتۇپ چىقىمەن. مەيلى ھەر قانداق بولسۇن، ھەقىقەتنىڭ ئېجازەتسىز سايىھەت قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنچە قىلىپ ئالغا باسىمەن» دېيدىغان جاسارەتمۇ ۋىجدانىي مەردانىلىقنىڭ ئىپادىسى.

# قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي قانۇنىيەتلىرى توغرىسىدا

بۇھەيرا ئابلەت

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئۆزىنىڭ ئىشلىتىلگەن دەۋرلىرىگە نىسبەتەن ئۆۋەندىكى باسقۇچلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرىنچى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى دەۋرى (يەنى مىلادى 522-يىلىدىن 870-يىللار ئەتراپىغىچە كۆزدە تۇتۇلىدۇ.) بولۇپ، بۇ دەۋردە تۈركىي خەلقلەر جۈملىدىن ئۇيغۇرلار تۈرك-رۇنىك يېزىقى بىلەن ئۆز تىلىنى خاتىرىلىگەن. ئىككىنچى، ئوتتۇرا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى دەۋرى (يەنى مىلادى 870-يىللاردىن 1225-يىللار ئەتراپىغىچە كۆزدە تۇتۇلىدۇ.) بولۇپ، بۇ دەۋردە قەدىمكى ئۇيغۇرلار قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ئۆز تىلىنى خاتىرىلىگەن. شۇنداقلا بۇ يېزىقلار ئارقىلىق دۇنياغا داڭلىق بولغان يازما يادىكارلىقلارنى قالدۇرۇپ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىگە تېگىشلىك تۆھپىلەرنى قوشقان.

مەن تۆۋەندە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان يېزىقلاردىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ كېلىپ چىقىشى، تۈزۈلۈشى، ئىملا قائىدىسى، فونېمىلارنىڭ كونتېكستتىكى ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئۇنىڭ ئىشلىتىلگەن دەۋرلىرى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىمەن.

بىرىنچى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ كېلىپ چىقىشى

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى سوغدى يېزىقى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلار سوغدى ئېلىپبەسىگە سەل-پەل ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ، ئۇنى ئۆز تىلىنىڭ قائىدە-قانۇنىيەتلىرىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ، ئۆز يېزىقىغا ئايلاندۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ يېزىق قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى دەپ ئاتالغان.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئەسلىدە ئوڭدىن سولغا يېزىلىدىغان يېزىق ئىدى، كېيىن سولدىن ئوڭغا، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە يېزىلىدىغان بولدى. قەدىمكى ھۆججەتلەرنىڭ تولىسى كېيىنكى خىلىغا كىرىدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئورخۇن ۋادىسى، گەنسۇنىڭ غەربىي، تۇرپان ئويمانلىقى ۋە تارىم ئويمانلىقىدىكى ئۇيغۇرلار ئومۇمیۈزلۈك قوللانغان. ئورخۇن ۋادىسىدىن بۇ خىل يېزىقتا يېزىلغان IX ئەسىردىكى ئۇيغۇر يادىكارلىقلىرى تېپىلغاندىن كېيىن، «ئۇيغۇرلار IX ئەسىردە سوغدى يېزىقى ئاساسىدا تۈزۈلگەن ئۇيغۇرلار يېزىقىنى قوللانغان، ئۇلار غەربكە (شىنجاڭغا) كۆچكەندىن كېيىنمۇ بۇ يېزىقنى بىللە ئېلىپ كەلگەن.» ئۇنىڭدىن باشقا بۇ خىل يېزىقتا يېزىلغان ۋە توخرى، سانسكرت، ساك، خەنزۇ، تىبەت يېزىقلىرىدىن تەرجىمە قىلىنغان بۇددىزم ئەسەرلىرى كۆپ. بۇنداق يېزىقتا يېزىلغان مانى دىنى ئەسەرلىرىمۇ بار. ئۇندىن باشقا يەنە نۇرغۇن سىياسىي، ئىقتىسادىي، قانۇنىي ۋەسىقىلەر، ئەدەبىي ئەسەرلەر، تىببىي ئەسەرلەر بار.

بۇددىزم شارائىتىدا قوللىنىلغان بۇنداق يېزىق قەشقەردە ئىسلام دىنى راۋاجلانغاندىن كېيىنمۇ خېلى بىر مەزگىلگىچە ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلۇپ، پەقەت X ئەسىردىن كېيىنلا ئىسلام شارائىتىدا تۇغۇلۇپ چىققان قاراخانىيلار يېزىقى يەنى ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىغا ئورۇن بوشاتتى.

ئىككىنچى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئۇنىڭ ئىملا قائىدىسى

1. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ تۈزۈلۈشى

(تاۋۇشلار خەلقئارالىق بەلگىلەر بويىچە بېرىلدى)

دەۋرنىڭ ئىلگىرى-كېيىنلىكى سەۋەبىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھەرپ سانىمۇ ئوخشاش بولمىغان. ئەسلىدە، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ سانى 18 بولغان. دەسلەپتە «ئا» ھەرپى بىلەن «ن» ھەرپى، «ش» ھەرپى بىلەن «س» ھەرپى ئاساسەن بىرلا ھەرپ بەلگىسى بىلەن ئىپادىلەنگەن: كېيىنرەك بۇ ھەرپلەر (a بىلەن n نى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، «n» ھەرپىنىڭ سول تەرىپىگە بىر چېكىت قويۇلغان: «ʃ» بىلەن «s» نى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن «ش» ھەرپىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئىككى چېكىت قويۇلغان). بىر ياكى ئىككى چېكىت بىلەن پەرقلەندۈرۈلگەن. «ʁ» بىلەن «q»: «v» بىلەن «y» ھەرپلىرىنىڭمۇ بۇرۇن ئۆزئارا پەرقلەندۈرۈلمىگەنلىكى ئىلك قەدىمكى يادىكارلىقلاردا ئۇچراپمۇ قالىدۇ. كېيىنكى مەزگىللەردە يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك «q» ھەرپى بىلەن «ʁ» ھەرپىمۇ پەقەت «ق» ھەرپىنىڭ سول تەرىپىگە ئىككى چېكىت قويۇش بىلەنلا پەرقلەندۈرۈلگەن. سىزىقچىلارنىڭ قوشۇۋېتىلىشى («ۋ» ھەرپىدە) ۋە ئۇچۇقراق قالدۇرۇلۇشى بىلەنلا پەرقلەندۈرۈلگەن. مانا مۇشۇنداق قىلىپ بەش ھەرپنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ، ئەسلىدىكى 18 ھەرپكە قوشۇپ جەمئىي 23 ھەرپ قىلغان.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئېلىپبەلىك يېزىق بولۇپ، بېشى، ئوتتۇرا، ئايلىق ھەرپلىرىدىن تەركىپ تاپقان. شۇڭا، بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرۇلۇپ يېزىلىدۇ. بۇنىڭ تىنىش بەلگىلىرى ئۈچ خىل بولۇپ، بىر چېكىت (.)؛ قوش چېكىت (:)؛ جۈپ قوش چېكىت (::)تىن ئىبارەت بولۇپ، جۈپ قوش چېكىت قويۇلغانلىرى كۆپ ھاللاردا ئابزاس ياكى شېئىر كۇپلېتلىرىنى بىر-بىرىدىن ئايرىپ تۇرۇشتا خىزمەت قىلىدۇ. مانى دىنىغا ئائىت ھۆججەتلەردە جۈملە ئاخىرىسىغا قوش (:) قىزىل يۇملاق ئىچىگە ئېلىنغان.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ شەكىللىرى ئۈچ خىل بولۇپ، ئۇلار: «ياغاچ ئويما باسما شەكلى؛ بۇددا كىلاسسىكلىرى شەكلى؛ ئىرمىش شەكلى»دىن ئىبارەت بولۇپ، ئالدىنقى ئىككى شەكىلدە يېزىلغان يادىكارلىقلارنى ئوقۇش ئاسانراق، كېيىنكى شەكىلنى (يەنى ئىرمىش شەكلىنى) ئوقۇش نىھايىتىمۇ قىيىن.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ يېزىلىش ئۇسۇلى توغرىسىدىكىچە: 1. «a» تاۋۇشىنى ئىپادىلەيدىغان ھەرپ ئۇزۇن سىزىقتىن كۆتىرىلىپ تۇرىدىغان بىر كىرتىك (چىش)تىن ئىبارەت. بۇ ھەرپ باشتا كەلگەندە خۇددى ئەرەبچە ھەرپتە ئېلىپ بېشىدا كەلگەندە بىر ھەمزە ( ء ) قوشۇلغاندەك ئالدى تەرىپىگە يەنە بىر چىش قوشۇلۇپ يېزىلىدۇ، ئاخىردا كەلگەندىمۇ شۇنداق بولۇپ، پەقەت چىشنىڭ قۇيرۇقى ئوڭغا، سولغا ياكى تۆۋەنگە سوزۇلىدۇ. ھەرپ شەكىللىرى ئېلىپبە گىرافىكىدا بېرىلدى. 2. «ɛ» تاۋۇشىنى ئىپادىلەيدىغان ھەرپ خۇددى «a» غا ئوخشاش بىر كىرتىك (چىش) تىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنىڭ «a» دىن پەرقى بېشىدا كەلگەندە بىر چىش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئوتتۇرا، ئاياق شەكىللىرى «a» بىلەن ئوخشاش. 3. «u، o» ھەرپلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ھەرپ بىر دۈگىلەك كۆزدىن ئىبارەت بولۇپ، بېشىدا كەلگەندە ئالدىغا بىر چىش ئۇلاۋە قىلىنىدۇ، ئاخىردا كەلگەندە كۆزنىڭ قۇيرۇقى ئوڭغا بىر ئاز قايرىلىدۇ. 4. «y، ø» ھەرپلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ھەرپ «u، o» تاۋۇشلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ھەرپنىڭ ئەينى ئۆزى بولۇپ، ئۇنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، بىرىنچى بوغۇمدا كۆزنىڭ ئاخىرىغا «ى» نى ئىپادىلەيدىغان ھەرپ ئۇلاۋە قىلىنىدۇ. ئاخىردا كەلگەندە، كۆزنىڭ قۇيرۇقى ئوڭغا بىرئاز قايرىلىدۇ. 5. «b، p» تاۋۇشلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ھەرپ، بىر دۈگىلەك كۆز ۋە ئورغاقسىمان قۇيرۇقتىن تۈزۈلىدۇ، ئوتتۇرىغا ئۇلانغاندا كۆزنىڭ ئالدى تەرىپىگە چىقىپ تۇرغان سىزىقتىن، كەينىگە ئۇلانغاندا قۇيرۇقنىڭ ئۈچىدىن ئۇلىنىدۇ. قۇيرۇق ئوڭغا ياكى سولغا سوزۇلىدۇ. 6. «f» تاۋۇشىنى ئىپادىلەيدىغان ھەرپ، ئاغزى پەسكە قاراپ سەل ئېچىلىپ تۇرىدىغان يۇمىلاق كۆزدىن ئىبارەت. بۇ ھەرپ ئادەتتە «ۋ» تاۋۇشى بولۇپ، «v» دىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۈستىگە بىر چېكىت قويۇلىدۇ. ئاخىرىغا كەلگەندە قۇيرۇقى سولغا سەل قايرىلىدۇ. 7. «v» تاۋۇشىنى ئىپادىلەيدىغان ھەرپ، ئاغزى پەسكە قاراپ سەل ئېچىلىدىغان دۈگىلەك كۆزدىن ئىبارەت، ئاخىرىغا كەلگەندە قۇيرۇقى ئوڭغا سەل قايرىلىدۇ. 8. «ʁ» تاۋۇشىنى ئىپادىلەيدىغان ھەرپ، ئاغزى قورنىڭ ئۈستىگە سەل چىقىپ تۇرىدىغان كىچىك يۇمىلاق ئېغىزدىن ئىبارەت. ئاخىردا كەلگەندە ئاغزىنىڭ ئاخىرقى سىزىقى ئوڭغا سەل مايىل قىلىنىپ، پەسكە سەل سوزۇلىدۇ. 9. «q» تاۋۇشىنى ئىپادىلەيدىغان ھەرپنىڭ گەۋدىسى «ʁ» نى ئىپادىلەيدىغان ھەرپ بىلەن ئوخشاش بولۇپ، بىرلا پەرقى ئۈستىگە ئىككى چېكىت قويۇلىدۇ. 10. «x» تاۋۇشىنى ئىپادىلەيدىغان ھەرپنىڭ شەكلىمۇ «ʁ» نى ئىپادىلەيدىغان ھەرپ بىلەن ئوخشاش بولۇپ، بىرلا پەرقى ئۈستىگە بىر چېكىت قويۇلىدۇ. 11. «d» تاۋۇشىنى ئىپادىلەيدىغان ھەرپ قورنى بويلاپ كەلگەندە بىر سىزىق ۋە بىر سىزىقنىڭ بېشىدىن باشلىنىپ سولغا يانتۇ كۆتىرىلگەن ئۇزۇن ئىلمەكتىن ئىبارەت. ئاخىردا كەلگەندە قور بويلاپ كەتكەن تۈز سىزىقنىڭ ئۇچى سولغا بىر ئاز قايرىلىدۇ. 12. «t» تاۋۇشىنى ئىپادىلەيدىغان ھەرپ، دۈگىلەك بىر كۆز ۋە ئۇنىڭغا ياندىشىپ تۇرىدىغان كىچىك بىر چىشتىن ئىبارەت. ئاخىردا كەلگەندە چىشنىڭ قۇيرۇقى ئوڭغا قاراپ پەسكە سەل سوزۇلىدۇ. 13. «z» تاۋۇشىنى ئىپادىلەيدىغان ھەرپ، قۇيرۇقى ئوڭغا تىك چۈشكەن كىچىك بىر چىشتىن ئىبارەت. قەدىمكى ئۇيغۇر ھەرپلىرى ئىچىدە پەقەت مۇشۇ ھەرپلا ئۆزىدىن كېيىن كەلگەن ھەرپكە ئۇلانماي يېزىلىدۇ. ئاخىرى «ن» ھەرپىدىن قۇيرۇقىنىڭ قىسقىلىقى ۋە چېكىتىنىڭ يوقلۇقى بىلەنلا پەرقلىنىدۇ. 14. «ʐ» تاۋۇشى ئۈچۈن «z» نى ئىپادىلەيدىغان ھەرپنىڭ سول تەرىپىگە ئىككى چېكىت قويۇش بىلەن پەرقلەندۈرۈلىدۇ. 15. «j» تاۋۇشىنى ئىپادىلەيدىغان ھەرپ، قور بويلاپ كەتكەن تۈز سىزىققا يانداشىپ پەسكە قاراپ تۇرغان كىچىك ئاچىماقتىن ئىبارەت بولۇپ، ئاخىردا كەلگەندە قۇيرۇقى سولغا مايىل قىلىنىدۇ. 16. «l» تاۋۇشىنى ئىپادىلەيدىغان ھەرپ، قور بويلاپ سىزىلغان بىر سىزىق ۋە شۇ سىزىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ يۇقىرىغا قايرىلغان قۇيرۇقتىن ئىبارەت. ئاخىردا كەلگەندە بۇ ھەرپ قۇيرۇقنىڭ ئۆزى بىلەنلا تاماملىنىدۇ. قۇيرۇقنى كېسىپ ئۆتكەن تۈز سىزىقنىڭ ئۇچى چىقىپ تۇرمايدۇ. 17. «m» تاۋۇشىنى ئىپادىلەيدىغان ھەرپ، قور بويلاپ كەتكەن بىر تىزىق ۋە ئۇنى ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، پەسكە قايرىلغان بىر قۇيرۇقتىن ئىبارەت. ئاخىردا كەلگەندە، تۈز سىزىقنىڭ ئاخىرىسى ئوڭغا قايرىلىپ، قۇيرۇقنىڭ ئۇچىغا تۇتىشىپ بىر يېپىق ئېغىزغا ئايلىنىدۇ. 18. «n» تاۋۇشىنى ئىپادىلەيدىغان ھەرپ، بۇ ھەرپ بىر چىشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۈستىگە بىر چېكىت قويۇلىدۇ. ئۇنىڭ شەكلى «ɛ» نى ئىپادىلەيدىغان ھەرپنىڭ شەكلىگە ئوخشاش. ئاخىرىدا كەلگەندىمۇ شۇنداق. 19. «r» نى ئىپادىلەيدىغان ھەرپ، ئۈچلىرى بىر-بىرىنى كېسىپ ئۆتكەن چاپراس (چاتما) سىزىقتىن ئىبارەت. باشتا كەلسە يۇقىرىغا ئۇلىنىدىغان سىزىقى بولمايدۇ، ئاخىردا كەلسە قۇيرۇقى ئوڭغا سەل قايرىلىدۇ. 20. «ى» تاۋۇشىنى ئىپادىلەيدىغان ھەرپ، ئۈچلىرى ئوڭغا كەسكىن ئېتىلىپ چۈشكەن ئاغزى ئوچۇق بۇرجەكتىن ئىبارەت. ئاخىردا كەلسە، بۇرجەكنىڭ ئاخىرقى سىزىقىدىن ئوڭغا قاراپ چۈشكەن بىر قۇيرۇق قوشۇلىدۇ. «s» نى «ʃ» دىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن. «s» ھەرپىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئىككى چېكىت (يەنى بۇرجەكنىڭ يېنىغا) قويۇلىدۇ. 21. «tʃ، dʒ» تاۋۇشلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ھەرپ، قور بويلاپ سىزىلغان بىر سىزىق ۋە سىزىقنىڭ سول تەرىپىگە ئۇلانغان، ئاغزى يۇقىرىغا قاراپ تۇرغان بىر ئىلمەكتىن ئىبارەت. ئاخىردا كەلگەندە بۇ ھەرپنىڭ قۇيرۇقى ئوڭ تەرەپكە بىرئاز قايرىلىدۇ. 22. «i، i» تاۋۇشلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ھەرپ، ئاغزى پەسكە قاراپ تۇرغان ئاچىماقتىن ئىبارەت. بېشىدا كەلگەندە ئالدىغا بىر چىش ئۇلاۋە قىلىنىدۇ. ئاخىردا كەلگەندە قۇيرۇقى سولغا بىرئاز قايرىلىدۇ. 23. «ŋ» تاۋۇشىنى ئىپادىلەيدىغان ھەرپ ئۈچۈن، مۇستەقىل ھەرپ يوق. ئۇنىڭ ئۈچۈن «n» بىلەن «g» ھەرپىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان قوشما ھەرپ ئىشلىتىلىدۇ.

### ئىككىنچى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئىملا قائىدىسى

#### 1. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئىملا قائىدىسى

① سوزۇق تاۋۇشلاردىن «a؛ o، u؛ ø، y؛ i، i» تاۋۇشلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ھەرپلەر سۆز بېشىدا كەلگەندە كۆپ ھاللاردا ئالدى تەرىپىگە بىر چىش يېزىلىدۇ.

② «o» بىلەن «u»؛ «ø» بىلەن «y»، «i» بىلەن «i» لار يېزىقتا پەرقلەنمەيدۇ.

③ «φ» ۋە «y» تاۋۇشلىرى بىرىنچى بوغۇمدا ياكى «k» ، «g» ، «j» تاۋۇشلىرى بىلىش ھەرپ بولۇپ كەلگەندە، كۆپىنچە «j» قوشۇلماي يېزىلىدۇ. شۇڭا، سۆز تەركىبىدە «k» ، «g» ، «j» بولىدىكەن ئۇنىڭ تەركىبىدىكى «o» ۋە «u» چوقۇم «φ» ياكى «y» دەپ ئوقۇلىدۇ.

④ «φ» بىلەن «y» بىرىنچى بوغۇمدا ياكى «k» ، «g» ، «J» تاۋۇشلىرى بىلەن كەلمىگەندە، ئاخىرىغا بىر «j» ھەرپى قوشۇلۇپ يېزىلىدۇ. شۇ يول بىلەن «o» ، «u» لاردىن پەرقلەندۈرۈلىدۇ. ئىككىنچى بوغۇملاردا كەلسە، يەنىلا «o» ۋە «u» بويىچە يېزىلىدۇ.

⑤ ئايرىم ھاللاردا، بولۇپمۇ قوليازمىلاردا «a» تاۋۇشى بىلەن «ɛ» تاۋۇشىنى پەرقلەندۈرۈش قىيىن.

⑥ بەزى چاغلاردا، سۆز ئاخىرىغا كەلگەندە «a» ۋە «ɛ» تاۋۇشى (شۇنىڭدەك باشقا تاۋۇشلارمۇ) ئايرىم يېزىلىدۇ. بولۇپمۇ «z» ۋە «ʐ» تاۋۇشلىرىدىن كېيىن شۇنداق قىلىنىدۇ.

ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئىملا قائىدىسى

① بەزى قوليازمىلاردا «ʁ» تاۋۇشىنىڭ يېنىغا بىر چېكىت قويۇپ «x» تاۋۇشى ئىپادىلىنىدۇ. (بەزىدە چېكىتسىزمۇ «x» تاۋۇشى ئىپادىلىنىدۇ) ، لېكىن كۆپ ھاللاردا «ʁ» ، «q» ، «x» تاۋۇشلىرى بىرلا ھەرپ بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. قوليازمىلاردا «ʁ» تاۋۇشى ئادەتتە قاتار كەلگەندە ئىككى چېكىتتىنلا ئىبارەت بولىدۇ.

② «a» ، «ɛ» ، «n» تاۋۇشلىرى سۆز ئوتتۇرىسىدا كۆپىنچە بىر چىشتىنلا ئىبارەت بولىدۇ. كېيىنكى دەۋرلەردىكى قوليازمىلاردا «n» ھەرپىنىڭ چىشى ئۈستىگە بىر چېكىت قويىلىدۇ. بەزىدە بۇلارغا يۇملاق يېزىلغان «t» ھەرپىنىڭ چىشىمۇ قوشۇلۇپ، بىرقانچە چىش قاتار كېلىپ، ئوقۇشنى قىيىنلاشتۇرىدۇ. بۇنداق چاغلاردا، چىشلارنى ساناپ ئايرىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

③ «v» بىلەن «j» تاۋۇشىنى ئىپادىلەيدىغان ھەرپلەر سىرتقى كۆرۈنۈشىدە بىر-بىرىگە بەك ئوخشاپ كېتىدۇ. پەقەت ئايرىم قوليازمىلاردا «v» تاۋۇشىنى بىلدۈرىدىغان ھەرپىنىڭ ئۈچى ئىچىگە سەل قايرىلىدۇ. شۇ ئارقىلىق «v» تاۋۇشى ئىپادىلىنىدۇ.

④ «b» ، «p» ؛ «g» ، «k» ؛ «dʒ» ، «tʃ» تاۋۇشلىرى يېزىقتا بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرۈلمەيدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان يادىكارلىقلاردا «b ، p» فونېمىسى؛ «k ، g» فونېمىسى؛ «tʃ، dʒ» فونېمىسى بىلىش ھەرپ بولۇپ كەلگەندە، چوقۇم «b ، k ، tʃ» دەپ ئوقۇلىدۇ. «p ، g ، dʒ» دەپ ئوقۇلمايدۇ. چۈنكى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «پ، گ، ج» فونېملىرى پەقەت چەتتىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىلا كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭ مىساللىرى فونېملارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدە بېرىلىدۇ.

⑤ «d» ۋە «t» تاۋۇشلىرى ئايرىم-ئايرىم ئىككى تاۋۇش شەكلى بولۇپ، يېزىقتا ئىككى ھەرپ بىلەن ئىپادىلەنسىمۇ يازما يادىكارلىقلاردا كۆپىنچە ئارىلاش قوللىنىلىدۇ.

⑥ «z» ھەرپى ئارقىدىكى ھەرپلەردىن ئايرىم يېزىلىدۇ. سۆز بېشىدا كەلمەيدۇ. شۇڭا بۇ تاۋۇشنى ئىپادىلەيدىغان ھەرپنىڭ باشتا كېلىدىغان شەكلى يوق. پەقەت ئاخىرىدا كېلىدىغان شەكلىلا بار. بۇ تاۋۇش بەزى چەتتىن كىرگەن سۆزلەردە باشتا كېلىپ قالسا، ئايرىم يېزىلىپ، ئاخىرىدا كېلىدىغان باشقا ھەرپلەرگە ئۇلانمايدۇ. بۇ ھەرپ سۆز ئوتتۇرىسىدا كېلىپ قالسا، كېيىنكى بوغۇملارغا ئۇلانماي يېزىلىدۇ.

⑦ «ʐ» تاۋۇشى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ناھايىتى ئاز (پەقەت چەتتىن كىرگەن سۆزلەردىلا) ئىشلىتىلىدۇ ۋە «z» نىڭ ئوڭ تەرىپىگە (تىك سىزىقتا) ئىككى چېكىت قويۇپ پەرقلەندۈرۈلىدۇ.

⑧ «ŋ» تاۋۇشى ئۈچۈن مۇستەقىل ھەرپ يوق. بۇ تاۋۇش سۆز بېشىدا كەلمەيدۇ. بۇ تاۋۇشنى ئىپادىلەش ئۈچۈن «n» تاۋۇشىنى بىلدۈرىدىغان ھەرپنىڭ يېنىغا «g» تاۋۇشىنى بىلدۈرىدىغان ھەرپ قوشۇلۇپ يېزىلىدۇ. شۇڭا «n» بىلەن «g» بىر يەرگە كەلسە، كۆپىنچە «ŋ» دەپ ئوقۇلىدۇ.

⑨ قەدىمكى ئۇيغۇر تىـ ـىدا بەزى بىر بوغۇملۇق سۆزلەردىكى سوزۇق تاۋۇشلار يېزىقتا چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن: «مەن، سەن، يەنە» دېگەنگە ئوخشاش مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر.

⑩ سۆزلەر تۈرلەنگەندە، تۈپ سۆز ئايرىم، قوشۇمچىلار (ئۇلانـ ـماي) ئايرىم يېزىلىدۇ.

ئۈچىنچى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى فونېملارنىڭ كونتېكىستىكى ئالاھىدىلىكى

1. فونېملارنىڭ ئەمەلىي ئىستېمالى پەرقلىق بولۇپ، «a ، ɛ ، u ، y ، i ، i ، b ، tʃ ، d ، q ، k ، m ، n ، v ، r ، z ، s ، ʃ ، t ، j» فونېملىرى سۆزنىڭ ھەرقانداق قىسىملىرىدا كېلىۋېرىدۇ. مەسىلەن:

ۋاقىت، زامان، پەيت (ئال) φd

ئولتۇر (ئىككى) olur

2. «o ، φ» فونېملىرى سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىلا كۆرۈلىدۇ. (بىراق «φ» فونېمىسى ئالتۇن-يارۇقتا بىرلا سۆزدە يەنى ئايرىش باغلىغۇچىسى: «ئەگەردە» ، «ناۋادا» مەنىسىنى بېرىدىغان abam birφk دېگەن سۆزدە ئىككىنچى بوغۇمدا كەلگەن) . مەسىلەن:

چىرايلىق، گۈزەل (ئال) kφryglyg

ئورۇن، جاي (ئىككى) ornaʁ

ۋاقىت، چاغ، زامان (ئال) φdyn

3. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئورۇن جەھەتتىكى ماسلىشىشى قاتتىق بولىدۇ. يەنى تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشى بىلەن باشلانغان سۆزلەر تـ ـىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش بىلـ ـەن ئاخىرلىشىدۇ، تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان سۆزلەر تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. مەسىلەن:

قوغلىغۇر، (ئوغ) tfoqurtan

ياخشى (تۈر) ɛdgy

بەزگەك (تىپ) bɛzgɛk

ئۇدۇل (ئال) utru

4. تەركىبىدە «a» ، «ɛ́» فونېملىرى بولغان بىر ياكى كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەر تۈرلىنىپ بوغۇم ئاخىرى بولۇپ قالغاندا ئاجىزلاشـ ـمايدۇ. مەسىلەن:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بەللىرى (ئوغ) belleri
ئالايلى (ئوغ) alaliŋ
بېگىمىز (ئال) begymiz
تېرىقچىلارنى، دېھقانلارنى (ئىككى) tarikt∫ilarak

يوقىرىدىكى سۆزلەرنى تەھلىل قىلساق، سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تىل ئورنى، لەۋ ھالىتى، ئېغىزنىڭ ئېچىلىش دائىرىسى جەھەتلەردىن ماسلاشقانلىقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

5. سۆزلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى «a» (تىل ئارقا، لەۋلەشمىگەن، ئوچۇق) فونېمىسى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «o» (تىل ئارقا، لەۋلەشمىگەن، ئوچۇقراق) فونېمىسىغا؛ سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى «ε» (تىل ئالدى، لەۋلەشمىگەن، ئوچۇقراق) فونېمىسى «y» (تىل ئالدى، لەۋلەشكەن، يېپىق) فونېمىسىغا ئۆزگەرگەن. مەسىلەن:

ئوۋ (ئوغ) av
يوروق (ئوغ) jaruk
بۈيۈك، زور، كاتتا (ئال) bedyk

6. سۆزلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى «a»، «ε» فونېمىسى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «e»، «i» فونېمىسىغا ئۆزگەرگەن. مەسىلەن:

ئېيىق (ئوغ) aduk
كېيىم (ئال) kedim

7. «f» فونېمىسى سۆزلەرنىڭ بېشى ۋە ئوتتۇرىلىرىدا كۆرۈلمەيدۇ. پەقەت چەتتىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ تەركىبىدە كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

مەشھۇر جايىنىڭ نامى (سام) maruf

8. «ʁ» ۋە «g» فونېمىسى سۆز بېشىدا كۆرۈلمەيدۇ. ئوتتۇرا ۋە ئاخىرلىرىدا كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

جاپا، ئازاب (ئىككى) εmgεk
بويۇن (ئال) φmgen
خەت، ھۆججەت، ئالاقە (ئوغ) bitig
باتۇر، قەيسەر (ئوغ) qaʁiz
قالايمىقانچىلىق (سام) qamaʃiʁ

9. ئۇزۇك تاۋۇشلاردىن «ʁ، q، x» فونېمىلىرى سوزۇق تاۋۇش «φ، y» فونېمىلىرى بىلەن بىللە كەلمەيدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى تاۋۇشلارنىڭ تىل ئورنىغا قاراپ بەلگىلەنگەن. بۇ قەدىمدىمۇ، ھازىردىمۇ شۇنداق.

10. dʒ، x، l، p، ʐ فونېمىلىرى ئىلىسەن چەتتىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ تەركىبىدە كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

ئوچاق (سام) خەنزۇچە lug
ئەژدىرھا (ئىككى) خەنزۇچە luŋ
ئۇستاز (م-س) Vapsi
خەت (سام) udʐik~uʐik
ئىبادەتخانا (م) Vixar
سالاسۇن (سام) ʐuŋim

11. «ŋ» فونېمىسى سۆز بېشىدا كۆرۈلمەيدۇ. مەسىلەن:

باتۇر (چلس) toŋa
سول (ئوغ) t∫oŋ
ئاجىزلىغان (ئال) — alaŋur

12. تەۋەلىك بىلەن تۈرلەنگەن ئىسىملار ۋە ئالماشلار يەنە ئورۇن كېلىش، چىقىش كېلىش، بېرىش كېلىش بىلەن تۈرلەنسە، تەۋەلىك قوشۇمچىسى بىلەن كېلىش قوشۇمچىسى ئارىلىقىدا «n» تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالىدىغان ھادىسە بار. مەسىلەن:

تىلىن (سام) til—i—n—tin
ئارىسىدا (ئوغ) ara—si—n—ta
تۆپىسىدە (مانى) tφpε—si—n—tε
ئېلىگە، يۇرتىغا (تون) εl—i—n—gε

13. بەزى سۆزلەردىكى سوزۇق تاۋۇش ئارىلىقىدىكى ۋە بوغۇم ئاخىرىدىكى «d» فونېمىسى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «j» فونېمىسىغا ئۆزگەرگەن. مەسىلەن:

بوي (سام) bod
ئاياق (ئوغ) adaʁ

قەدىمكى تۈركىي تىللار تۈركۈمى ئۇيغۇر قارلۇق گۇرۇپپىسى ۋە ئوغۇز قىپچاق گۇرۇپپىسىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ گۇرۇپپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «دىۋان لۇغەت تۈرك»تە بەرگەن مەلۇماتىدىن مەلۇمكى، تۈركىي تىللار بىر-بىرىدىن ئومۇمەن فونېتىكا جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. قەدىمكى تۈركىي تىلى دەۋرىدە تۈركىي تىللارنى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر-قارلۇق تارمىقىدىكى تىللار بىلەن ئوغۇز-قىپچاق تارمىقىدىكى تىللارنى بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان خۇسۇسىيەتلەرنىڭ مۇھىملىرى تۆۋەندىكىچە:

1) سۆز بېشىدىكى «j» بىلەن «dʒ» ياكى «t∫» تاۋۇشلىرىنىڭ ئۆۋەتلىشىشى ياكى «j» فونېمىسىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى. مەسىلەن:

ئۇيغۇر-قارلۇق ئوغۇز-قىپچاق تەرجىمىسى
t∫indʒy jint∫y مەرۋايىت
dʒut∫du juʁdu تۆگە جوغدىسى (لوكسى)
iliʁ suv jiliʁsiv ئىللىق سۇ

2) «m» بىلەن «b»نىڭ ئۆۋەتلىشىشى:

ئۇيغۇر-قارلۇق ئوغۇز-قىپچاق تەرجىمىسى
bεn mεn مەن
byn myn شورپا
biŋ miŋ مىڭ

3) سۆز بېشىدىكى ۋە ئاخىرىدىكى «t» بىلەن «d» نىڭ ئۆۋەتلىشىشى. مەسىلەن:

ئۇيغۇر-قارلۇق ئوغۇز-قىپچاق تەرجىمىسى
devεj tevεj تۆگە
① φt φd ۋاقىت ② ئوت

سۆز بېشىدىكى ئىككى سوزۇق تاۋۇش ئارىلىقى ۋە (سۆز ياكى بوغۇم) «z» فونېمىسى بىلەن «j» فونېمىسىنىڭ ئۆۋەتلىشىشى. مەسىلەن:

ئۇيغۇر-قارلۇق ئوغۇز-قىپچاق تەرجىمىسى
qaziŋ qajiŋ قېيىن/دەرەخ
qarin tozdi qarin tojti قورساق تويدى

سۆز ئاخىرىدىكى ۋە ئوتتۇرىسىدىكى «z» فونېمىسى بىلەن «n» فونېمىسىنىڭ نۆۋەتلىشىشى. مەسىلەن:

ئۇيغۇر-قارلۇق ئوغۇز-قىپچاق تەرجىمىسى
qon qoj قوي
tʃiʁan tʃiʁaj كەمبەغەل، يوقسۇل
qanda qajda قايسى

بىز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگەنگەندە ۋە تەھلىل قىلغاندا بۇ نۇقتىنىمۇ ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋە قېرىنداش تىللاردىكى ھاياتىي كۈچىنى ۋە ئىستېمالدىن قالغان شەكىللىرىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئېنىقلىۋېلىشىمىزغا ئىمكانىيەت تۇغۇلىدۇ.

تۆتىنچى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىشلىتىلگەن دەۋرلىرى

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى 9-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىغا قەدەم قويغاندا، يەنى قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە (مىلادى 850-يىللار) ئۇيغۇر خەلقى «تۈرك-رۇنىك يېزىقى» دىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىغا كۆچۈپ، ئۇنى خېلى ئومۇمىيۈزلۈك قوللانغان. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىغا كۆچكەنلىكى تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى بولۇپ، بۇ يېزىق شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە بىرقەدەر ئۇيغۇنلاشقان، شۇنداقلا ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى ئىپادىلەپ بېرىشتە، «تۈرك-رۇنىك يېزىقى» غا قارىغاندا تېخىمۇ مۇۋاپىق بولغىنى ئۈچۈن، بۇ يېزىق ئۇيغۇرلار ئارىسىدىلا قوللىنىپ قالماستىن، بەلكى تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى باشقا خەلقلەر ۋە قەبىلىلەر ئارىسىدىمۇ كەڭ قوللىنىلغان.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى تارىختا ئەتراپتىكى باشقا مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسەتتى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقى كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئەدەبىي تىللارنىڭ شەكىللىنىشىگە زور تەسىر كۆرسەتتى. يەنى ئەڭ ئالدى بىلەن قاراخانىيلار دەۋرىدىكى (10—12-ئەسىرلەر) تىلغا، ئاندىن ئوغۇز-قىپچاق ئەدەبىي تىلغا (12—13-ئەسىرلەر)، چاغاتاي تىلغا (13—14-ئەسىرلىرى)، ئالتۇن ئوردا ئەدەبىي تىلغا (13—14-ئەسىرلەر)، كېيىنكى ۋاقىتلاردا كونا ئۆزبېك تىلغا (15—16-ئەسىرلەر)، كونا تۈركمەن تىلغا (17—19-ئەسىرلەر) ۋە باشقا تىللارغا تەسىر كۆرسىتىپ، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى موڭغۇللار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، ھازىرقى كۈنگىچە ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە. ئىلگىرى بەزى ئالىملار مىلادى 10-ئەسىردە مەملىكىتىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىي رايونىدا سىياسىي سەھنىگە چىققان خىتايلار (لياۋ) نىڭ ئېلىپبەلىك يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغانلىقىنى كۆرسەتكەن. لېكىن، بۈگۈنكى كۈندە بۇ ھەقتە بىرمۇنچە ئوخشىمىغان قاراشلار بار. مىلادى 1204-يىلى چىڭگىزخان نايمان قەبىلىسىنىڭ پادىشاھى تايانغاننى يوق قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۇستازى ۋە باش بىتەكچىسى تاتاتۇڭغانى قولغا چۈشۈرگەن. ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ، موڭغۇللار قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللىنىشقا باشلىغان. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»دا مۇنداق دەپ يېزىلغان: «تاتاتۇڭغا ئۇيغۇر ئىدى، ئۇ ئەقىللىق، زېرەك ۋە سۆزگە ماھىر كىشى بولۇپ، ئۆز ئىلىنىڭ تىل-يېزىقىنى ناھايىتى پىششىق بىلەتتى. نايمانلارنىڭ باشلىقى تايانغان ئۇنى ئۇستاز دەپ ھۆرمەت قىلىپ، مۆھۈردارلىق ۋە باسقاقلىق ۋەزىپىسىنى بەرگەنىدى». پادىشاھ چىڭگىزخان غەربتىكى نايمانلارغا يۈرۈش قىلىپ، ئۇنىڭ دۆلىتىنى يوقىتىپ، ئالتۇن مۆھۈرنى قولتۇقلاپ قاچقان تاتاتۇڭغانى تۇتتى...... ئۇنىڭغا شاھزادىلەر ۋە باشقا ۋاڭ ئەمەلدارلارغا خەت ئۆگىنىشكە بۇيرۇق قىلدى، شۇنىڭدىن باشلاپ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئۇلارنىڭ دۆلەت يېزىقى بولۇپ قالدى. («يۈەن سۇلالىسى تارىخى» تاتاتۇڭغا تەزكىرىسى)دىن ئېلىندى.

16-ئەسىردىن كېيىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى موڭغۇللار ئارقىلىق مانجۇلارغا ئۆتۈپ، مانجۇ يېزىقى سۈپىتىدە قوللىنىلدى.

سوۋېت تۈركىي تىللار تەتقىقاتچىسى ن.ئا.باسكاكوۋ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «...ئالتۇن ئوردا يېزىق تىلى دەسلەپتە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە قاراخانىي دۆلىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى ئاستىدا تەرەققىي قىلغان. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن قاراخانىيلار تىلىدا سۆزلەشكۈچىلەر موڭغۇل مەھكىمىلىرىنىڭ ئەمەلدارلىرى بولغان ئۇيغۇرلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار كونا ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىشلەتكەن». «...غەربىي قىسمىدىكى جۇجى ئۇلۇسىنىڭ ئەدەبىي تىلى ساقلىنىپ قالغان «خىسراۋ ۋە شىرىن» ناملىق يادىكارلىقنىڭ قۇتۇپ تەرىپىدىن قىلىنغان تەرجىمىسىگە (مىلادى 14-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسى) شۇنداقلا خانلىق يارلىقلارغا قارىغاندا ئۇيغۇرچە ئېلېمېنتلار كۆپ ئارىلاشقان بولۇپ، قىسمەن مەھەللىۋى خاراكتېرگە ئىگە»، «...قەدىمكى ئۇيغۇرلاردىن قوبۇل قىلىنغان كونا يېزىق (قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى) بىلەن بىللە، بۇ تىلغا نۇرغۇن ئۇيغۇر لېكسىكىسىمۇ سىڭىپ كىرگەن»، بۇ مەزگىللەردە (13—14-ئەسىرلەردە) ئەرەب يېزىقى مەخسۇس ھۆججەتلەردە ھەم ئىجتىمائىي ئەدەبىياتتا مەلۇم مەزگىلگىچە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن بىر قاتاردا ئىشلىتىلدى. دېمەك، بۇلاردىن قارىغاندا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ 13—15-ئەسىرلەردە ئالتۇن ئوردا خانلىقىدا، تۆمۈرلەر ئىمپېرىيىسىدە ۋە چاغاتاي خانلىقىنىڭ دۆلەت ئورگىنىدا قوللىنىلدىغان يېزىق بولغانلىقى»نى ئېنىقلىۋېلىش ئانچە قىيىن ئەمەس. ھازىر ساقلىنىۋاتقان ئالتۇن ئوردا خانلىقى دەۋرىدىكى «تۆمۈر قۇتلۇق يارلىقلىرى»، «توختامىش يارلىقلىرى» قاتارلىقلار قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان. تارىخىي خاتىرىلەردە تۆمۈرنىڭ بارلىق ھەربىي پائالىيەتلىرىنى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن خاتىرىلەش توغرىسىدىكى ياخشى (كاتىپ)لارغا بۇيرۇق بەرگەنلىكى» يېزىلغان. تۆمۈرلەر دەۋرىدە تۈركىي تىلدا يېزىلغان ئىسلام دىنى مەزمۇنىدىكى كۆپلىگەن ئەسەرلەر بۇيرۇققا بىنائەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا قايتىدىن كۆچۈرۈلگەن. («قۇتادغۇبىلىك» نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋىنا نۇسخىسى مۇشۇ دەۋرگە تەئەللۇق.) ئەرەب تارىخچىسى ئىبنى ئەرەبشاھ (تەخمىنەن 1388-يىلدىن 1450-يىللار) مۇنداق

دەپ يازغان: «چاغاتاي ئادەملىرىدە «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى» دېگەن بىر خىل يېزىق بار، بۇ يېزىق موغۇللارنىڭ يېزىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەممىگە مەلۇم... بۇ يېزىق بىلەن خىزمەتكە بەلگىلەش پەرمانلىرى، بۇيرۇقلار، خەت-ئالاقىلار، غەزەللەر، تارىخ، ھېكايە، شۇنىڭدەك چىڭگىزخاننىڭ ئەمىر-پەرمانلىرى يېزىلىدۇ، كىمكى بۇ يېزىقنى بىلسە، ئۇ خار بولمايدۇ...»

ئوتتۇرا ئاسىيادىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان ئەڭ كېيىنكى يادىكارلىق 1469-يىلى فەرغانە سۇلتانى ئۆمەر شەيىخنىڭ «مەرغىلان ھاكىمى مىرسەئىد ئەخمەتكە ئەۋەتكەن تەبرىكلەش بۇيرۇقى» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

شىنجاڭدا بولسا، «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى تۇرپان، قۇمۇل تەرەپلەردە تاكى 14—15-ئەسىرگىچە قوللىنىپ كەلدى...»

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى مىلادى 8-، 9-ئەسىرلەردە رەسمىي قوللىنىشقا باشلانغان بولۇپ، ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىنمۇ ئۇلارنىڭ ئەدەبىي يېزىقى سۈپىتىدە خىزمەت قىلدى. ئىسلامىيەت كەڭ تارقالغاندىن كېيىنكى بىرنەچچە ئەسىرلەرگىچىمۇ ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر ئورتاق ئىشلىتىدىغان يېزىق بولۇپ قالدى. تارىخىي خاتىرىلەر ۋە ئەمەلىي پاكىتلارغا ئاساسەن، يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئۇيغۇرلار ھەم باشقا تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ئىسلامىيەتتىن كېيىن قوبۇل قىلغان ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى (چاغاتاي يېزىقى) بىلەن خېلى ئۇزاققىچە بىرلىكتە ئىشلىتىلىپ كەلدى.

ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانى، شۇنىڭدەك 1432-يىللىرى يېزىلغان «بەختىيارنامە»، 1436-يىلى يېزىلغان «تەزكىرەئى ئەۋلىيا»، 1439-يىللىرى يېزىلغان «مىراجنامە» قاتارلىق ئەدەبىي مىراسلارنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈپ يېزىلغانلىقى يۇقىرىقى قاراشلارنى روشەن ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئەھمەت بىننى مەھمۇد يۈكنەكىنىڭ («ئەتەبەتۇل ھاقايىق» ھەقىقەتنىڭ باشلىنىشى) ناملىق داستانىنىڭ 1440-يىلى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن بىر نۇسخىسى بىلەن 1480-يىلى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئەرەب يېزىقىغا پاراللېلاشتۇرۇپ كۆچۈرگەن يەنە بىر نۇسخىسىنىڭ ئىستانبۇلدىكى ئاياسوفىيا كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقانلىقى، تۇرپاندىن 14-ئەسىرگە تەئەللۇق بۇددا يادىكارلىقلىرىنىڭ تېپىلغانلىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان ئەڭ كېيىنكى بۇددا نومى 17-ئەسىردە (چىڭ سۇلالىسى كاڭشى 26-يىلى، يەنى مىلادى 1687-يىلى) گەنسۇدا يېزىلغان («ئالتۇن يارۇق» جيۇچۈەندىن تېپىلغان) قاتارلىقلار، ئۇندىن باشقا گەنسۇدا ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن ئۇيغۇرلار (يەنى سېرىق ئۇيغۇرلار) بۇ يېزىقنى تاكى XVIII ئەسىرنىڭ باشلىرىغا قەدەر ئىشلەتكەنلىكىگە قارىغاندىمۇ، بۇ يېزىقنىڭ مەيدانغا كېلىپ توققۇز ئەسىردىن كۆپرەك قوللىنىلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇرلار يېزىقىنىڭ تەرەققىياتى ۋە بۇ يېزىقنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىشى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرگە ئورتاق بولغان ئەدەبىي تىلنىڭ تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى. ئەدەبىي تىلنىڭ بۇ خىل تەرەققىياتى بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ راۋاجلىنىشىغا چوڭ تۈرتكە بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر خەلقى بۇ يېزىق ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئالاقىلىشىش ئېھتىياجىنى قامداپلا قالماي، بەلكى «ئوغۇزنامە»، «ئالتۇن يارۇق»، «چاشتانى ئىلىگ بەگ»، «شۇمنزاڭ تەزكىرىسى» (سامتىسىمۇ ئاچارى)، «شاھزادە قالىماقاز ۋە پاپاماقارا ھەققىدە رىۋايەت (ئىككى تېكىستنىڭ ھېكايىسى)»، «مايتىرى سىمىت» (ماتېرىنىڭ بۇددا بىلەن ئۇچرىشىشى) قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلەرنى مۇشۇ يېزىق ئارقىلىق خاتىرىلەپ كېيىنكى ئەۋلادلارغا مىراس قىلىپ قالدۇردى. بۇ يېزىق ئارقىلىق يېزىلغان يادىكارلىقلارنىڭ پەقەت گېرمانىيىدە ساقلىنىۋاتقانلىرىلا 8000 پارچىدىن ئاشىدۇ. بۇ مىراسلار قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىش، ۋە تەتقىق قىلىشتا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرىنى يورۇتۇپ بېرىشتە زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

---

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تىزىسلىرى»، 1987-يىل مىللەتلەر نەشرىياتى.
2. «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئوقۇشلۇقى»، 1977-يىل.
3. «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1-توم.
ئۇيغۇر تىلى ئىملا لۇغىتى 15/7/1985
4. «قەدىمكى تۈركىي تىلى گراماتىكىسى» ئاپتورى ئا.ۋون گاباين. 1988-يىل ئانكارا تۈركچە نۇسخىسى.

# خەنزۇ تىلى دەرسىنىڭ دەرسخانا ئوقۇتۇشى ھەققىدە

نارىمان

مېنىڭ خەنزۇ تىلى دەرسىنى ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقىنىمغا ئون يىلدىن ئاشتى. مۇشۇ ئون نەچچە يىل جەريانىدا، ئوقۇتۇش ئىدىيىسى جەھەتتە ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ، ئوقۇتۇش قانۇنىيىتىگە بولغان تونۇشىمىز ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىپ باردى. بىز بىر ياخشى ئوقۇتۇش ئۈنۈمىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن، ھەرقايسى تەرەققىيات باسقۇچلىرىدا، كونكرېت ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلغان ھالدا، ئىلغار بولغان گرامماتىكىلىق نەزەرىيە ۋە ئۇسۇللارنى قوبۇل قىلىپ، ئۈزلۈكسىز ئىسلاھات قىلىش ۋە يېڭىلىق يارىتىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىمىز. كۆپ يىلدىن بۇيانقى ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا، مەيلى دەسلەپكى ئىزدىنىش باسقۇچىدا بولسۇن، ياكى تەرەققىي قىلىش، يۇقىرى كۆتىرىش باسقۇچىدا بولسۇن، ياكى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، يېڭىلىق يارىتىش باسقۇچىدا بولسۇن، بىز مۇشۇ پىرىنسىپ بويىچە ئىش كۆردۇق. ھەممە ئۇنى ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا تولۇق ئەكس ئەتتۈردۇق. بۇ خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش ئىشلىرىنىڭ ھەقىقەتەن ئۈزلۈكسىز ئالغا بېسىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما ئوقۇتقۇچىنى، دەرسخانىنى، دەرسلىكنى ئاساس قىلىشتىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى ماتارىپ ئىدىيىسى ئۆزگەرمىدى. «ئوقۇتقۇچى سۆزلەش»، «ئوقۇغۇچى ئاڭلاش»تىن ئىبارەت قالاق ئوقۇتۇش ۋاستىسىمۇ ئاساسەن ئۆزگەرمىدى. گەرچە نەچچە ئون يىلدىن بۇيان بۇنداق ياكى ئۇنداق ئوقۇتۇش تەسەۋۋۇرى ۋە سىناقلىرى بولغان بولسىمۇ، ئەمما كۆپ تەرەپلىمە ئامىللار تۈپەيلىدىن، ئىلغار بولغان ئوقۇتۇش ئىدىيىسى، زامانىۋىلاشقان ئوقۇتۇش ۋاستىلىرى تا ھازىرغىچە زور كۆلەمدە كېڭەيتىلىپ قوللىنىلمىدى. نۆۋەتتە، مەكتەپلىرىمىزنىڭ ھازىرقى ھالىتىدىن قارىغاندا، دەرسخانا ئوقۇتۇشى يەنىلا ئوقۇغۇچىلارغا بىلىم بېرىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشتىكى ئاساسىي شەكىل. ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى مەركىزىي ھالقا بولماقتا. دەرسخانا ئوقۇتۇش سۈپىتىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن، ياخشى-ناچار بولۇشى، يەنىلا ئوقۇتۇش سەۋىيىسىنى ئۆلچەشتىكى مۇھىم بەلگە بولماقتا.

بىزنىڭ خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىمىز، ئەزەلدىن قىسقا مۇددەتتە تېز يېتىلدۈرۈش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ، ئوقۇتۇش ۋاقتى قىسقا، ئوقۇتۇش ۋەزىپىسى ئېغىر بولۇپ كەلدى. قىسقىغىنا بىر يىل (ئەمەلىيەتتە ئاران يەتتە-سەككىز ئاي) ۋاقىت ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى كەسىپ ئۆگىنىش ياكى خەنزۇ تىلى سەۋىيىسىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈشتە ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئەڭ ئاساسىي سۆزلەش ئىقتىدارىغا يەتكۈزىمىز. مەيلى ئوقۇتۇش مەزمۇنىنىڭ مىقدارى جەھەتتە بولسۇن، ياكى تىل ماھارىتىنى پىششىق قىلىش دەرىجىسى جەھەتتە بولسۇن، بۇ نىشانىنىڭ تەلىپى خېلى يۇقىرى ھېسابلىنىدۇ. نۆۋەتتە مەن دەرس ئۆتىۋاتقان ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى، گەرچە بىر تۇتاش ئىمتىھان ئارقىلىق قوبۇل قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما جۇغراپىيىلىك شارائىت، ئوقۇتۇش شارائىتى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۈچى قاتارلىق ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشى تۈپەيلىدىن، ئۇلارنىڭ خەنزۇ تىلى سەۋىيىسىدە پەرق بار. ھەتتا پەرقى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ. مانا مۇشۇنداق تۈركۈملىگەن ئوقۇغۇچىلارنى بىر يىل ئىچىدىلا، كەسپىي ئاساسىنى مۇستەھكەملەش بىلەنلا قالماستىن، يەنە ئۇگۇشلۇق ھالدا كەسپىي دەرسلەر ئوقۇتۇشقا كىرگۈزۈش، شۇنداقلا سەۋىيىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئاسان ئىش ئەمەس. شۇڭا «خەنزۇ تىلىدىن ئاساس»دىن ئوقۇتۇش ئىشىغا يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

مېنىڭچە، خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشى بىر تۈرلۈك پەن بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇدۇل كەلگەنلا ئوقۇتقۇچى ياكى ئاز-تولا خەنزۇچە سۆزلىيەلەيدىغان ئادەم ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ئىش ئەمەس، بەزىلەر چەت ئەل تىلى ئوقۇتىدىغانلارنى ئەتىۋارلاپ، خەنزۇ تىلى ئوقۇتىدىغانلارغا سەل قارايدۇ. ئۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشىنى خۇددى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ چەت ئەل تىلى ئۆگىنىشىگە ئوخشاش، ئوخشاشلا ئىككىنچى بىر خىل تىلنى ئۆگىنىش ئىكەنلىكىنى، قىيىنلىق دەرىجىسىنىڭمۇ ئوخشاش ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيدۇ. كۆپ يىللىق ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتىدە، مەن

خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىنىڭ، بىر تۇرلۇك ئىنتايىن جاپالىق كەسپ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

بىر پەن بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە خاس خاراكتېرى ۋە ئالاھىدىلىكى بار. دەرسخانا ئوقۇتۇشىنى ئېلىپ ئېيتساقمۇ، تەتقىق قىلىشقا، ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدىغان نۇرغۇن مەسىلىلەر بار. بولۇپمۇ، ئۆز ئانا تىلى بىلەن خەنزۇ تىلىنىڭ پەرقى ۋە ئوخشاشلىقىنى كۆزىتىش ۋە سېلىشتۇرۇشقا ھەر ۋاقىت دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

«كۆزىتىش ۋە سېلىشتۇرۇش» — مەن كۆپ يىللىق ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا تەدرىجى ھېس قىلغان بىر مۇھىم مەسىلە. بۇ مەسىلىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بىر تەرەپ قىلىش-قىلالماسلىق، ئوقۇتقۇچىنىڭ خەنزۇ تىلى تەربىيىلە-نىشىدىن سىرت، يەنە ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئانا تىلىنى چۈشىنىش دەرىجىسىگىمۇ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. مەسىلەن، مەن سۆزلۈكلەر ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللانغاندا، دائىم مۇنداق بىر تىل ھادىسىگە دۇچ كېلىمەن. خەنزۇ تىلىدىكى بىرقانچە مەنىداش ياكى مەنىسى ئوخشىمايدىغان، ھەتتا ئەكس مەنىدىكى سۆزلەرنى، ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغاندا، ئوخشاشلا بىر سۆز بولۇپ قالىدۇ، بۇنداق «كۆپ سۆز بىرلا سۆزگە تەرجىمە قىلىنىدىغان» سۆزلەر ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشىدىكى بىر قىيىن نۇقتا، شۇنداقلا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان نۇقتا. مېنىڭچە، بۇنداق سۆزلەرنى پەقەت تەرجىمە قىلىپلا بەرگەن بىلەن ئىش ھەل بولمايدۇ، يەنە خەنزۇ تىلى ئارقىلىق نەزەرىيە جەھەتتىن چۈشەندۈرۈشكە، تەھلىل قىلىپ، سېلىشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمما، خەنزۇ تىلىنى ئەمدى ئۆگىنىۋاتقانلارغا نىسبەتەن، بۇ ئۇسۇلنىڭ ئۈنۈمى بېرىشىمۇ تەس بولىدۇ. شۇڭا مەن مۇنداق ئۇسۇل بىلەن ئۇلارنىڭ «پەرقى»نى تەھلىل قىلىپ، ئوخشاشلىق ئىچىدىن پەرقىنى ئايرىۋېلىش مەقسىتىگە يەتتىم. مەسىلەن: خەنزۇ تىلىدىكى« 缺乏 » بىلەن « 缺少 » دېگەن سۆزنى، ئۇيغۇر تىلىدا ئوخشاشلا «كەم» دەپ تەرجىمە قىلىشقا بولىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ ئىككى سۆزنىڭ ئۆز مەنىسىنى چۈشىنىشى ئۈچۈن، مەن ئاغزاكى ياكى دوسكىدا مۇنداق مىسال كەلتۈردۈم.

1. 年轻人比较缺乏经验。

(ياشلارنىڭ تەجرىبىسى بىر قەدەر كەم.)

2. 预科班的同学还缺乏许多医学知识。

(تەييارلىق سىنىپىدىكى ساۋاقداشلاردا تېخى نۇرغۇن مېدىتسىنا بىلىملىرى كەملىك قىلىدۇ.)

3. 我们学校还缺少一名汉语教师。

(مەكتىۋىمىزدە يەنە بىر نەپەر خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىسى كەملىك قىلىدۇ.)

我现在写论文缺少一些材料。

(ھازىر ئىلمىي ماقالە يېزىشقا بىر ئاز ماتېريال كەملىك قىلىۋاتىدۇ.)

يۇقىرىقىدەك سېلىشتۇرغاندىن كېيىن، ئىككى سۆزنىڭ قوللىنىش پەرقىنى ئايرىش ئۈچۈن، مەن يەنە ئايرىم-ئايرىم ھەر بىرىنىڭ قوشۇلىدىغان سۆزلىرىنى كۆرسىتىپ بەردىم.

缺乏←积极性，经验，知识，信心。

缺少←教师，材料，资源，粮食，课本。

يۇقىرىقىدەك قوشۇلۇش مۇناسىۋىتى « 缺乏 »نىڭ ئوبيېكتى كۆپىنچە ئابستراكىت، « 缺少 »نىڭ ئوبيېكتى كۆپىنچە كونكرېت بولىدىغانلىقىنى تەبىئىي ھالدا چۈشەندۈرۈپ بەردى. يەنە مەسىلەن: « 保持 » بىلەن « 保存 » ئىككىلىسى ئۇيغۇرچىدا «ساقلاش» دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ. « 单纯 » بىلەن « 纯净 » ئىككىلىسى «ساپ» دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەر ناھايىتى كۆپ. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، سېلىشتۇرۇلۇشى روشەن بولغان مىساللار ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق پىششىق قوللىنالايدىغان قىلىش، بىر ئۈنۈملۈك ئۇسۇل بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ «ئوخشاش تەرجىمە قىلىدىغان» سۆزلەرنىڭ مەزمۇنى، دەرىجىسى ۋە قوللىنىش جەھەتتىكى پەرقىنى ئايرىۋېلىشقا پايدىلىق.

ياخشى بولغان ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش، خەنزۇ تىلى ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۇ بىز خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىلىرىدىن ئىسلاھات قەدىمىگە يېتىشىۋېلىپ، بىلىم دائىرىمىزنى كېڭەيتىپ، پائال ئىزدىنىپ، قوش تىل ئوقۇتۇشىدا تېخىمۇ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

# 新疆社科论坛(维吾尔文版)

新疆维吾尔自治区社会科学界联合会主办

1997年第1期
(总第35期)

副主编
斯拉木江·谢里甫

## 主要目录

精神文明

邓小平关于精神文明建设的十大战略构想 ……………… 韩振峰 2
论思想政治教育的重点 ……………… 司拉木·玉素甫 11

道德建设

道德建设栏目之序 ……………… 本刊编辑 13
智谋谈德育 ……………… 17
纳瓦依伦理道德思想探讨 ……………… 依不拉音·艾库罗 26

稳定,团结,发展

正确处理宗教问题,加强民族团结 ……………… 热则万·尼亚孜 37

经济,市场,企业

浅析促进少数民族地区经济发展 ……………… 伊米提·吾守尔 40
关于我国建立现代企业制度的必要性 ……………… 吾买尔·白克尔 43

科技,文化

我国古代美学探索 ……………… 灿艾提·吾守尔 46
科研信息 ……………… 玉素甫江·托乎提 49

名人简介

特殊人物和特殊功劳—孙中山、毛泽东、邓小平 ……………… 胡富郭 52
祖·穆·巴布尔 ……………… 古丽那·司马义、米热古丽·艾山 54
哈萨克族科学家、维吾尔学学者桥罕·维里哈诺夫 ……………… 哈德尔·艾克白尔 59

文学,艺术

再谈阿曼尼沙汗的古乡 ……………… 阿不都卡尔·达吾提 60
维吾尔人在清朝时期的文学及特点 ……………… 海·吾斯曼 63

教育,人才

关于影响维吾尔人口素质的教育和经济因素的分析 ……………… 伊里哈木·托乎提 66
人的潜能和时代形象 ……………… 斯拉木江·谢里甫 70

语言,新闻,出版

关于古代回鹘文与它的基本规律 ……………… 布海热·阿布来提 90
论汉语课在教室教学方法 ……………… 娜热曼 95

---

**编委:**阿·热杰甫、阿·热合满、阿·托乎提、怕·斯伊德、买·亚森、买·热杰甫、买·夏依丁、米·伊明、赛·艾萨、图·沙德尔、谢·伊明、斯·谢里甫、斯·艾委都拉

**责任编辑:**斯·谢里甫、凯·柯尤木　　**责任校对:**贾·帕则里

# مۇشتىرىلار دىققىتىگە:

«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، مەملىكەت ئىچىگە ئاشكارا تارقىتىلىدىغان، شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ ئىلمىي ژۇرناللارنىڭ بىرى. بۇ — پەلسەپە، مائارىپ، تارىخ، مەدەنىيەت، ئىقتىساد، تىل، ئەدەبىيات-سەنئەت، پەن-تېخنىكا، دىن، ئەخلاق، باشقۇرۇش، ئارىلىق پەنلەر بويىچە بارلىققا كېلىۋاتقان كۈندىلىك تۇرمۇش ھەم خىزمەتلىرىمىزگە ماياك بولىدىغان كەشپىيات ھەم ئىختىرالارنى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ئىخچام تونۇشتۇرۇپ، ئىلىم-پەننى گۈللەندۈرۈش، خەلقنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلىدىغان يېڭى بىر بىلىم مۇنبىرى. بۇ ژۇرنالنىڭ تەھرىر ھەيئەتلىرى ئالىملار ۋە ئەمەلىي خىزمەت تەجرىبىلىرى مول بىلىملىك رەھبەرلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلار ئادەمنىڭ كامالىتىنى نىشان قىلغان ھالدا سىزنى دانايى-دانىشمەنلەر، پىرى-ئۇستازلار، ھەقىقىي ئىلىم چولپانلىرى، سەنئەتكارلار، ئۇلۇغ ھەكىم ھەم پىسخولوگلار بىلەن ئۇلپەتلەشتۈرۈپ، قەددىڭىزنى رۇسلاپ زامانىۋى قەدەم بېسىشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ. بىز سىزنىڭ بۇ ژۇرنالنى زېرىكمەستىن بىر يىل ئوقۇپ بېقىپ ئاندىن بىر پىكىر بېرىشىڭىزنى سورايمىز! ژۇرنىلىمىزنىڭ بىر يىللىق سانلىرىغا 16.00 يۈەندىن ياكى خالىغان بىر سانىغا 4.00 يۈەندىن تۆلەپ مۇشتىرى بولغايسىز.


ئادرېسى: ئۈرۈمچى «يەنئەن» يولى 46-قورۇ

«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

ئالاقىلاشقۇچى: ليۇسۇچىڭ، تېلېفون نومۇرى: 2862025


«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» 《新疆社科论坛》

مەملىكەت بويىچە ئاشكارا تارقىتىلىدۇ 全国公开发行


ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ نەشر ئەپكارى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك مىللىي باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: 1/CN65—1147/C

پوچتا ئارقىلىق مۇشتىرى بولۇش نومۇرى: 136—58

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ. مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا مۇشتىرى قوبۇل قىلىنىدۇ.

باھاسى: 4.00 يۈەن

ئورنى ئۈرۈمچى يەنئەن يولى 46-قورۇ پوچتا نومۇرى: 830001

تېلېفون: 2861273 تېلېگرامما: 3027

مۇقاۋىنى ئوبۇلقاسىم ئەمەت لايىھىلىگەن